www.islamyoli.net

باقى ئادەم

# سىلىشتۇرما دىنلار تارىخى

تۈركچىدىن  ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇررەشىد

## 1. بۆلۈم : سىلىشتۇرما دىنلار تارىخىغا كىرىش

### 1. تەبىرى، تېمىسى ۋە مېتودى

سىلىشتۇرما دىنلار تارىخى دىنلارنىڭ ئوخشاش تەرەپلىرى بىلەن پەرقلىق تەرەپلىرىنى سىلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان بىر  ئىلىمدۇر. بۇ ئىلىم ئۈچ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار: سىلىشتۇرۇش، تارىخ ۋە دىندىن ئىبارەت.  بۇنىڭدىكى سىلىشتۇرۇش بۇ ئىلىم ساھەسىنىڭ ئومۇمى مېتودىنى كۆرسىتىدۇ.  تارىخ سۆزى بۇ ئىلمىنىڭ بىر تارىخ ئىلمى ئىكەنلىكىنى، دىن بولسا بۇ ئىلمىنىڭ تېمىسىنىڭ دىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىخ ئىلمىنىڭ ھەرخىل تۈرلىرى بار. تېمىسىغا قاراپ بۇ تۈرلەر ھەرخىل ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ. پەلسەپىنىڭ تارىخى تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان ساھە پەلسەپە تارىخى، قانۇننىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان ساھە قانۇن تارىخى دېيىلىدۇ. ئىنسان ھاياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان دىنلارنى ئاساسى تېما قىلغان تارىخ ئىلمى سىلىشتورما دىنلار تارىخى ياكى دىنلار تارىخى دېيىلىدۇ.

سىلىشتورما دىنلار تارىخى تارىختىن بۇيان كۈنىمىزگىچە مەۋجۇت بولغان بارلىق دىنلارنى  مۇستەقىل مەيداندا تورۇپ سىلىشتورۇپ تەتقىق قىلىدىغان بىر ئىلىمدۇر. بۇ سەۋەپتىن، سىلىشتۇرما دىنلار تارىخى مەلۇم بىر دىننى قوغداشنى ئاساس قىلىدىغان ئىلاھىيەت ئىلمىدىن پەرقلىنىدۇ.  بۇ ئىلىم بارلىق دىنلارغا ئوخشاش  مۇئامىلە قىلىدۇ. دىنلارنى ھەق ياكى باتىل دەپ باھالىمايدۇ. دىنلارنى مەلۇم بىر قېلىپقا كىرگۈزۈپ ئىزاھات بەرمەي ئەينەن ئاڭلىتىدۇ. بىردىن كۆپ دىننى تەتقىق قىلىشنى ئاساسى تېما قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىلىم ساھەسى  ئىسلام تارىخى، خرىستىئانلىق تارىخىغا ئوخشاش پەقەت بىرلا دىننىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم ساھەلىرىگە ئوخشىمايدۇ.

سىلىشتۇرما دىنلار تارىخى ئۆتمۈشتە ۋە كۈنىمىزدە مەۋجۇت بولغان پۈتكۈل دىنلارنى تەتقىقات تېمىسى قىلىدۇ. بۇ تەتقىقاتتا دىنلارنىڭ بارلىققا كېلىشى،

تەرەققىياتى، بىر-بىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، سىلىشتۇرما تارىخلىرى، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق سىستېمىلىرى، دىنىي جەمىيەت ۋە مەزھەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سېلىشتۇرما دىنلار تارىخىنىڭ مېتودى نېمە؟**

سېلىشتۇرما دىنلار تارىخىنىڭ ئاساسى مېتودى تارىخى سېلىشتۇرمىشۇناسلىق مېتودىدۇر. سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى ۋە يوقۇلىشى قاتارلىق باسقۇچلارنى تارىخى سېلىشتۇرمىشۇناسلىق مېتودى بىلەن تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ئىلىم ساھەسى پەلسەپىگە ئوخشاش ئەقلى كۈچلەر بىلەن دىنىي ئامىللارنى ئىزاھلاشقا تىرىشمايدۇ. ئۇنىڭ مەنبەسى تارىختىن، مەۋجۇتلۇقتىن ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن ھاياتتىن كېلىدۇ. بۇ ئىلىم تارىخى سېلىشتۇرما مېتودىنى قوللىنىپ، بىر دىنىنىڭ ياكى دىنلاردىكى بىر ھادىسىنىڭ قانداق ئوتتۇرىغا چىقىپ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: خرىستىئانلىقتىكى ئۈچلۈك تەڭرى ئەقىدىسىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى جەريانىنى خرىستىئانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا دىنلاردىكى تەڭرى چۈشەنچىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## 2. سېلىشتۇرما دىنلار تارىخىنىڭ دىنىي بىلىملەر ئىچىدىكى ئورنى

دىن ئىلىملىرى دىنلارنى تەتقىق قىلىشنى تېما قىلغان ۋە دىنلارغا ئوبيېكتىپ قارايدىغان ئىلمى ساھەلەردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپقا بېرىلگەن ئىسىمدۇر. دىنلارنى قوغدايدىغان بىلىملەرگە ئىلاھىيەت دېيىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن دىنىي بىلىملەر بىلەن ئىلاھىيەت بىلىملىرىنى ئۆز ئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. دىن بىلىملىرىنىڭ تېمىسى تۆۋەندىكىدەك بولۇپ، دىن بىلىملىرى يەرشارىدا مەۋجۇت بولغان بارلىق دىنلارنى بارلىققا كېلىشىدىن باشلاپ، تەرەققى قىلىش ۋە يوقۇلىشىغا قەدەر بولغان باسقۇچلىرىنى تەتقىقات تېمىسى قىلىدۇ. دىنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق سىستېمىلىرى، جەمئىيەتلەرنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرى قاتارلىق تېمىلار دىن بىلىملىرىنىڭ ساھەسىگە كىرىدۇ. يەنە دىنىي مۇراسىم، تەجرىبە، غايە، ئۈمىت- تەلەپ، ھىس-تۇيغۇ، ھايات بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەر بۇ ئىلىم ساھەسىنىڭ تەتقىقات تۈرىگە كىرىدۇ. بۇلار بىلەن بىرگە دىن بىلەن ئىلىم، ئەدەبىيات، پەلسەپە، سەنئەت، سىياسەت ۋە ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، دىنلارنىڭ ئۆز- ئارا تەسىرى، ھەتتا ئاتېئىزم قاتارلىق ساھەلەرمۇ دىن بىلىملىرىنىڭ ساھەسىگە كىرىدۇ.

بۇنداق كەڭ دائىرىلىك تەتقىقات ساھەسى دىن بىلىملىرى دائىرىسىدىكى بىلىم تۈرلىرىنى ئۆز ئارىسىدا تەقسىم قىلىدۇ. سېلىشتۇرمىشۇناسلىق دىنلار تارىخى (باشقا بىر ئاتاش بىلەن دىنلار تارىخى) بۇ خىل بىلىم تۈرلىرىدىن بىرىسىدۇر.

## 3. ئىسلام ئاساسى بىلىملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

سېلىشتۇرمىشۇناسلىق دىنلار تارىخى دىننى ئوبيېكتىپ بىر شەكىلدە تەتقىق قىلىدىغان دىنىي بىلىملەر ئىچىدىكى بىر بىلىم تۈرىدۇر. بۇنىڭدا شەكلى ۋە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ باھا بېرىلمەيدۇ. يەنى تەتقىق قىلغان تېمىلارنى توغرا ياكى خاتا دەپ يەكۈن چىقارمايدۇ. ئىسلام ئىلىملىرى بىر دىنىنىڭ يەنى، ئىسلامنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىلاھىيەت بىلىمىدۇر. تېما ۋە مېتود جەھەتتە ئوخشىماسلىقلار بار. سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى ئىسلام بىلىملىرى دائىرىسىدە بولمىسىمۇ، ئەمما مېتود ۋە مەنبە جەھەتتىن بۇ ساھە بىلەن ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى خىرىستىئان ئىلاھىيەت مەكتەپلىرىدە سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى بىلەن ئىلاھىيەت بىلىملىرى ئوتتۇرىسىدا بىر باغلىنىش قۇرۇلغان. سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى تەبىئەت ۋە ئىنسان تەجرىبىلىرىدىن ئالغان بەزى مېتودلارنى ئىلاھىيەت بىلىملىرىمۇ قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىغان. مۇستەقىل مەيداندا تورۇش ۋە توغرا تارىخى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىش سېلىشتورما دىنلار تارىخىنىڭ ئىلاھىيەت ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسىدۇر. خىرىستىئان ئىلاھىيەت مەكتەپلىرىدە سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى تەبىئەت ۋە ئىنسان بىلىملىرى بىلەن ئىلاھىيەت بىلىملىرى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى خىرىستىئان ئىلاھىيەت ئىلمىگە تۆھپە قوشقىنىغا ئوخشاش، ئىسلام ئاساسى بىلىملىرىگىمۇ تۆھپە قوشۇشى مۇمكىن. ھەتتا ئىسلام ئاساسى بىلىملىرى بۇ تۆھپىگە خىرىستىئان ئىلاھىيەت ئىلمىگە قارىغاندا تېخىمۇ لايىقتۇر. ھازىر سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى بىلەن ئىسلام ئاساسى بىلىملىرى ئوتتۇرىسىدا قانداق بىر مۇناسىۋەت بارلىقىنى تەتقىق قىلايلى.

سېلىشتۇرما دىنلار تارىخىنىڭ ئىسلام ئاساسى بىلىملىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

### 3.1. تەپسىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

www.islamyoli.net

تەپسىر قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى توغرا تەرجىمە قىلىش ۋە ئىزاھلاشنى تېما قىلىدىغان بىر بىلىم تۈردۇر. تەپسىر ئىلمى بۇ مەقسەدكە يېتىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئىلمى ساھەلەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ ئىلىم ساھەلىرىدىن بىرسى سېلىشتۇرما دىنلار تارىخىدۇر.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، تەپسىرنىڭ تېمىسى بولغان قۇرئانى-كەرىم ئۆتمۈشتىكى قەۋملەر ۋە بۇ قەۋملەرنىڭ ئېتىقادلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ، ئەمما بۇ ھەقتە يەر ۋە ۋاقىتنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. تەپسىرشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار قۇرئانى-كەرىمنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلىدۇ. ئەمما بۇ تەپسىرلەرنىڭ بەزىلىرى تەپسىر ئۇسۇلىدا «ئىسرائىلىيات» دېيىلىدىغان ئەپسانىۋى ھېكايىلەردىن ئىبارەت.

بۇ جەھەتتە سېلىشتۇرما دىنلار تارىخىدىن پايدىلىنىپ، تەپسىر كىتاپلىرىدىكى بۇ خىل ھېكايىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىگە قاراپ چىققىلى بولىدۇ. يەنە سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى تەمىنلىگەن ماتېرىياللار ۋاستىسى ئارقىلىق قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەرنى تارىخى ھەقىقەتلەرگە ئۇيغۇن ئىزاھلىغىلىمۇ بولىدۇ.

### 3.2. ھەدىس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ھەدىس ئىلمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بولغان ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە دېيىلگەندەك ھەدىسلەرمۇ قەدىمقى قەۋملەر ۋە ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، ئەقىدە، ئىبادەتلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى تەمىنلىگەن ماتېرىياللار ئارقىلىق بۇ خىل ھەدىسلەرنى تېخىمۇ توغرا ئىزاھلاش مۇمكىندۇر. سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ ياكى ئەمەسلىگى مەسىلىسىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. قۇرئانى-كەرىمنىڭ روھىغا ۋە ئومۇمى جەھەتتىن ئىسلامنىڭ مەزمۇنىغا زىت كېلىدىغان بەزى ھەدىسلەرنىڭ مەنبەسىنىمۇ سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى ماتېرىياللىرى بىلەن تەكشۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ.

### 3.3. فىقھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

فىقھ ئىلمى ئۆزىگە خاس مېتودلار بىلەن قۇرئانى-كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن كېلىپ چىققان قائىدە—تۈزۈملەرنى تەتقىق قىلىپ تەرتىپكە سالىدۇ. بۇنداق تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا قائىدە-تۈزۈم قويغۇچى ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىدۇ.

قۇرئاندا كۆرسىتىلگەندەك، ئاللاھ ئىلگىرىكى خەلقلەرگە پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق قائىدە-تۈزۈم ئورناتقان. ئىنسانلار بۇ قائىدە-تۈزۈملەرنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ، بۇنىڭغا قارىتا كۆپلىگەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بولۇپمۇ يەھۇدى ۋە خرىستىئانلارنىڭ بۇ ساھەدىكى تەجرىبىلىرى فىقھىچىلارغا مۇھىم تۆھپە قوشقان. بۇنىڭدىن باشقا سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى ئىلگىرىكى قەۋملەرگە ئەۋەتىلگەن دىنىي ھۆكۈملەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، ئوخشاش ھۆكۈملەر ھەققىدە فىقھىچىلارغا سېلىشتۇرۇش ئىمكانى يارىتىپ بەرگەن. بۇ سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە فىقھىچىلار ھۆكۈم قويغۇچىنىڭ مەقسىدىنى چۈشىنىشكە، قايسى ھۆكۈمدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى تېپىشقا تىرىشقان. مىراسقا مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل ھۆكۈملەر بۇ ساھەگە تۆھپە قوشقان بولىشى مۇمكىن. ئاللاھ ئىلگىرى ئەۋەتكەن تەۋراتتا ئەر كىشى بار يەردە ئايالغا مىراس ھەققى تونىمىغان. بۇ ھۆكۈم قۇرئانى-كەرىم كەلگۈچە ئۆزگەرمىگەن. قۇرئانى-كەرىم چۈشكەندىن كېيىن بۇ ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ئەر بىلەن بىرگە ئايالغىمۇ مىراس ھەققى تونىغان. پەقەت قۇرئانى-كەرىم نازىل بولغان دەۋردىكى ئىجتىمائى ۋەزىيەتكە قاراپ، ئەرگە ئايالغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە ئارتۇق مىراس بېرىش تەۋسىيە قىلىنغان. فىقھىچىلار بۇ تەۋسىيەگە ئاساسەن كۈنىمىزدىكى ئىجتىمائى ئەھۋاللارغا قاراپ، ئوخشاش تەقسىم قىلىش مەسىلىسىنى مۇنازىرە قىلسا بولىدۇ.

## 3.4. كالام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

كالام ئىلمى بىلەن ئىسلامنىڭ ئىقتىسادى ئاساسلىرىنى قۇرئان كەرىم نۇرى ئاستىدا ساغلام ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ. كالام ئىلمى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى، پەيغەمبەرلىك، ۋەھيى، ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەردە دەۋرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى بىر ئاساسقا تۇرغۇزۇشنى مەقسەت قىلىدىغان بىر ئىلىم ساھەسىدۇر. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى، پەيغەمبەرلىك، ۋەھيى، ئاخىرەت، ئىمان، ئادالەت قاتارلىق مەزمۇنلار كالام ئىلمىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.
سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى بۇ ساھەنىڭ تەتقىق قىلىنىشىدا كالام ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنە باشقا دىن ۋە مەدەنىيەتلەردىن كېلىپ ئىسلامنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئېتىقادلارنىڭ مەنبەسى ھەققىدىمۇ مەلۇماتقا ئىگە قىلىدۇ. كالامچىلار بۇ مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ ساغلام بىر ئېتىقاد سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ.

4. باشقا دىنلارنى ئۆگىنىشنىڭ ئىسلامدىكى ئەھمىيىتى

بەزى ئىنسانلار ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنلاردىن باشقا دىنلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ. يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولغان باشقا ئەقىدە ۋە ئىبادەت ئۇسۇللىرىنى باتىل ياكى بۇزۇلغان دەپ قاراپ، بۇ دىنلار ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنى پايدىسىز دەپ قارايدۇ. بۇ سەۋەپتىن، بارلىق دىنلارنى ئوخشاش كاتىگورىيىدە قويۇپ تەتقىق قىلىشنى ئاساسى مەقسەت قىلىدىغان سېلىشتۇرما دىنلار تارىخىغا ياخشى كۆز بىلەن قارىمايدۇ.

باشقا دىنلارنى تەتقىق قىلىش ئىسلامنى تەتقىق قىلىشقا قانداق پايدا يەتكۈزىدۇ؟

باشقا دىنلار ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنىڭ ھېچقانداق زىيىنى بولمىغىنىدەك ، ئەكسىچە كۆپلىگەن پايدىلىرى بار. ئەبۇلھەسەن ئەننەدەۋى «ئەل ئەركانۇل ئەربائا» ناملىق سېلىشتۇرما ئىبادەت تارىخىنى تەتقىق قىلغان كىتاۋىدا باشقا دىنلارنى بىلىشنىڭ ئىسلامىي جەھەتتىن پايدىسى ھەققىدە ھەزرىتى ئۆمەردىن بىر سۆز نەقىل كەلتۈرگەن. بۇ سۆزدە ھەزرىتى ئۆمەر: «ئىسلامدىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت ئادەتلىرىنى بىلمىگەن بىر ئىنساننىڭ ئىسلامغا زىيان كەلتۈرىشىدىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتقان.» باشقا دىنلارنى بىلىشنىڭ ئىسلامغا كەلتۈرگەن پايدىسى ئىسلام ئەدەبىياتىدا «ئىسرائىلىيات» دەپ ئاتىلىدىغان ساھەنىڭ تېخىمۇ روشەن بىلىنىشىدىمۇ پايدىسى بار.
مەلۇم بولغىنىدەك، ئىسلام 14 ئەسىردىن بۇيان ھەرخىل دىن ۋە مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ كەلدى. ئىسلامغا كىرگەن ئىنسانلار ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەردىن بەزى ئادەتلەرنى يىڭى دىنغا (ئىسلامغا) ئېلىپ كىردى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئادەتلەر ئىسلامغا ئارىلىشىپ قالدى. باشقا دىنلارنى بىلىشنىڭ ئىسلامغا كىرىپ قالغان بۇ ئەجنەبى ئادەتلەرنىڭ بىلىنىشىدىمۇ پايدىسى بار.
باشقا دىنلار ھەققىدە مەلۇمات ساھىبى بولۇش دۆلىتىمىزدە كەڭ-كۆلەمدە داۋاملىشىۋاتقان مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرىنىڭ بىلىنىشى جەھەتتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كۈنىمىزدە ھەرخىل خرىستىئان تەشكىلاتلىرىغا ۋە يىڭى دىنىي ھەرىكەتلەرگە مەنسۇپ مىسسىئونېرلار دۆلىتىمىزدە مىسسىئونېرلىك قىلىۋاتىدۇ. ئۆزلىرىنى مەسىھكە ئىشەنگۈچىلەر دەپ تونۇتقان خرىستىئان گۇرۇپلار، مورمۇنلار، ياھوۋا شاھىتلىرى ۋە باھائى قاتارلىق يىڭى دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەنسۇپلىرى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈن بۇلارنى بىلىش كېرەك.

كۈنىمىزدە دىنلار ئارا دىئالوگ تېمىسى تۈركىيەنىڭمۇ كۈن تەرتىپىگە كەلدى. دۆلىتىمىزدە بۇ ھەقتە ھەرخىل ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلىپ، ھەرخىل كىتاپلار نەشىر قىلىنماقتا. دىنلار ئارا دىئالوگنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە بۇ خىل يىغىنلارغا قاتنىشىش ئۈچۈن باشقا دىنلارنىمۇ بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

باشقا دىنلار ھەققىدە مەلۇمات ساھىبى بولۇشنىڭ دىنىي خىزمەتلەرگىمۇ پايدىسى بار. دىنىي خىزمەتلەرنى قىلىدىغان ئادەم ئەينى ۋاقىتتا داھى ۋە خەلقنىڭ زىيالىسىدۇر. ئىنسانلار باشقا دىنلارغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى گېزىت ۋە تېلىۋىزورلاردىن ئوقۇپ، دىنىي خادىملاردىن سوراۋاتىدۇ. بۇ سۇئاللارغا توغرا ۋە مەنتىقىلىق جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن ئىسلامنىڭ سىرتىدىكى دىنلارنى بىلىشنىڭ ئەھمىيىتى زوردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا دىنلارنى بىلىش:

1. مەدەنىيەتلەر ھەققىدە دەسلەپكى ساۋاتقا ئىگە بولۇش،
2. باشقا دىن مەنسۇپلىرى بىلەن ساغلام مۇناسىۋەت ئورنىتىش،
3. مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرىنى بىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش،
4. ئىسلامنى باشقا دىن مەنسۇپلىرىغا ياخشى تەبلىغ قىلىش،
5. ئىسلامغا ئارىلىشىپ قالغان خۇراپاتلارنى بىلىش،
6. كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىمىزنى تونۇپ يېتىش،
7. ئىسلامنى كۈنىمىز شەرتلىرىگە ئۇيغۇن چۈشەندۈرۈش ۋە ياشىغىلى بولىدىغان بىر دىن شەكلىگە كەلتۈرۈش،
8. دىنىي خىزمەتلەرنى تېخىمۇ نەتىجىگە ئىگە قىلىشتا مۇھىم پايدىسى بار.
5. تۈركىيەدە سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى ئىلمى تەتقىقاتىنىڭ قىسقىچە تارىخى

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس-شەرىفلەردە باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىنسانلار ھەققىدە مەلۇمات بار. بۇلار يەھۇدى، خرىستىئان، سابىئى، مەجۇسى ۋە بۇتپەرەسلەردۇر.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس-شەرىفلەردە بۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ زىكىر قىلىنىشى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن باشلاپ ئالىملارنىڭ دىققىتىنى تارتقان. بۇ ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىش، ھەرخىل مەسىلىلەردە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ تەنقىت قىلىنىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. يەنە باشقا دىن ۋە ئەقىدىلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، كېيىن ئىسلامغا كىرگەن بەزى ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىكى ئەقىدىلىرىدىن بەزىلىرىنى يېڭى دىنغا ئىسلامغا كۆتۈرۈپ كىرىشى، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىشلارغا سەۋەپ بولغان. بۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن مۇسۇلمان ئالىملار ئىسلامنىڭ سىرتىدىكى دىنلارنى تەتقىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

www.islamyoli.net

ھجرى 1ـ ئەسىردىن باشلاپ سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى تەتقىقاتىنىڭ كۆپ قىسمى باشقا دىنلارنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان. بۇخىل تەتقىقاتلار كۆنىمىزدىكى سېلىشتۇرما دىنلار تارىخىنىڭ مەقسەت ۋە ئۇسۇللىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە باشقا دىنلارنى مۇستەقىل تەتقىق قىلىدىغان پائالىيەتلەرمۇ بولغان. ئەبۇلمەئالى مۇھەممەد ئىبنى ئۇبەيدۇللا (ۋاپاتى: ھجرى 485/ مىلادى 1092)نىڭ «بەيانۇل ئەديان» ناملىق ئەسىرى بىلەن بىرونى (ۋاپاتى: ھجرى 440/ مىلادى 1048) نىڭ «ئەل ئاسارۇلباقىيە» ۋە «كىتابۇتتاھكىك مالىل ھىندى» ناملىق ئەسەرلىرى بۇخىل تەتقىقاتلارنىڭ بەزىلىرىدىن ئۆرنەكلەردۇر. بولۇپمۇ بىرونىنىڭ يۇقىرىقى كىتابى كۆنىمىز سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى تەتقىقاتىدا ئىسلام دۇنياسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ جەھەتتە سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى تەتقىقاتى ئىسلام دۇنياسىدا خرىستىئانلاردىن كۆپ ئىلگىرى باشلانغانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. پەقەت كېيىنكى يىللاردا بۇ خىل تەتقىقاتلار بۇ سۈرئەتتە داۋام قىلمىغان. 18ـ ئەسىردىن باشلاپ بۇ ساھەدىكى ئۇستۇنلۇكنى خرىستىئانلار ئىگەللىگەن. سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى زامانىۋى بىر ئىلىم سۈپىتىدە غەرپ ئونىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇتۇلۇشقا باشلىغان.

دۆلىتىمىزدە سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى ساھەسىدە قانداق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى؟

غەرپ دۆلەتلىرىدىكى بۇ تەرەققىياتلارغا ئەگىشىپ دۆلىتىمىزدىمۇ سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى ساھەسىدە تەتقىقاتلار باشلاندى. ئىسلام دۇنياسىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى غەربتىكى تەتقىقاتلاردىن پايدىلىنىپ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا «تارىخى ئەديان» نامى ئاستىدا تەتقىق قىلىشقا باشلىدى.

سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى ھەرخىل ناملار بىلەن مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلۇشقا باشلىدى. دارۇلفۇنۇن ئەدەبىيات پاكولتېتى 1874ـ يىلىدا دەرس پروگراممىسىغا «تارىخى ئومۇمى» ۋە «دىنىي ئەساتىرىل ئەۋۋەلىن» ناملىق بىر دەرس كىرگۈزدى. 2ـ مەشرۇتىيەتتىن كېيىن «ئۇلۇمى شەرئىيە» دەرس پروگراممىسىغا ئالتە سائەت «تارىخى دىنىي ئىسلام» ۋە «تارىخى ئەديان» دەرسلىرى بىرلىكتە كىرگۈزۈلدى. كېيىنكى دەرسلىك تۈزۈشلەردە بۇ دەرس پروگراممىلىرىغىمۇ يەر بېرىلدى.

جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن قۇرۇلغان ئىلاھىيەت پاكولتېتلىرىدا سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى دەرسى «تارىخى ئەديان» نامى ئاستىدا ئوقۇتۇلدى. 1933ـيىلىدا بۇ پاكولتېتىنىڭ تاقىلىشىدىن كېيىن قۇرۇلغان ئىسلام تەتقىقات ئىنىستىتوتلىرىدا «ئومۇمى دىنلار تارىخى» ئىسمى ئاستىدا بۇ دەرسنىڭ ئوقۇتۇلىشىغا داۋام قىلىندى. 1949– يىلىدا ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان ئىلاھىيەت پاكولتېتىدا ئونىڭغا ئەگىشىپ قۇرۇلغان ئىمام-خاتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ۋە يۇكسەك ئىسلام ئىنىستىتۇتلىرىدا بۇ

دەرس دىنلار تارىخى نامىدا ئوقۇتۇلدى. كۈنىمىزدە 20 دىن كۆپ ئىلاھىيەت پاكولتېتىدا دىنلار تارىخى بۆلۈمى بار. بۇ بۆلۈم دىنلار تارىخى، سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى ۋە دىن فىنومېنولوگىيىسى ئىلمى قاتارلىق تارماق تۈرلەردىن تەركىب تاپتى. تولۇق كۇرس سەۋىيەسىدە دىنلار تارىخى ۋە تاللاپ ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەر ئىچىدە دىنلار ئارا مۇناسىۋەتلەر دەرسى بىلەن سېلىشتۇرما خەلق ئەقىدىلىرى دەرسى ئوقۇتۇلۇۋاتىدۇ. ماگىستىر ۋە دوكتۇر دەرسلىرىدە مەخسۇس ساھەلەر دەرسى ئوقۇتۇلماقتا.

ئوسمانلىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ كۈنىمىزگىچە سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى ساھەسىدە 70 ئىلىم ئەھلى بىلەن بىرلىكتە ھەر ساھەدىكى تەتقىقاتچىلار يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئەھمەت مىدھەد ئەپەندى: «تارىخى ئەديان»، 1911
2. مەھمۇد ئەسئەد ئىبنى ئەمىن سەيدىشەھىر: «تارىخى ئەديان»، 1912-1915
3. ئەسئەد: «تارىخى ئەديان» 1912
4. شەمسىددىن گۈنئالتاي: «تارىخى ئەديان»، 1922
5. ھى. ئۆمەر بۇددا: «دىنلار تارىخى»، 1935
6. ئۆمەر رىزا دوغرۇل: «يەر يۈزىدە دىنلار تارىخى»، 1947
7. ئاننە مارىئە سىچىممەل: «دىنلار تارىخىغا كىرىش»، 1955
8. مۇھەممەد توپلاماچىئوغلۇ: «سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى»، 1966
9. ھۈسەيىن گى، يۈردايدىن، مۇھەممەد داغ: «دىنلار تارىخى»، 1978
10. ئەھمەد قەھرىمان: «دىنلار تارىخى»، 1984
11. ئەكرەم سارىقچىئوغلۇ: «باشلانغۇچتىن كۈنىمىزگىچە دىنلار تارىخى»، 1983
12. گۈناي تۈمەر، ئابدۇراخمان كۈچۈك: «دىنلار تارىخى»، 1997
13. شابان قوزغۇن: «دىنلار تارىخى» قەيسەرى، 1998
14. مۇھەممەد ئايدىن: «دىنلار تارىخىغا كىرىش» 1996.

2. بۆلۈم . دىنىنىڭ ماھىيىتى

1. دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار ۋە مەنالىرى

«دىن» سۆزى تىلىمىزغا ئەرەپچىدىن كىرگەن. بۇ سۆز ئەرەپ تىلى ۋە قۇرئانى-كەرىمدە ھەرخىل مەنالاردا بايان قىلىنغان. دىن كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى مۇنداق ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

ئا) قانۇن، ھېساپ، ھۆكۈم، جازا، مۇكاپات

ب) ھۆرمەت، ئىتائەت، تەسلىمىيەت، خىزمەت، ئىبادەت
ت) غالىپ كېلىش، باشقۇرۇش
پ) ئادەت، يول، مەزھەپ، مىللەت

ئەرەپچىگە ئوخشاش باشقا تىللاردىمۇ دىننى ئىپادىلەش ئۈچۈن بەزى سۆزلەر قوللىنىلغان. مەسىلەن: يەھۇدىلارنىڭ تىلى ئىبرانىچىدە قانۇن، ھۆكۈم مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «دات»، ھىندىلارنىڭ تىلى سانسكىرتچىدە ئەزەلى، ئەبەدى ھەقىقەت مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «ساناتانا دارما» كەلىمىسى بار. غەرب تىللىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىشلىتىلىدىغان «رەلىجىن» سۆزى لاتىنچىدە ھۆرمەت، تازىم، ئەستايىدىللىق قاتارلىق مەنالىرىنى ئىپادىلەيدىغان« رەلىژئىۇ» تۈپ سۆزىدىن كەلگەن.

## 2. دىنىنىڭ تەبىرى

كۈنىمىزگىچە كۆپلىگەن دىن تەبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ تەبىرلەر دىنغا بولغان كۆزقاراشقا قاراپ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بىر دىنغا مەنسۇپ بولغانلار دىنغا ئۆز ئەقىدىسىگە ئاساسەن تەبىر بەرگەن. دىننى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن تەتقىق قىلغان ئىلىم ئەھلىلىرى نەتىجىگە قاراپ دىنغا تەبىر بەرگەن. بۇ تەبىرلەرنىڭ ھېچ بىرسى دىنىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويالىغان تەبىرلەر ئەمەستۇر. بۇنىڭ سەۋەبى دىنلارنىڭ پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىدا.

### 2.1. دىنشۇناسلارنىڭ تەبىرى

دىنىي ئىلىملارنىڭ ھەرخىل ساھەلىرىدە مۇتەخەسسىس بولغان دىنشۇناسلار دىنغا ئۆزىگە خاس بىر تەبىر بەرگەن. كۈنىمىزگىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان دىن تەبىرلىرى نورمال بىر كىتاپ ھەجىمىنى تولدۇرىدىغان دەرىجىدە كۆپتۇر. پەقەت بۇ دىنشۇناسلار دىنغا ئۆز ساھەسى بويىچە تەبىر بەرگەن. مەسىلەن: دىنغا دىن جەمىيەتشۇناسلىقى جەھەتتىن قارىغان ئەمىل دۇرھەئىم دىننى: «بىر جامائەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان مۇراسىم ۋە ئەقىدىلەر سىستېمىسىدۇر» دېگەن. دوركھەئىم بۇ تەبىرىدە دىنىنىڭ جەمىيەتتىكى ئىجتىمائى رولىنى دىققەتكە ئالغان. دىن: «دۇئا، قۇربان ۋە ئەقىدىسى بىلەن ئۆزىنى ئىپادە قىلىدىغان بىر ئارزۇدۇر» دېگەن فەئۇرباك دىنغا دىن پسىخولوگىيىسى جەھەتتىن تەبىر بەرگەن. بۇ يەردە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر نەچچە

www.islamyoli.net

تەبرنى ئېيتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. پەقەت بۇ ئىككى مىسالدىن دىن ئالىملىرىنىڭ دىنغا بەرگەن تەبرلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
دىنشۇناسلار يۇقىرىقى ئىككى ئۆرنەكتە بەرگەن دىن تەبرلىرىدە مۇقەددەسلىك ئىپادىسى، ئەقىدە، زېھنى تالانتى، مۇتلەق ئىتائەت ھىسسىياتى، ئارزۇ، ئىجتىمائى ئەخلاق چۈشەنچىسى، تەبىئەتتىن ھالقىغان مەۋجۇدىيەت ۋە ئاللاھ چۈشەنچىسى قاتارلىق ئامىللارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. دىنشۇناسلارنىڭ ھەر بىرى بۇ چۈشەنچىلەردىن بىرىگە تايىنىپ دىنغا تەبر بەرگەن. بۇ تەبرلەردىكى ئوخشىماسلىق ئىككى سەۋەپتىن كېلىپ چىققان. بۇ سەۋەپلەردىن بىرسى دىننىڭ ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرى، يەنە بىرى دىنغا تەبر بەرگۈچىلەرنىڭ سوبيېكتىپ يەنى مۇستەقىل چۈشەنچە ئوتتۇرىغا قويالمىغانلىقىدۇر.

## 2.2. ئىسلام ئالىملىرىنىڭ دىنغا بەرگەن تەبرى

ئىسلام ئالىملىرى دىنغا ھەرخىل تەبرلەرنى بەرگەن. ئۇلارنىڭ قارشىدا كۆپلىگەن ئورتاقلىقلار بار. سەييىد شەرىف جۇرجانى (ۋاپاتى: ھىجرى 816، مىلادى 1413) دىنغا مۇنداق تەبر بەرگەن: «دىن ئەقىل ئىگىلىرىنى پەيغەمبەرلەر بىلدۈرگەن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرىدىغان ئىلاھى قانۇندۇر.»

ئىسلام ئالىملىرى دىنغا تەبر بەرگەندە نېمىلەرنى ئاساس قىلغان؟

جۇرجانىنىڭ بۇ تەبرىگە تاھاناۋى تېخىمۇ كۆپ ئىزاھات بېرىپ مۇنداق دېگەن: «دىن ئەقىل ئىگىلىرىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن دۇنيادا ئىسلامغا، ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ.»
جۇرجانى ۋە تاھاناۋى دىنغا تەبر بېرىشتە ئەقىل، ئەركىن ئىرادىگە ئەھمىيەت بەرگەن. چۈنكى ئىسلامدا دىن ئەقىل ئىگىلىرىگە خىتاپ قىلىدۇ. دىندا ئەركىن تاللاش ئاساس بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىمگە مەجبۇرلاش يوق. بۇ جەھەتتىن جۇرجانى ۋە تاھاناۋىنىڭ دىن تەبرلىرىدە ئىنسان مەركەز قىلىنغان. دىن ئىنسان ئۈچۈن مەقسەت ئەمەس، بەلكى بىر ۋاستە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. بۇ ۋاستە ئىنساننى دۇنيا ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتتا بەخت-سائادەت، خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدىغان بىر ۋاستىدۇر. بارلىق دىنلار ئىنسانلارنىڭ نىجاتلىقىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ نىجاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قىسىم ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىدىن تەركىپ تاپقان بىر رېتسىپ

بىرلىگەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە تاھاناۋىنىڭ تەبىرىنى بارلىق دىنلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان ئومۇمى بىر دىن تەبىرى دەپ قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

### 2.3. دىننى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللارغا ئاساسەن تەبىر بېرىش

دىننى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللارغا ئاساسەن دىنغا باھا بېرىش ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئاساسى ۋە تارىخى تەرەققىياتىنى تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دىن تارىخى بىر ۋەقە سۈپىتىدە جىمجىت شەيئى بولماستىن، بەلكى ھەرىكەتچان شەيئىدۇر. بۇ سەۋەپتىن داۋاملىق تەرەققى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن دىنغا ئومۇمى جەھەتتىن تەبىر بەرگەندە شۇ ئىككى باسقۇچنى كۆز ئالدىدا تۇتۇش كېرەك:
**ئا) مۇقەددەس كىتاپ باسقۇچى:** بۇنىڭغا ئاساسەن دىن تەڭرى ياكى بۇدداغا ئوخشاش دىن ئىجات قىلغۇچىلارنىڭ مۇقەددەس ئىبارىلىرىدە مەۋجۇت بولغان سۆزلەردىن ئىبارەت. بۇ تەبىردە دىننىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان ناس ۋە ئەمىرلەر كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ ئالاھىدىلىك يەھۇدىلىك، خرىستىئانلىق، ئىسلام، ھىندۇئىزم ۋە بۇددىزىم قاتارلىق دىنلارنىڭ تەبىرىدۇر.
**ب) تەشكىللىنىش باسقۇچى:** دىننىڭ شەكىللىنىشىدىن كېيىنكى تەرەقىيات باسقۇچىدۇر. بۇ باسقۇچ تېئولوگىيە (ئىلاھىيەت)، تەسەۋۋۇپ، ئىبادەت، مۇراسىم، قانۇن، سەنئەت ۋە دىندارلارنىڭ ئۆز ئىمانى ھەققىدە ئويلىغان، سۆزلىگەن، قىلغان ھەرىكەتلىرىدىن تەركىپ تاپقان بىر سىستېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن دىنغا مۇنداق تەبىر بېرىشكە بولىدۇ: دىن بىر ئەقىدە، مۇئامىلە ۋە ئىجتىمائى ھاياتنىڭ مەلۇم شەرتلىرىگە ئاساسەن تەشكىللەنگەن تۈزۈملەر سىستېمىسىدۇر.
يۇقىرىقى تەبىرلەردە سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ئامىللارنى كۆز ئالدىمىزدا تۇتۇپ ئومۇمى بىر دىن تەبىرى بەرگىنىمىزدە دىننى مۇنداق ئىزاھلاشقا بولىدۇ: «دىن ئىنسانلارنىڭ بەختلىك ھاياتتا ياشىشىنى مەقسەت قىلغان تەڭرىنىڭ ياكى دىن ئىجات قىلغۇچىلارنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرىدا يەر ئالغان سۆزلىرى، ئىنسانلارنىڭ بۇ مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېششىشى ئۇچۇن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى ۋە تەشكىللەنگەن ئورگانلىرىدىن بارلىققا كەلگەن بىر سىستېمىدۇر.»

### 3. دىننىڭ مەنبەسى ھەققىدە كۆزقاراشلار

دىننىڭ قانداق ئوتتۇرىغا چىققانلىقى، مەنبەسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە مۇقەددەس كىتاپلار تەمىنلىگەن مەلۇماتلاردىن باشقا تارىخى بىر بەلگە يوق. بۇ سەۋەپتىن ئىلمى مېتودلارغا مۇراجىئات قىلىپ، دىننىڭ باشلانغۇچى ۋە مەنبەسى ھەققىدە ئىنىق بىر نەرسە دېيىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دىننىڭ مەنبەسىنى بېكىتىشكە تىرىشۋاتقان بەزى ئىجتىمائى پەنچىلەرمۇ بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە دىننىڭ مەنبەسى ھەققىدە بىر قىسىم نەزىرىيىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ نەزىرىيىلەر غەرپ دۇنياسىدا بىر مۇددەت قوبۇل قىلىنىپ ئىلمى ساھەدە غۇلغۇلا قوزغىدى. پەقەت كېيىن بۇ نەزىرىيىلەر تەنقىت قىلىنىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ئىسپاتلاندى.

دىننىڭ مەنبەسى ھەققىدە ھەرخىل پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەپلىرى نېمە؟

## 1.3. تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيىسى

چارلىس دارۋىن (1882 -1809) نىڭ 1859–يىلىدا بىئولوگىيەلىك تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك «جانلىقلارنىڭ مەنبەسى» ناملىق كىتاۋىنىڭ نەشر قىلىنىشى غەرپ دۇنياسىدا دىنغا قارشى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىدى. دارۋىن بۇ كىتابىدا چىركاۋ ۋە مۇقەددەس كىتاپلاردا دېيىلگەن ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلىش پىكرىگە قارشى جانلىقلارنىڭ بىئولوگىيەلىك تەدرىجى تەرەققىيات نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نەزىرىيىسى مۇقەددەس كىتاپلاردا زىكىر قىلىنغان مەۋجۇداتلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىق پىكرىنى ئاساسسىز قىلدى. دىنغا ۋە چىركاۋغا قارشى كىشىلەر دارۋىننىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى، ھەتتا بىر ئويدۇرما بولسىمۇ قوبۇل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. 19–ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20–ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسى تامامەن تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيىسى كۆز قارىشى بويىچە ئىزاھلاندى. تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيىچىلىرىنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن ئىنسان، ھايات، جانلىق مەۋجۇدات ۋە تەبىئەتنىڭ سىرلىرى ئېچىلغان، شۇنىڭدىن باشلاپ دىن ئىنسان ھاياتىدىن چىقىرىلىپ ئورنىنى بىلىمگە تەرك ئەتكەن. بۇ ئىدېئولوگىيە دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئۆزگىچە تەرەپدار تاپىلغان. ئەمما دىننىڭ ئىنسان ھاياتىدىن چىقىرىلىشى ۋە ئورنىنى ئىلىمگە تەرك قىلىشى قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ ئىنسان دۇنيادا يارىتىلغاندىن

باشلاپ، ئونىڭ ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولغان دىنىنىڭ چىقىرىپ تاشلىنىشى ئاسان بىر ئىش ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇ ئىمكانسىزلىقلارنىڭمۇ ئىشارەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

بىئولوگىيىلىك تەدرىجى تەرەققىياتقا پاراللېل بولغان ئىنسانىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن تەدرىجى تەرەققىيات باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھەرخىل ساھەلەردە ئالىملار تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. ئىنسانشۇناسلار، ئېتنوگرافىيىچىلەر، جەمىيەتشۇناس ۋە پسىخولوگلار ئارىسىدىن بەزى ئالىملار دىنىنىڭ مەنبەسىنىڭ كۈنىمىزدىمۇ ئىپتىدائى ھاياتتا ياشايدىغان ئىپتىدائى قەبىلىلەرنىڭ دىن ۋە مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلار يېڭى زېللاندىيە، ئاۋستىرالىيە، ئافرىقا ۋە ئاسىيادا ياشايدىغان بەزى ئىپتىدائى قەبىلىلەرنىڭ ئەقىدىلىرىگە قاراپ، دىنىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەدۋارد بى تايلور دىنىنىڭ باشلانغۇچىنىڭ «ئانىمىزم»، جىئەي خرازەر «سېھىر»، دۇرىھەئىم «توتېمىزم» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ خىل چۈشەنچىلەر بىر-بىرىگە يېقىنلىقىغا ئاساسەن پسىخولوگىيە ۋە جەمىيەتشۇناسلىقنى ئاساس قىلغان نەزەرىيىلەر ئىدى. بۇ نەزەرىيىلەرگە ئاساسەن، ئىنسانلار تەبىئەتتىن قورققانلىقى ياكى بىرلىكتە ياشاشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن دىنغا مۇھتاج بولغان. ئۇلارنىڭ بۇ پىكىرلىرى بەزى ئىلمى ئورگانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى، بۇ ئىلمى ئورگانلاردا دىنىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىن چىقىرىپ تاشلىنىشىغا كۆپ ۋاقىت كەتمەيدىغانلىق پىكرى ئاساسى ئورۇننى ئىگەللىدى. ماركس مۇللەر بۇ ھەقتە 1878- يىلى مۇنداق دېگەن: «ھەركۈن، ھەر ھەپتە، ھەر ئاي ئەڭ كۆپ ئۇقۇلغان گېزىتلەر دىن دەۋرىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، ئەقىدىنىڭ بىر خاتالىق ياكى بالىلار كېسەللىكى ئىكەنلىكىنى، تەڭرىنىڭ بىر ئىنسانىنىڭ ئىجات قىلىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.» 1905- يىلى كراۋلەي بىلىم بىلەن دىنىنىڭ زىتلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دىن دۈشمەنلىرىنىڭ قاتتىق ھۇجۇم قىلغانلىقى، دىنىنىڭ خۇراپاتلاردىن تەركىب تاپقان ئىپتىدائى جەمىيەتتىن قالغان بىر ئىز ئىكەنلىكى، بۇ قاراشنىڭ ھەممە يەرگە تارقىلىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن يوقۇلىدىغانلىقىنى يازدى.

تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ پىكىر ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. دىنىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەدرىجى تەرەققىياتچى نەزەرىيىلەر تەنقىت قىلىنىشقا باشلىدى. چۈنكى بۇ نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ ھەرقانداق بىرى ئىپتىدائى قەبىلىلەر ئارىسىغا بېرىپ تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان. بۇلار ساياھەتچىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى، خرىستىئان مىسسىئونېرلىرىنىڭ

www.islamyoli.net

تەييارلىغان دوكلاتلىرىغا قاراپ بۇ پىكرنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن ئىپتىدائى قەبىلىلەر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە، بۇ نەزىرىيىلەرنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغان. ئاندرەۋ لاڭ، ۋىلھەلىم سىمىتنىڭ تەتقىقاتلىرى بۇ نەزىرىيىلەرنىڭ ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىجتىمائى ئىنسانشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە، دىنىنىڭ مەنبەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ناتۇرىزىم (تەبىئەتچىلىك)، ئانىمىزم، توتېمىزم، سېھرىگەرلىك، كۆپ تەڭرىلىك قاتارلىق پىكىرلەر ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. مەشھۇر ئىنسانشۇناس ئەدۋارد ئەۋانسفىردچارد ئىپادە قىلغاندەك ھەرقانداق بىر ئىنسانشۇناس كۇنىمىزدە بۇ نەزىرىيىنىڭ توغرىلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. فىرىدچارد دىنىنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىش ھەققىدە: «دىنغا بىر باشلانغۇچ ئىزدەشنىڭ پايدىسىزلىقىنى ، كۇنىمىزدىكى كۆپلىگەن ئىنسانشۇناسلارنىڭ ئورتاق پىكىرگە كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىمەن. » دېگەن. نەتىجىدە دىنىنىڭ مەنبەسىنى پەقەت ئىلمى تەتقىقات بىلەنلا ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## 3.2. ۋەھيىنى ئاساس قىلغان قاراش

ئىنسان ۋە دىنىنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى تەدرىجى تەرەققىياتچى كۆزقاراشتا ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ۋەھيىچە قاراشنى ھىمايە قىلىدىغانلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەسلىدە پروتەستان خرىستىئان راھىپ بولغان ۋىلھەلىم سىچمىدت ئىپتىدائى قەبىلىلەر ئارىسىدا ئېلىپ بارغان ئېتنوگرافىيىلىك تەتقىقاتلاردىن كېيىن، دىنىنىڭ تۇنجى شەكلىنىڭ تەك تەڭرىچىلىك يەنى تەۋھىد دىنى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ كۆزقارىشىنى «تەڭرى پىكرىنىڭ مەنبەسى» ناملىق كىتاۋىدا ئوچۇق بايان قىلدى.
مەشھۇر فىلولوگ ماس مۇللەر دىنىنىڭ مەنبەسىنى تىل خاراكتېرلىق ئىلمي مېتودلار بىلەن تەڭرى خاراكتېرلىق تۇنجى ۋەھيىگە تاياندۇرۇشقا يۈزلەندى. بۇ قاراش بويىچە تەڭرى پىكرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغان مۇللەر تەڭرىنىڭ دۇنيانى يارىتىش جەريانىنى تۇنجى ۋەھيىدىن باشلىدى. ئىنسانغا ھايات نەپىسىنى پۈۋلەپ تەڭرىلىكىنىڭ «سەزگۈسىنى» ئورۇنلاشتۇردى. دەسلەپتە تەڭرى «ئىنسان ئىرقىنىڭ پۈتۈن ئاتىلىرىغا ئۆزىنى ئوخشاش ئۇسۇلدا بىلدۈردى. پەقەت ئىنسان تىل خاتالىقى سەۋەبى بىلەن بۇ تەڭرىگە ھەرخىل ئىسىملارنى قويدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئىسىملارنىڭ ھەربىرسىنىڭ پەرقلىق تەڭرىلارغا ئىشارەت قىلىنغانلىق خاتالىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇنىڭ بىلەن كۆپ تەڭرىچىلىك كېلىپ چىقتى. ماركس مۇللەر ھىندىلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى «ۋەدالار» ھەققىدە ئېلىپ بارغان تىل خاراكتېرلىق ئىلمى تەتقىقاتى بىلەن بۇنى

ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. مۇئەللىفنىڭ ئەسلىدە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكرى «پۈتۈن دىنلاردا ھەرخىل تىللاردا ئىپادە قىلىنغان نەرسە ئوخشاش تەڭرى ھەققىتى، ئوخشاش ۋەھيى ئىدى.»

دىنىنىڭ ئاساسى ھەققىدە ۋەھيىنى ئاساس قىلغان پىكرنى قوللىغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى نېمە؟

دىنىنىڭ مەنبەسىنىڭ تەك تەڭرىچى ۋەھيى ئىكەنلىكىنى ھىمايە قىلىدىغانلار مەلۇم بىر ئەقىدىگە مەنسۇپ بولغانلاردۇر. ۋىلھېلىم سچىمىت خرىستىئانلىقنىڭ پروتەستان مەزھىبىگە مەنسۇپ راھىپ بىر بىلىم ئادىمىدۇر. ماركس مۇئەللىمۇ ئەقىدىلىك بىر خرىستىئاندۇر. ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى خرىستىئان پىكرىدىن پەرقلىق تەرىپى پۈتۈن دىنلارنىڭ مەنبەسىنىڭ بىر تەڭرىچى ۋەھيى پىكرى ئىكەنلىكىدە. ئەنئەنىۋى خرىستىئانلىق چۈشەنچىسى تەڭرىچى ۋەھيى دىنىنى پەقەت خرىستىئانلىق ۋە يەھۇدىلىك دەپ قارايدۇ. بۇ چۈشەنچىگە ئاساسەن خرىستىئانلىق يەھۇدىلىكنىڭ بىر داۋامىدۇر. پەقەت خرىستىئانلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن يەھۇدىلىك ئەمەلدىن قالغان. باشقا دىنلارنى بولسا ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىجات قىلغان دەيدۇ. تەڭرىنىڭ بۇ دىنلار بىلەن ھەرقانداق ئالاقىسى يوقتۇر. ھىندۇئىزىممۇ بۇ پىكرنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇددىزىمنىڭ دىن چۈشەنچىسى تامامەن پەرقلىقتۇر. بۇددىزىم تەڭرىسىز دىن دەپ قارىلىدۇ. بۇ دىندا ئۆزى ياكى باشقا دىنلارنى تەڭرىچى ۋەھيىسى يوق دەپ بىلىدۇ.

ئورتودوكسال يەھۇدىلىكتە تەڭرى ۋەھيى قىلغان ھەقىقى بىر دىن يەھۇدىلىكتۇر دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەڭرىچى ۋەھيىگە تايانغان ۋە ئىسمى «نۇھىلىك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەقىدە سىستېمىسىمۇ مەۋجۇتتۇر. بۇ ئەقىدە سىستېمىسى تەك تەڭرىچىلىك، ئادالەت ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پرىنسىپلار يەھۇدىلىك تەستىقلىغان پىكىرلەردۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەھۇدىلىك بۇ پرىنسىپلار سايىسىدە ئورۇن بەرگەن خرىستىئانلىق ۋە ئىسلام قاتارلىق دىنلارنىڭ مەنبەسىنىڭ تەڭرىچى ۋەھيىگە تايانغانلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، دىنىنىڭ مەنبەسى مۇتلەق ھالدا تەڭرىچى ۋەھيىدۇر. پەقەت بۇ يەردە سۆزلەپ ئۆتۈلگەن دىن ھەزرىتى ئادەمدىن ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن تامام‍لانغان دىندۇر. بۇ دىنىنىڭ ئىسمى ئىسلامدۇر. مۇسۇلمان ئالىملار دىنلارنى مەنبەسىگە قاراپ ئىلاھى دىنلار ۋە بەشەرىي (ئىنسانىي) دىنلار دەپ ئىككىگە ئايرىغان. ئىلاھى دىنلار

كۈنىمىزدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان يەھۇدىلىك، خرىستىئانلىق ۋە ئىسلام دىنىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۈچ دىنىنىڭ سىرتىدىكى دىنلار بەشەرىي (ئىنسانىي) دىنلار، يەنى ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان دىنلاردۇر.

قۇرئانى-كەرىم بىزگە دىنىنىڭ مەنبەسىنىڭ ۋەھيى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ. ئاللاھ قۇرئانى-كەرىمدە ئادەم، نۇھ، ئىبراھىمنى تاللاپ ۋەزىپە بەرگەنلىكىنى، نۇھ، ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپ، مۇسا، ئىسا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن ۋەھيىنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىسلام ئالىملىرى ئىلاھىي دىنلار بۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتكەن ۋەھيىلەردىن تەركىپ تاپقانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇ دىنلار يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك يەھۇدىلىك، خرىستىئانلىق ۋە ئىسلامدۇر. ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ دىنىنىڭ سىرتىدىكىلەر بەشەرىي دىنلاردۇر. ھالبۇكى، جانابى ئاللاھ باشقا بىر ئايەتتە بارلىق مىللەتلەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ ھەقتە: «قەسەم قىلىمەنكى، ھەر مىللەتكە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئازدۇرغۇچىلاردىن يىراق تۇرۇڭلار دەپ بىر ئەلچى ئەۋەتتۇق.» (ئال-ئىمران سۈرىسى 34-33-ئايەت) دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر قۇرئانى-كەرىمدە ئىسمى ئېيتىلمىغان، ئەمما مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ۋە كۈنىمىزدە مىليۇنغا يېقىن ئەگەشكۈچىسى بولغان دىنلارنىڭ ئەسلى ئىتىبارى بىلەن ئىلاھى مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

نەتىجىدە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دىنىنىڭ مەنبەسى ئاللاھتۇر. ھەرقانداق ئىنسان ھەتتاكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆز ئالدىغا دىن ئىجات قىلالمايدۇ. مىڭ يىلغا يېقىن تارىخ سەھنىسىدە قالغان ۋە كۈنىمىزدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان دىنلار ئەمەلىيەتتە ۋەھيىگە تايىنىدۇ. پەقەت بۇ دىنلارنىڭ بەزىلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگەن، بۇزۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ۋەھيىنى ئاساس قىلمىغان ياكى ۋەھيى مەنبەلىك دىنلاردىن تاللاپ ئوتتۇرىغا چىقىلغان مانىخېيىزىم (مانى دىنى)غا ئوخشاش دىنلار مەلۇم بىر ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا مەۋجۇتلۇقىنى يۇقاتقان.

## 4. دىن بىلەن مىتوس(ئەپسانە) ئارىسىدىكى پەرق

دىن مەنبەسى ۋەھيىگە تايىنىدىغان ۋە ئىنساننىڭ بەخت- سائادىتىنى مەقسەت قىلىدىغان بىر قانۇنلار سىستېمىسىدۇر. دىن ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىن كەلگەن ئىشىنىش ئېھتىياجىغا جاۋاپ بېرىپ ئىنسان ھاياتىنى مەنىلىك قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن دىنىنىڭ ئىنسان

هاياتىدا مۇھىم رولى باردۇر. دىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىگى مىتوس بىلەن ئورتاقتۇر.
مىتوس (ئەپسانە) تارىخنىڭ مەلۇم بىر دەۋرىدە يۇزبەرگەن ۋەقەلەرنى ئوخشىتىش شەكلى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان مۇقەددەس قىسسىلەرگە بېرىلگەن ئىسىمدۇر. پەقەت كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا مىتوس ئەپسانە، داستان، خەلق رىۋايەتلىرى ۋە مەسەل قاتارلىق ئەدەبىيات ژانىرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئەمىلىيەتتە مىتوسنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىك بار. بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ يۇز بەرگەن ياكى يۇز بەرمەكچى بولغان ۋەقەلەرنى ئاساسى تېما قىلىشىدۇر. مىتوس بۇ ۋەقەلەرنى پەرقلىق بىر تىلدا بايان قىلىپ بېرىدۇ. بايان قىلىشتا ئىشلىتىلگەن تىل روشەن ئەمەس، بەلكى مەجازى (ئوخشىتىش خاراكتېرلىق) بىر تىلدۇر. مىتوسلاردىكى بايان قىلىش تىلى بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنى ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان شەكىلدىكى كۆرۈنۈشلەردەك بايان قىلىپ بېرىدۇ.
پىسخولوگلار ۋە ئىنسانشۇناسلارنىڭ ئىلمى تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلار گەرچە ئېنىق ھىس قىلالمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىدا مىتوسلار مەۋجۇد. ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىتوسلاردا ئىلمىيلىك ۋە ئەقلىيلىك قارشىسىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان خىيالى چۈشەنچىلەر مەۋجۇد بولغاندىن باشقا يەنە بەزى ھەقىقەتلەرمۇ باردۇر. جۇڭنىڭ قارشىچە: «مىتوسلار ئالەمشۇمۇل ھەقىقەتكە ئىگە هايات شەكلىدۇر ۋە ئىنسان ئۇچۇن مەنالىق پىكرى باردۇر. مىتوسسىز، مىتوس سىرتىدا ياشاۋاتقانلىقىنى ئويلىغانلار ئۆتمۈشىنى ئىنكار قىلغۇچى كىشىلەردۇر» دېگەن. بۇ جەھەتتىن، مىتوسلار دىنغا ئوخشاش ئىنسان هاياتىغا مەنا بېرىدىغان ۋە ئىنساننىڭ هاياتىغا مۇناسىۋەتلىك سۇئاللارغا جاۋاپ بېرىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر.

## دىن بىلەن مىتوس ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟

دىن بىلەن ئوخشاش رولغا ئىگە بولغان مىتوسلار بۇيۇك نىسبەتتە دىندىن ئۇزۇقلىنىدۇ. دىن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ، دىن بىلەن بىرلىكتە ياشايدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىتوسلار ئۇلۇغۋارلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىنسانلار مىتوسلارغا هۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەنىۋى ئوزۇق ئالىدۇ. دىن ئاجىزلىغان ۋاقىتلاردا مىتوسلار ئالدىنقى پىلانغا چىقىپ، دىنغا زىيان سېلىشى مۇمكىن. دىن كۈچلۈك بولغان ۋاقىتلاردا مىتوسلار دىنغا پەقەتلا رەڭ بېرەلەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى بايان قىلىدىغان «مەۋلىت»نى بۇنىڭغا مىسال قىلالايمىز. سۇلايمان چەلەبى يازغان مەۋلىت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى پەۋقۇلئاددە بىر ئۇسلۇپتا تەسۋىرلەيدۇ.

ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ئوخشىتىش ۋە سىمۋول خاراكتېرلىق تىلدا بايان قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھۆرمىتى سەۋەبىدىن مەۋلىتنى مۇقەددەسلەشتۈرگەن. ئۇنى ئۇلۇق كۈنلەردە ئوقۇپ، تىڭشاپ، ئۇنىڭدىن بۈيۈك مەنىۋى ئوزۇق ئالىدۇ.

دىنىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتى


دىنغا ئوخشاش، ئىنساندىكى دىن ھېسسىياتىنىڭمۇ مەنبەسى ئاللاھتۇر. ئاللاھ بۇ ھېسسىياتنى ئىنساننى يارىتىش جەريانىدا بەرگەن. بۇ ھېسسىيات ئىنساننىڭ تەبىئى ئالاھىدىلىگىدۇر. بۇ سەۋەپتىن ئىنسان مۇتلەق بىر نەرسىگە ئېشىنىش ئېھتىياجىنى ھىس قىلىدۇ. دىن ھېسسىياتى ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان بىر ھېسسىيات بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىخنىڭ پۈتۈن دەۋرلىرىدە ئىنسانلار دىنسىز ياشىمىغان. ئارخېلوگلار كۈنىمىزگىچە دىنسىز بىر خەلقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. بۇنىڭدىن چىقىدىغان نەتىجە شۇكى، شەخس جەھەتتە ئىنسان بىر دىنغا مەنسۇپ بولماسلىقى مۇمكىن. پەقەت پۈتۈن بىر خەلقنىڭ دىنسىز بولىشى مۇمكىن ئەمەس. دىنغا قارشى بولغان ۋە ئاتېئىست بىر ھايات شەكلىنى قوبۇل قىلغان ئىنسانلارمۇ يارىتىلىش ئېھتىياجىغا قاراپ، بۇ بوشلۇقنى بىر ئەقىدە بىلەن تولدۇرىشى مۇمكىن. بۇ سەۋەپتىن 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىننى يوقۇتۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا بىلىمنى قويۇشنى خىيال قىلغانلار مۇۋاپپىقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن. چۈنكى دىن بىلەن بىلىم بىر-بىرىدىن پەرقلىق نەرسىلەردۇر. دىن بىلىمنىڭ يېرىنى تۇتالمىغىنىدەك، بىلىممۇ دىنىنىڭ يېرىنى تۇتالمايدۇ. يەنى دىن بىلەن كېسەل داۋالىغىلى بولمايدۇ. دىن بىلەن دېھقانچىلىقتا ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىلالمىغانغا ئوخشاش، بىلىم بىلەنمۇ ئىنساندىكى مەنىۋى بوشلۇقنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. ئىنساننىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئېھتىياجى بار. ئەمما بۇلارنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئورنى پەرقلىقتۇر. تارىختىن بۇيان ئىنسان يارىتىلىشىدىن باشلاپ مەۋجۇت بولغان ئېشىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان. بۇنى مەلۇم بىر دىنغا باغلىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تىرىشقان. ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەت شەكلى تارىخى دەۋر ۋە ماكانلارغا قاراپ ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن، بىر-بىرىدىن پەرقلىق ھەرخىل دىنلار ئوتتۇرىغا چىققان.

3. بۆلۈم. كۈنىمىزدىكى دىنلار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇماتلار

1 . كۈنىمىزدىكى دىنىي جۇغراپىيە

كۈنىمىزدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر بىرىدىن پەرقلىق ئەقىدە ۋە ھايات شەكلىنى قوبۇل قىلغان دىنلار مەۋجۇتتۇر. بۇلار ئومۇمى جەھەتتىن شۇ خىل دىنلاردىن تەركىپ تاپقان «ئىپتىدائى قەبىلە دىنلىرى» دەپ ئاتالغان ئەنئەنىۋى دىنلار ۋە كۇڭزىچىلىق، تاۋئىزم (داۋجىياۋ)، شىنتۇئىزم، ھىندۇئىزم، بۇددىزم، جايىنىزم، سىخىزم، زەردۇشتىلىك، يەھۇدىلىك، خرىستىئانلىق، ئىسلام قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.
ئەنئەنىۋى دىنلار: مەلۇم بىر قۇرغۇچىسى، ئەقىدە سىستېمىسى، مۇقەددەس كىتاۋى مەۋجۇت بولمىغان دىنلاردۇر. بۇلار پۈتۈنلەي بىر قەبىلىگە ئائىتتۇر. تارقىلىش ئالاھىدىلىگى يوقتۇر. قەبىلىنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى قەبىلە دىنىغا مەنسۇپ بولۇشقا مەجبۇردۇر، باشقا بىر دىنغا كىرىشكە يول قويۇلمايدۇ. بۇ دىنلار قەبىلىنىڭ ھايات شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇۋچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارالمايدىغان قەبىلىلەردە ئاتا روھلىرىغا ھۆرمەت قىلىش، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، ئۇسۇل ئويناش، سېھىرگە مۇراجىئەت قىلىش قاتارلىق ئادەتلەر باردۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇقەددەس بىر مەۋجۇتلۇق ئەقىدىسىنى بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆرگىلى بولىدۇ.
1992-يىلى نەشر قىلىنغان «دۇنيا يىلنامىسى»گە ئاساسلانغاندا، كۈنىمىزدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا 92 مىليۇنغا يېقىن ئەنئەنىۋى دىن مەنسۇبى مەۋجۇتتۇر. كۆپ قىسمى جەنۇبى ئامېرىكا، ئافرىقا، ئاۋستىرالىيە، ھىندىچى ئاراللىرى ۋە يېڭى زېلاندىيىگە تارقالغان. بىلىنگەن ئاساسلىق ئەنئەنىۋى دىنلار: دىنكا دىنى (سۇدان)، گادى دىنىي (گانادا) ۋە ماۋرى دىنىي (جەنۇبى تىنىچ ئوكيان ئاراللىرىدا).


دۇنيادىكى دىنىي ئەقىدىلەر
(مىليوندىن ئارتۇق ئېتىقادچىسى بار بولغان ئەقىدىلەر)



كۇڭزىچىلىق: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6- ئەسىردە جۇڭگودا ئوتتۇرىغا چىققان بىر دىندۇر. ئىسمى قۇرغۇچىسى كۇڭزى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 551-479)دىن كەلگەن. بۇ دىندا ئەخلاقى پىرىنسىپلار مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. كۇڭزىچىلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ 2000 يىلدىن بىرى داۋام قىلىپ كەلگەن ھايات شەكلى، مىللى ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مىلادىدىن كېيىنكى 1912- يىلغىچە جۇڭگونىڭ رەسمى

www.islamyoli.net

دۆلەت دىنىي بولغان. بۇ دىنىنىڭ كۈنىمىزدە 350 مىليوندىن يېقىن مەنسۇبى بار. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى جۇڭگودا، قالغان بىر قىسمى ياپونىيە، بىرما ۋە تايلاندتا ياشايدۇ.




تاۋئىزم (داۋجىياۋ دىنى): بۇ دىن كۈنىمىزدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان جۇڭگو دىنلىرىنىڭ بىرسىدۇر. بۇ دىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىردە بارلىققا كەلگەن. بۇ دىن جۇڭگو دىنلىرىنىڭ ئومۇمى ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان «داۋ» چۈشەنچىسى ئۈستىگە قورۇلغان. مىستىك ئالاھىدىلىكى كۈچلۈكتۇر. ئنجات قىلغۇچىسى لاۋزىدۇر. بۇ دىنىنىڭ مەنسۇپلىرىنىڭ كۆپ قىسمى جۇڭگودا، ئاز بىر قىسمى ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ياشايدۇ. كېيىنكى يىللاردا ياۋروپادا تاۋئىزىم قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلارمۇ كېڭەيدى. دۆلىتىمىزدە بۇ دىنغا ئائىت كىتاپلار تەرجىمە قىلىنىپ نەشىر قىلىندى.
تاۋئىزمنىڭ كائىنات بىلەن مۇناسىۋەتلىك پىكىرلىرى ئىنسانلارغا قىزىقارلىق بىلىنىپ، بىر قىسىم ئىنسانلار بۇ دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. تاۋئىزمنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى «داۋتېكىڭ» دا ئېيتىلغان كۆزقاراشتا «كائىنات ئىككى كۈچنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرىدۇ: بۇلار يىڭ (مەنفى) ۋە ياڭ (مۇسبەت). يىڭ چىشى، ياڭ ئەركەك كۈچنى سىمۋول قىلىدۇ. بۇلار كىچە-كۈندۈزگە، ئايال ۋە ئەركەككە ئوخشايدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن تەبىئەتتىكى ھادىسىلەر مەيدانغا كېلىدۇ.» تاۋئىزىمنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى تەبىئەتتىكى تەرتىپنى كۆزىتىشتىن كەلگەن. ئىنسان تەبىئەتتىكى تەرتىپنى كۈزۈتۈش ئارقىلىق بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ.



شىنتوئىزم: «تەڭرىلارنىڭ يولى» دېگەن مەناغا ئىگە بولۇپ، ياپونلارنىڭ ئەنئەنىۋى، مىللى ئەقىدىلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «شىنتو» ئىسمى مىلادىدىن كېيىنكى 6-ئەسىردە ئەنئەنىۋى، مىللى ئەقىدىلەرنى ياپونىيەگە سىرتتىن كىرگەن بۇددىزىمغا ئوخشاش دىنلاردىن ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلغان.
شىنتوئىزم ئنجات قىلغۇچىسى ۋە ئېتىقاد سىستېمىسى بولمىغان، مىللى، ئەنئەنىۋى، كۆپ تەڭرىلىك، باشقا دىنلارغا قارشى چىقمايدىغان بىر دىندۇر. ئاتا روھلىرىغا ھۆرمەت قىلىش بۇ دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر. ئاتىلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن ياشايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن شىنتوئىست ياپونلار ئۆلگەن ئاتىلىرى ئۈچۈن ئۆيىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئاتىلارغا مەخسۇس يەر تەييارلاپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇقلىنىشى ئۈچۈن ھەرخىل تائاملارنى قويىدۇ.

شىنتوئىزم تەڭرىلىرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر دىندۇر. مىليونغا يېقىن تەڭرىسى باردۇر. ئاشخانا ئىشلىرىدىن باشلاپ، سەپەرگە چىققۇچە بولغان پۈتكۈل ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك تەڭرىلىرى باردۇر. بەزى ۋاقىتلاردا ئۆلگەن ئاتىلىرىنىڭ تەڭرىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. شىنتوئىست ياپونلارنىڭ ياپونىيەدىكى سانى تەخمىنەن 30 مىليون ئەتراپىدا، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھەم بۇددىستتۇر. ياپونلارنىڭ كۆز قارىشىچە ئىنسان ئىككى دىنلىق بولالايدۇ. ياپونلار: «بىز شىنتوئىست بولۇپ دۇنياغا كېلىمىز، بۇددىست بولۇپ دۇنيادىن كېتىمىز» دەيدۇ.



ھىندۇئىزم: مەۋجۇت دىنلار ئىچىدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان دىنلاردىن بىرسىدۇر. بۇ دىننىڭ مەلۇم ئىجات قىلغۇچىسى ياكى ئەقىدە سىستېمىسى يوقتۇر. كۈنىمىزدە بۇ دىن تەناسۇھ (روھنىڭ كۆچىشى) ۋە يوگا پرىنسىپلىرى بىلەن دۇنياغا تارقىلىۋاتىدۇ. ھىندىئىزىم دۇنيادا ئەڭ كۆپ مەنسۇبى بار دىنلاردىن بىرسىدۇر. 750 مىليون ئەتراپىدا ئىنسان ھىندۇئىزمنىڭ ئەقىدە ۋە پرىنسىپلىرىغا باغلىقتۇر. ھىندىستان نوپۇسىنىڭ %80 تى ھىندىدۇر. پاكىستان، بىنگال، نېپال ۋە ھىندىنوزىيىدىمۇ ھىندىلار باردۇر. فىجى، مالايسىيا، سىنگاپۇر، سىرلانكا ۋە بىر نەچچە ئافرىقا دۆلىتىدىمۇ ھىندىلار بار.  ئالاھىدىلىگى ھەققىدە كېيىنچە تەپسىلى توختىلىمىز.

بۇددىزم: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6ـئەسىردە بارلىققا كەلگەن بىر دىن بولۇپ، ئىجات قىلغۇچىسى بۇددادۇر. بۇددا ھىندى ئەقىدىلىرىگە ئاساسەن يېتىشتۈرۈلگەن بىر شاھزادە بولۇپ، كېيىن ھىندۇئىزمدىن ئايرىلىپ چىقىپ بىر دىن ئىجات قىلغان. بۇ دىن كېيىن بۇددىزم ئىسمىنى ئالغان. بۇ دىننىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىگى تەڭرىسىز بىر دىن ئىكەنلىكىدە. بۇددىزىمدا يوگا، ئېتىكاپ (مەدىتاسيون) ۋە رەنكارناسيون (يىڭىدىن بەدەنلىنىش) قاتارلىق ئىبادەت ئۇسۇللىرى بار. بۇددىزم تارقىلىشچان بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، كۈنىمىزدە ھىندىستان، جۇڭگو، مانجۇرىيە، موڭغۇلىيە، سەيلان، بىرما، تايلاند، كامبۇدژا، لائۇس، شەرقى بىنگال، ۋېتنام، بوتان، سىنگاپور، مالايسىيا، تەيۋەن، تىبەت، كورىيە، ياپونىيە قاتارلىق جەنۇبى ئاسىيا ۋە يىراق شەرق دۆلەتلىرىگە تارقالغان. بۇ دىننىڭ بەزى قاراشلىرى دۇنيادا تەرەپدار تويلىغىنىدەك دۆلىتىمىزدىمۇ تەرەپدارلىرى بار.

جاينىزم: بۇددىزىمغا ئوخشاش مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6ـئەسىردە ھىندىئىزىمنىڭ ئىچىدە بارلىققا كەلگەن. ئىجات قىلغۇچىسى ئاقسۆڭەك بىر ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ۋاردھامانادۇر. ۋاردھامانا ھىندى مۇراسىملىرىنىڭ شەكىلۋازلىقى، دىنىي زاتلار (براھمانلار)نىڭ نوپۇزى ۋە سىنىپىي ئايرىمچىلىقىغا قارشى چىققان. كېيىن ئائىلىسىنى تەرك قىلىپ، تەنھا ھايات ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان. ۋاردھامانا بۇ جەرياندا تەناسۇھ (روھنىڭ كۆچىشى) چەمبىرىدىن قۇتۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ۋاردھامانا روھ كۆچىشى چەمبىرىدىن قۇتۇلۇپ مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن «مۇزاپپەر» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «جىنا» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن. ئۇنىڭ بۇ تەخەللۇسى ، كېيىن ئىجات قىلغان دىنغا ئىسىم بولغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ دىن جاينىزم دەپ ئاتالغان.

جاينىزم بۇددىزىمغا ئوخشاش ياراتقۇچى بىر تەڭرى پىكرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئالەمنىڭ ئەبەدىيلىكىگە ئىشەنگەن جاينىلار تەڭرىنىڭ ئورنىغا «تىرسىھانكارا» دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددەس نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ. جانلىقلارغا زىيان سالماسلىق بۇلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئەخلاقى پرىنسىپلىرىدۇر.

سىخىزم: بۇ دىن مىلادىدىن كېيىنكى 16ـئەسىردە ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن. ئىجات قىلغۇچىسى گورو ناناقتۇر. بۇددا ۋە ۋاردھاماناغا ئوخشاش ھىندۇئىزمنىڭ بۇزۇلىشىدىن مەمنۇن بولمىغان ناناق ھىندۇئىزمنىڭ تەڭرى چۈشەنچىسىگە قارشى قاست (سىنىپى ئايرىمچىلىق) سىستېمىسىگە ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ئىمتىيازىغا قارشى چىققان. ناناق كېين ئىسلام بىلەن تونۇشۇپ، ئىسلامدىن تەۋھىدكە ئوخشاش بەزى پرىنسىپلارنى ئېلىپ، ھىندى ئەقىدىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يىڭى بىر دىن ئىجات قىلغان. ئەگەشكۈچىلىرىگە «سىخ»، ئىجات قىلغان يىڭى دىنغا «سىخىزم» دەپ نام قويغان. سىخلار ئۆزىگە خاس قىيافەتلەر بىلەن دىققەتنى تارتىدۇ. بېشىدىكى سەرپۇش ئۇلارنىڭ دىنىي كىيىم-كېچەكلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

كۈنىمىزدە سىخلارنىڭ كۆپ قىسمى ھىندىستاننىڭ پەنجاپ رايۇنىدا ياشايدۇ. نوپۇسى 15 مىليون ئەتراپىدا.

زەردۇشت دىنى: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6ـئەسىردە ئىراندا بارلىققا كەلگەن بىر دىندۇر. ئىجاد قىلغۇچىسى زەردۇشت، تەڭرىسىنىڭ ئىسمى ئاھۇرامازداھ. بەزى ۋاقىتلاردا تەڭرى ئىسمىغا بىغىشلاپ بۇ دىن مازدائىزم دەپمۇ ئاتالغان. زەردۇشتلەرنىڭ قارىشىچە، زەردۇشت تەڭرى ئاھۇرامازداھ تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بىر پەيغەمبەردۇر. زەردۇشت ئىرانغا تەك تەڭرى ئەقىدىسىنى ئېلىپ كەلگەن. پەقەت ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ دىن بوزۇلۇپ، كىشىلەر ئوتقا چوقۇنۇشقا باشلىغان. بۇ سەۋەپتىن، بۇ دىن كېيىنچە «مەجۇسىلىك» ئىسمى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان. قۇرئانى ـ كەرىمدە بۇ دىن مەنسۇپلىرى «مەجۇسىلار» دەپ بايان قىلىنغان.

زەردۇشتلەر كۈنىمىزدە ئىران ۋە ھىندىستاننىڭ بومباي شەھرىدە ياشايدۇ. ھىندىستاندىكىلەر ئەسلى پارىس بولغانلىقى ئۈچۈن«پارسىلار» دەپ ئاتالغان. سانى بەش يۈز مىڭ ئەتراپىدا. سان جەھەتتىن ئاز بولۇشىغا قارىماي، ھىندىستاننىڭ تىجارىتىنى كونتروللۇقىغا ئېلىۋالغان.

يەھۇدىلىك: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 15ـئەسىردە ھەزرىتى مۇساغا كەلگەن ۋەھيى بىلەن باشلىنىپ تەرەققى قىلغان بىر دىندۇر. قۇرئانى ـ كەرىمدە بۇ دىننىڭ مەنسۇبى بولغان يەھۇدىلار ھەققىدە كۆپلىگەن ئايەتلەر بار. تارىختا كۆپ زۇلۇمغا ئۇچرىغان يەھۇدىلار كۈنىمىزدە ئىسرائىلىيەدىن باشلاپ ئامېرىكا ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى رايونلىرىغا تارقالغان. ئىسرائىلدە بەش مىليون، ئامېرىكىدا ئالتە مىليون، دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى نوپۇسلىرىنى قوشقاندا ئومۇمى نۇپۇسى 25 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، تۈركىيەدىكى نۇپۇسى 26 مىڭدۇر. بۇلارنىڭ 22 مىڭى ئىستانبۇلدا، 500ى ئىزمىردا، قالغانلىرى ئەنقەرە، بۇرسا، ئەدىرنە،چاناققالئە، قىرىقلارئەلى ۋە ھاتايدا ياشايدۇ.

خرىستىئانلىق: بۈگۈندىن 2000 يىل ئىلگىرى پەلەستىندە بارلىققا كەلگەن بىر دىندۇر. خرىستىئانلىقنىڭ تارىخى خرىستىئانلارنىڭ قارىشىچە بىر تەڭرى، مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە تەڭرىنىڭ بىر پەيغەمبىرى بولغان ئىسادىن باشلىنىدۇ. خرىستىئانلىق كۈنىمىزدە مەۋجۇت بولغان دىنلارنىڭ مەنسۇپلىرى جەھەتتە نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغىنىدۇر. خرىستىئانلار ئەڭ كۆپ تارقالغان رايون ياۋروپادۇر. شىمالى ئامېرىكىنىڭ تامامى،

www.islamyoli.net

جەنۇبى ئامېرىكىنىڭ دېڭىز ساھىلى ۋە ئاۋسترالىيەنىڭ كۆپ قىسمىدا خرىستىئان نوپۇسى ياشايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئافرىقا ۋە ئاسىيادىمۇ كۆپ ساندا خرىستىئان نوپۇس بار. خرىستىئانلار نوپۇسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرى بارلىق دۇنيادا داۋام قىلىۋاتماقتا. كۈنىمىزدە ئومۇمى خرىستىئان نوپۇسى 1 مىليارد 750 مىليۇن ئەتراپىدا. دۆلىتىمىزدە ئىستانبۇلدىن باشلاپ، ئىزمىر، ئادانا، بۇرسا، ماردىن، ھاتاي قاتارلىق ۋىلايەت-شەھەرلەردە خرىستىئانلارنىڭ ھەرخىل مەزھەپلىرىگە مەنسۇپ خرىستىئان نوپۇس باردۇر. تۈركىيە خرىستىئانلىق تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرسىدۇر. خرىستىئانلىقنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەپ بولغان ئالدىنقى يەتتە كونسۇل (كېڭەش) ئىزنىك، ئىستانبۇل، قادىكۆي ۋە ئەپەستە ئېچىلغان. ھاتاي ۋىلايىتى خرىستىئانلىق تارىخى ئۈچۈن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بىر ۋىلايىتىمىزدۇر.

ئىسلام: مىلادىدىن كېيىنكى 7-ئەسىردە ھىجاز رايونىدا بارلىققا كېلىش بىلەن بىرلىكتە ئەسلىدە ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ داۋام قىلىپ كەلگەن بىر دىنىدۇر. پەقەت «ئىسلام» كەلىمىسى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ۋەھىيدىن ئىبارەت بولغان بىر دىنىنىڭ خۇسۇسى ئىسمى بولغان. ئىسلام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ۋە مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ ئىزاھاتلىرى بىلەن تەرەققى قىلغان بولۇپ، يەھۇدىلىك ۋە خرىستىئانلىق بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى باردۇر. قۇرئانى-كەرىمدە بۇ مۇناسىۋەت ئوچۇق بايان قىلىنغان.
ئىسلام 14 ئەسىرلىك بىر ئۆتمۈشكە ئىگە بولۇپ، ئوتتۇرا شەرقتىن باشلاپ ئافرىقا، ئاسىيا، ياۋرۇپانىڭ بەزى يەرلىرى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئەگەشكۈچىلىرى بار. دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇمۇمى سانى تەخمىنەن 1 مىليارد 200 مىليۇندۇر.

## 2. يەھۇدىلىك

### 2.1. يەھۇدى، ئىبرانى ۋە ئىسرائىل ئاتالغۇلىرى

تارىختا يەھۇدىلار كۆپلىگەن ئىسىملار بىلەن ئاتالغان. ئىبرانى، ئىسرائىل ۋە يەھۇدى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق ئىسىملاردۇر.
ئىبرانى: يەھۇدى ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، ئىبرانى ئىسمى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىلىرىدىن ئەبەرنىڭ ئىسمىدىن كېلىپ چىققان. يەھۇدىلارنىڭ ئەڭ

مۆھىم ئاتىسى بولغان ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «ئەبەر نەسلىدىن كەلگەن» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئىبرانى، ئۇنىڭ ئىشلەتكەن تىلى بولسا، ئىبرانچە دەپ ئاتالغان. شەرقىياتچىلارنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن بۇ ئىسمىنىڭ يىلتىزى ئاپىرو ياكى ھاپىرودۇر. بۇ سۆزلەر قەدىمقى مىسىر تىلىدا «قۇم بىلەن يېپىلغان» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىسرائىل: بۇ ئىسىم ھەزرىتى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئىسرائىل ئۇنۋانلىرىدىن كېلىپ چىققان. تەۋراتتا دېيىلىشىچە، ھەزرىتى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىر كېچە يول بۇيىدا بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن تاڭ يورۇغىچە چېلىشقان. تاڭ يورىغان ۋاقىتتا بۇ ئادەم ياقۇپنى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭغا «تەڭرى بىلەن مەشغۇل بولغان» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسرائىل ئىسمىنى بەرگەن. ھەزرىتى ياقۇپنىڭ بۇ ئۇنۋاندىن كېيىن ئىبرانىلەر ئىسرائىل ئىسمى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان. ئۇلارغا بەنى ئىسرائىل دېيىلگەن.

يەھۇدى: بۇ ئىسىم بەنى ئىسرائىل بابىلغا سۈرگەن قىلىنغان ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىققان. بابىلنىڭ يەرلىك خەلقى ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا كەلگەن يەھۇدا رايونىنىڭ ئىسمىغا قاراپ «يەھۇدا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «يەھۇدى» ئىسمىنى بەرگەن. بەنى ئىسرائىل ئوغۇللىرى بۇ ئىسىمنى قوبۇل قىلىپ كۆپ قوللىنىشقا باشلىغان.

بابىل سۈرگۈنى يەھۇدىلارغا قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى؟

بابىل سۈرگۈنىدىن كېيىن «يەھۇدى» ئىسمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن بىرلىكتە «ئىسرائىل» ۋە «ئىسرائىل ئوغۇللىرى» تارىخى مەنانى ئىپادىلىسە، «يەھۇدى» ئىسمى خۇسۇسى ۋە مەۋجۇت بىر قەۋمنى تونۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. تارىختا بۇ ئىككى ئاتالغۇ خاراكتېر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۈنىمىزدە «ئىسرائىل» ۋە «يەھۇدى» ئىسىملىرىنىڭ ئىككىلىسى ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. 1948-يىلىدا قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ ئىسمىمۇ ئىسرائىلىيەدۇر. بۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى ئېتنىك (مىللى) تەركىۋىگە قارىماستىن «ئىسرائىلىيەلىك» دېيىلمەكتە. يەھۇدى ئىسمى ئىرق ۋە دىن جەھەتتىن يەھۇدى بولغانلارغا قارىتىلىدۇ.

قۇرئانى-كەرىمدە ئىسرائىل ئوغۇللىرى ۋە يەھۇدى سۆزلىرى زىكىر قىلىنغان. ئىسرائىل كەلىمىسى بىلەن ھەزرىتى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام نەزەردە تۇتۇلغان. ھەزرىتى ئىسادىن ئىلگىرىكى يەھۇدىلار «ئىسرائىل ئوغۇللىرى» يەنى بەنى ئىسرائىل، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى «يەھۇدى» دەپ ئاتالغان.

### 2.2. يەھۇدىلىكنىڭ تەبىرى

يەھۇدىلىك مەلۇم بىر تۇپراق بىلەن كىملىكلەشتۈرۈلگەن، ھاياتنى ئورتاق بىر ئەقىدە، بىر تىل، ئەدەبىيات، قانۇن ۋە سەنئەت ئەتراپىدا بىرلەشتۈرگەن بىر قەۋمنىڭ ئىسمىدۇر. ھازىرقى زامان يەھۇدى ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، يەھۇدىلىك ئىسرائىل دۆلىتىدە مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان مىللى ئاپتونوم ھاياتى بىلەن تەخمىنەن 2000 يىللىق سۈرگۈن ھاياتىدا بارلىققا كەلگەن بىر مەدەنىيەتتۇر.

يەھۇدى دىن ئالىملىرىنىڭ تۈزگەن ھۆكۈملىرىدە يەھۇدى بولۇشنىڭ بەزى ئىرقىي ۋە دىنىي شەرتلىرى باردۇر. يەھۇدى بولۇشنىڭ ئاساسلىق شەرتى يەھۇدى ئاتا-ئانىدىن ياكى يەھۇدى بىر ئانىدىن تۇغۇلغان بولىشى كېرەك. پەقەت دادىسى يەھۇدى بولغان بىر ئادەم يەھۇدى بولىشى ئۈچۈن يەھۇدى دىنىغا كىرىشى لازىم. بۇ جەھەتتىن «يەھۇدىلىك» ئاتالغۇسى مەلۇم ئىرققا، مەدەنىيەتكە ۋە دىنغا مەنسۇپ بولۇشنى ئىپادە قىلىدىغان كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 2.3. يەھۇدىلىكنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە تەرەققىياتى

يەھۇدىلەرنىڭ تارىخى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىنىدۇ. يەھۇدىلارنىڭ بۈيۈك ئاتىسى بولغان ھەزرىتى ئىبراھىم تەۋراتتا بايان قىلىنىشىچە كەلدانىلارنىڭ ئۇر شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى تەرەھ (ئىسلام مەنبەلىرىدە ئازەر) بىلەن ھەررانغا كۆچۈپ كەلگەن. ھەزرىتى ئىبراھىم بۇ يەردە بىر مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن ئاتىلىرىنىڭ يۇرتى بولغان كەنئانغا بارغان. كەنئاندا قۇرغاقچىلىق ئاپەتى يۈز بېرىشى تۈپەيلى مىسىرغا بارغان. بىر مەزگىل مىسىردا قالغان. كېيىن مىسىر پىرئەۋنىنىڭ بەرگەن ھەدىيەلىرى بىلەن باي بولۇپ تەكرار كەنئانغا قايتقان. يېنىدا ئايالى سارانىڭ دېدەكى ھاجەرمۇ بار ئىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئايالى سارانىڭ تۇغماسلىقى سەۋەبىدىن ئەۋلادى بولمىغان. بۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بولغان سارا ھەزرىتى ئىبراھىمگە دېدەكى ھاجەر بىلەن ئۆيلىنىشنى تەكلىپ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئىبراھىم ھەزرىتى ھاجەر بىلەن ئۆيلەنگەن. بۇ ئۆيلىنىشتىن كېيىن ھەزرىتى ئىسمائىل دۇنياغا كەلگەن. ھاجەرنىڭ ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشى سارانىڭ كۈندەشلىكىنى قوزغىغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ھەزرىتى

www.islamyoli.net

ئىبراھىمغا مېھمان سۈرىتىدە ئەۋەتىپ، سارانىڭ بىر ئوغۇل تۇغىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇشخەۋەر بەرگەن.

سارا ئۆز ئوغلى ھەزرىتى ئىسھاقنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن ھەجەر ۋە ئوغلىغا بولغان كۈندەشلىكى تېخىمۇ ئۆرلىگەن. سارا بۇ كۈندەشلىك تۈپەيلى ھەزرىتى ئىبراھىمدىن ھاجەر ۋە ئوغلىنى يېنىدىن يىراقلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ئاللاھ ھەزرىتى ئىبراھىمنى سارانىڭ سۆزىنى تىڭشىماسلىقنى، نەسلىنىڭ ھەزرىتى ئىسھاق بىلەن ئۈلۈغلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئەھدىلىشىپ، ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭمۇ نەسلىنى مۇبارەك بىر مىللەت قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ھەزرىتى ئىبراھىم ھاجەر ۋە ئوغلى ئىسمائىلنى پاران دېگەن يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ قويغان.

تەۋراتتا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ نەسلىنى داۋاملاشتۇرغان ھەزرىتى ئىسھاقنىڭ ئىككى ئوغلى بارلىقى بايان قىلىندۇ. بۇلاردىن ھەزرىتى ياقۇپ «ئىسرائىل» لەقىمىنى ئېلىپ يەھۇدى تارىخىدا ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتكەن. يەھۇدىلارنىڭ نەسلى ھەزرىتى ياقۇپنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بىلەن داۋام قىلىدۇ.

ھەزرىتى ياقۇپنىڭ كىچىك ئوغلى ھەزرىتى يۈسۈپكە قارىتا ئالاھىدە مۇھەببىتى بار ئىدى. بۇ سەۋەپتىن باشقا بىر تۇققانلىرى ھەزرىتى يۈسۈپكە ھەسەت قىلىپ ئۇنى بىر قۇدۇققا تاشلىۋەتتى. مىسىرغا مال ئېلىپ ماڭغان بىر سودا كارۋىنى يۈسۈپنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ، مىسىردا پىرئەۋننىڭ خىزمەتچىسى پوتىپارغا سېتىۋەتتى. كېيىن ھەزرىتى يۈسۈپ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن پىرئەۋننىڭ سارىيىدا مالىيە ۋەزىرى بولدى. مىسىرنىڭ بارلىق ئىقتىسادى يۈسۈپكە ئامانەت قىلىندى.

ھەزرىتى ئىبراھىم دەۋرىدىكىگە ئوخشاش كەنئان دىيارىدىمۇ تەكرار قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئەۋجىگە چىقتى. ھەزرىتى ياقۇپ مىسىردا زىرائەتنىڭ موللىقىنى ئاڭلاپ، ئوغۇللىرىنى مىسىرغا ئەۋەتتى. بۇلار مىسىردا ھەزرىتى يۈسۈپ بىلەن ئۇچراشتى. ھەزرىتى يۈسۈپ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى دادىسى بىلەن بىرلىكتە مىسىرغا كېلىشكە چاقىردى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ھەزرىتى ياقۇپ قەبىلىسىنى ئېلىپ مىسىرغا كەلدى. ئەمما ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مىسىردا ئەھۋال ئۆزگەردى. تەختكە چىققان يېڭى پىرئەۋن بەنى ئىسرائىلنى قۇل قىلدى. بەنى ئىسرائىل مىسىردا 400 يىل قۇل قىلىندى.

ھەزرىتى مۇسا ھەققىدىكى مەلۇماتلار

بەنى ئىسرائىلنىڭ ئاسارىتى جەريانىدا شۇ دەۋردىكى مىسىر پىرئەۋنى بىر چۈش كۆردى. كاھىنلار ئۇنىڭ چۈشكە تەبىر بېرىپ، يېقىندا بەنى ئىسرائىل ئارىسىدا بىر ئوغۇل دۇنياغا كېلىپ پىرئەۋننىڭ تەختىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ تەبىر پىرئەۋننى قاتتىق بىئارام قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن بۇ يىل تۇغۇلىدىغان بارلىق ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرىدى.

ھەزرىتى مۇسا شۇ يىلى دۇنياغا كەلدى. ئانىسى ھەزرىتى مۇسانى ناھايىتى مەخپى تۇغۇپ، ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن ئۇنى بىر سېۋەتنىڭ ئىچىگە قويۇپ نىل دەرياسىغا تاشلىدى. پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى سېۋەتنى كۆتۈرۈپ سارايغا ئېلىپ كەلدى. پىرئەۋن بۇ بوۋاقنى بالا قىلىۋالدى.

ھەزرىتى مۇسا سارايدا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ بىر كۈنى شەھەرگە كېلىپ، شەھەرنى ئايلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بىر ئىسرائىللىق بىلەن بىر مىسىرلىقنىڭ جېدەللىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھەزرىتى مۇسا ئىسرائىللىققا ياردەم قىلىش ئۈچۈن بۇ جېدەلگە ئارىلىشىپ، مىسىرلىققا بىر مۇش ئاتتى. مىسىرلىق دەرھال شۇ يەردە ئۆلدى. ھەزرىتى مۇسا پىرئەۋننىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، مىسىردىن قېچىپ مەديەنگە باردى. ئۇ يەردە مەديەن كاھىنى يەترو (شۇئەيب)نىڭ يېنىدا ئىشلەشكە باشلىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەندى.

بىر كۈنى ھەزرىتى مۇسا يەترونىڭ قويلىرىنى ئوتلىتىۋاتقاندا، ئاللاھ ھورەب تېغىدا كۆيۈۋاتقان بىر جانلىق نەرسىنىڭ ئىچىدىن ھەزرىتى مۇساغا خىتاب قىلىپ، ھەزرىتى مۇسانى بەنى ئىسرائىلنى مىسىر زۇلمىدىن قۇتقۇزۇشقا بۇيرىدى. ئىنىسى ھارۇننى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ھەزرىتى مۇسانىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ باشلانغانلىقى ئىدى.

ھەزرىتى مۇسا ئاللاھتىن بۇ ۋەزىپىنى ئالغاندىن كېيىن مىسىرغا باردى ۋە پىرئەۋندىن ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى ئەركىنلىككە چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. قۇرئاننىڭ بايان قىلىشىچە، پىرئەۋنى بىر ئاللاھقا ئىشىنىشكە چاقىردى. پەقەت پىرئەۋن بەنى ئىسرائىلنى ئەركىنلىككە چىقىرىشقا قوشۇلمىدى. بۇنىڭ بىلەن مىسىرغا كۆپلىگەن بالا- قازالار كەلدى. ئاخىرىدا مىسىرلىقلارنىڭ بېسىمى بىلەن پىرئەۋن نىيىتىدىن ياندى. ھەزرىتى مۇسا بەنى ئىسرائىل بىلەن بىرلىكتە مىسىردىن چىقتى. ئۈچ ئايدىن كېيىن شامغا باردى. ئۇ يەردە ئاللاھ يەھۇدىلىكنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىنى تەشكىل قىلىدىغان 12 ئەمرنى لەۋھاغا يېزىلغان ھالەتتە ھەزرىتى مۇساغا بەردى.

سىنادىكى بۇ ۋەھيىدىن كېيىن ھەزرىتى مۇسا ئاتىلىرى ئىبراھىم، ئىسھاق، ۋە ياقۇپقا ۋەدە قىلىنغان مۇقەددەس زېمىن (ئارزى مەۋئۇد)غا بېرىش ئۈچۈن ئىسرائىل ئوغۇللىرى

www.islamyoli.net

بىلەن يولغا چىقتى. ئىسرائىل ئوغۇللىرى بۇ كۆچۈش جەريانىدا داۋاملىق ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھەزرىتى مۇسانى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئاللاھ بۇ ئىسيان سەۋەبىدىن ئۇلارغا بىر نەچچە قېتىم جازا بەردى. بىرىلگەن ئەڭ قاتتىق جازا 40 يىل چۆللەردە ئايلىنىپ يۈرۈشى ئىدى. مىسىردىن چىققان ئۈنجى نەسىل ئۆلۈپ تۈگىدى. بۇلار تەۋراتتا ھەم قۇرئانى-كەرىمدە تەپسىلى بايان قىلىنغان. مىسىردىن يولغا چىققان ئۈنجى نەسىلدىن پەقەت ئىككى كىشى يەفۇننە ئوغلى كالەپ بىلەن نۇن ئوغلى يەشۇ ۋەدە قىلىنغان مۇقەددەس زېمىنغا يېتىپ باراالىدى. تەۋراتتا بايان قىلىنىشچە، ھەزرىتى مۇسا كىچىك بىر خاتالىقى سەۋەبىدىن مۇقەددەس زېمىننى كۆرەلمىگەن.

ھەزرىتى مۇسا پەيغەمبەرلىك جەريانىدا ئاللاھ ۋەھيى قىلغان ئايەتلەرنى بىر كىتاپ شەكلىگە كەلتۈردى. 12 لەۋھا بىلەن بىرلىكتە ئاھىت (ئەھدى) ساندۇقىغا قويدى. بۇ ئاھىت ساندۇقىنى ئىسرائىل ئوغۇللىرى كۆچۈش جەريانىدا يېنىدا بىرگە ئېلىپ يۈردى.

ھەزرىتى مۇسا 120 يېشىدا مۇئاب دېگەن يەردە ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. ھەزرىتى مۇسانىڭ پەيغەمبەرلىكى دەۋرىدە يەھۇدى دىنى ئاساسەن شەكىللەندى. ئېتىقاد، ئەخلاق، ئىبادەت ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى. يەنە ئىسرائىل ئوغۇللىرى مۇقەددەس زېمىنغا كەلگەن ۋاقىتدا قۇرۇلىدىغان دۆلەتنىڭ خاراكتېرىمۇ بەلگىلەندى.

ھەزرىتى مۇسادىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا يەشۇ چىقتى. يەشۇ مۇقەددەس زېمىنغا كۆچۈش جەريانىدا ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا پەيغەمبەرلىك ھەم رەھبەرلىك قىلدى. ئۇنىڭغىمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن يېڭى ھۆكۈملەر چۈشۈرۈلدى.

يەشۇدىن كېيىن ئىسرائىل ئوغۇللىرى بىر مۇددەت رەھبەرسىز قالدى. قەبىلىلەر «شوفتىم» دەپ ئاتىلىدىغان ھاكىملار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىندى. بۇ دەۋىردە دىن تارىخى ۋە ئىسرائىل ئوغۇللىرى تارىخىدا ھەرخىل ئۆزگىرىشلەر بولدى. قەبىلىلەرنىڭ بېشىدا بىر پەيغەمبەر بولماسلىقىغا قارىماي، ئاللاھ ئۇلارغا ۋەھيى ئەۋەتىشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ شۇ دەۋردىكى ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمقى ئاھىت («كونا ئەھدى») كىتاۋىدا بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىم نىسا سۈرىسى 163-ئايىتىدە ئىشارەتلەر بار.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا سامۇئەل پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. خەلقنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن سائۇل (قۇرئاندىكى ئىسمى تالۇت) ئۇلارغا پادىشاھ بولدى. سائۇل زامانىدا ئىسرائىل ئوغۇللىرى پەلەستىنلىكلەر بىلەن ئۇرۇشتى. ھەزرىتى داۋۇد بۇ ئۇرۇشتا بۈيۈك مۇۋاپپىقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، ئىسرائىل ئوغۇللىرى غالىپ كەلدى.

سائۇلنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى داۋۇد ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا پادىشاھ بولدى. يەھۇدى مۇقەددەس كىتاپلىرىنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە تاتانغا ئوخشاش پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن. ھەزرىتى داۋۇد قۇددۇسنى فەتھى قىلىپ ئۇنى پايتەخت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل ئوغۇللىرى مۇقەددەس زېمىنغا ئىگە بولدى. ھەزرىتى داۋۇد قۇددۇستا بۈيۈك بىر ئىبادەتخانا بىنا قىلىشنى ئويلىدى. پەقەت ئاللاھ بۇ ئىشنى ئوغلى سۇلايمانغا نېسىپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى نىيىتىدىن ۋاز كەچتۈردى.

داۋۇد پەيغەمبەر ھېساپلانماسلىق بىلەن بىرلىكتە پادىشاھ سۈپىتىدە يەھۇدى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئەڭ شانلىق دەۋرنى ياشىغان. تارىختىن بۇيان يەھۇدىلار ھەمىشە ھەزرىتى داۋۇدنىڭ دەۋرىدىكى قۇدرەتلىك زامانلىرىنى سېغىنغان. ئۇنىڭ نەسلىدىن بىر مەسىھنىڭ چىقىپ، ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇشنى ۋە مۇقەددەس زېمىندا ئۇ كۆركەم پادىشاھلىقنى قۇرۇشنى كۈتكەن. 1948-يىلى مۇستەقىل ئىسرائىلىيە دۆلىتى قورۇلغان بولسىمۇ، ئەمما دىندار يەھۇدىلارنىڭ ھەممىسى داۋۇدنىڭ نەسلىدىن كېلىدىغان مەسىھنى ساقلاۋاتىدۇ.

ھەزرىتى داۋۇدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئورنىغا سۇلايمان تەختكە چىقتى. ئاللاھنىڭ ۋەدە قىلغىنىغا ئوخشاش، ھەزرىتى سۇلايمان قۇددۇستىكى مورىئاھ تېغىدا بۈيۈك بىر مابەد (ئىبادەتخانا) بىنا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يەھۇدى تارىخىدا مابەت دەۋرى باشلاندى. بۇ مابەت بەيت-ھامىكداش (مۇقەددەس ئۆي) ئىسمى بىلەن ئاتالدى. ئىسلام تارىخىدىكى ئىسمى مەسجىدى ئەقسادۇر.

ھەزرىتى سۇلايماننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئارىسىدا خاتىرجەمسىزلىك باشلاندى. بۇنىڭ سەۋەبى ھەزرىتى داۋۇدنىڭ قىلغان بىرگۇناھى ئىدى. ھەزرىتى داۋۇد ئەسكەرلىرى ئىچىدىن تۇرىيانىڭ ئايالىنى بىگۇناھ مۇسادىرە قىلغان. بۇ سەۋەپتىن ئىسرائىل ئوغۇللىرى ھەزرىتى سۇلايماندىن كېيىن پارچىلىنىپ جازالاندۇرۇلغان. ئۇلار بىرسى شىمالدا، يەنە بىرسى جەنۇپتا ياھۇدا دەپ ئاتالغان ئىككى پادىشاھلىققا ئايرىلغان. بۇلاردىن كېيىن ئىسرائىل پادىشاھلىقى بۇتپەرەسلىككە قاراپ يۈز تۇتتى. بۇ پادىشاھلىق مىلادىدىن ئىلگىرىكى 722- يىلىدا ئاسۇرلۇقلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئاسۇرلۇقلار بۇ رايوندىكى كونتروللۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئاسۇردىن بىر قىسىم ئىنسانلارنى يۆتكەپ كېلىپ، بۇ يەرگە ماكانلاشتۇردى. بۇ بىر قىسىم ئىنسانلار كېيىنچە يەھۇدى ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلدى. ئەمما بۇلار ئىسرائىل ئىرقىدىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يەھۇدىلار بۇلارنى ھەقىقى يەھۇدى دەپ ئېتىراپ قىلمىدى، ئۇلارنى چەتكە قاقتى. ياھۇدا پادىشاھلىقى بىر مەزگىل مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن،

www.islamyoli.net

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 587-يىلىدا بابىل پادىشاھى نابۇكەد نازار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. قۇددۇستىكى مابەد بابىللىقلار تەرىپىدىن چېقىپ تاشلىنىپ، خەلق بابىلغا سۈرگۈن قىلىندى. 1-مابەت دەۋرى مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى. بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىسرائىل ئوغۇللىرى تاكى 1948-يىلىغىچە مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرالمىدى، داۋاملىق سۈرگۈندە ياشىدى. ئىسرائىل ئوغۇللىرى بابىلدە 70 يىل قالدى. بابىلدىكى سۈرگۈن ھاياتى پارسلار (ئىرانلىقلار)نىڭ بابىللارغا غالىپ كېلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. پارس پادىشاھى كورەش يەھۇدىلارنىڭ قۇددۇسقا قايتىپ كېلىشىگە ۋە مابەتنى يېڭىدىن بىنا قىلىشىغا رۇخسەت بەردى. ئەزرانىڭ رەھبەرلىكىدە مابەت يېڭىدىن بىنا قىلىنىپ، يەھۇدىلىكنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرى تەكرار ئىجرا قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن يەھۇدى تارىخىدا 2- مابەت دەۋرى باشلاندى.

2- مابەت دەۋرى مىلادىدىن كېيىنكى 70–يىللارغىچە داۋام قىلدى. بۇ دەۋرىدە يەھۇدىلىك دىن سۈپىتىدە تەرەققى قىلىپ، تەۋرات ھەققىدە تەپسىر تەتقىقاتى باشلاندى. بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىدا پارىسلىك، سادۇقىلىق ۋە ئەسسەنىلىك مەزھەپلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. خرىستىئانلىق ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقىتتا پەلەستىندە قالايمىقانچىلىق بار ئىدى. رىملىقلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاۋاتقان يەھۇدىلار ھەرخىل دىنىي ۋە سىياسىي بېسىم ئاستىدا ئىدى. يەھۇدىلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى سەۋەبىدىن رىملىقلار مىلادىدىن كېيىنكى 70–يىلىدا قۇددۇسنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى ۋە بابىل سۈرگۈنىدىن كېيىن قايتىشتا بىنا قىلىنغان مابەتنى يىقتى. يەھۇدىلارنىڭ بىر قىسمى سۈرگۈن قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن يەھۇدىلارنىڭ تەركىبىدە مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بولدى.

مابەتنىڭ چېقىپ تاشلىنىشى ۋە بەزى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى سەۋەبىدىن يەھۇدىلىكنىڭ مۇھىم دىنىي قائىدىلىرى ئىجرا قىلىنىشتىن توختىدى. چۈنكى بۇ قائىدىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى مابەت ۋە باشقا دىنىي ئورگانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا باغلىق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەھۇدىلار بۇ دەۋردە تەۋراتنى تەپسىر قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. تەۋراتنىڭ تۇنجى تەپسىرى «مىشنا» بىر كىتاپ قىلىنىپ، 2-ئەسىردە رەتلەندى. «مىشنا» تەۋراتتىن كېيىن يەھۇدىلىكتە ئىككىنچى ناس مەنبەسىگە ئۆتتى. كېيىن «مىشنا» ھەققىدىمۇ تەپسىرلەر يېزىلىشقا باشلىدى. بۇ تەتقىقاتلار يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئېقىمنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولدى. بۇلار شام ۋە باغداد ئېقىملىرىدىن ئىبارەت ئىدى. «مىشنا» ھەققىدە شامدا ئېلىپ بېرىلغان تەپسىر تەتقىقاتىدىن كېيىن «قۇددۇس تالمۇدى»، باغدادتا ئېلىپ بېرىلغان تەپسىر تەتقىقاتىدىن كېيىن «بابىل تالمۇدى» بارلىققا كەلدى. «بابىل تالمۇدى» يەھۇدىلىكتە مۇھىم نوپۇزغا ئىگە بولدى. كېيىن «تالمۇد» ھەققىدە ئىزاھاتلار قىلىندى. بۇ ئىزاھاتتىن بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر،

يەھۇدىلىكتە مۇراجىئەت قىلىنىدىغان كىتاپلارغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىلىك ئاساسىي جەھەتتىن كۈنىمىزدىكى شەكلىگە كەلدى.



## 2.4. يەھۇدىلىكنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكى

يەھۇدىلىك بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئاھت (ئەھدى، كېلىشىم) دىنى بولغانلىقىدا. ئاللاھ يەھۇدىلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلار بىلەن بىر ئەھدى تۈزگەن. بۇ ئەھدىگە ئاساسەن ئاللاھ ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ نەسلىنى بۈيۈك بىر مىللەت قىلىدىغانلىقىنى، سۈت ۋە ھەسەل ئاقىدىغان مۇقەددەس زېمىننى ئۇلارغا بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. ئاللاھ كېيىن بۇ ۋەدىسىنى ھەزرىتى مۇسا دەۋرىدە تەكرارلىغان. بۇ سەۋەپتىن يەھۇدىلىكتە مىللەت بىلەن دىن بىر بىرىگە زىچ باغلىنىشلىقتۇر.

يەھۇدىلىكنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى مۇقەددەس تۇپراق بىلەن كىملىكلەشتۈرۈلگەنلىكىدۇر. يەھۇدىلىك بارلىق تەشكىلات ۋە قائىدە-تۈزۈملىرى بىلەن مۇقەددەس زېمىندا مەۋجۇت بولالايدۇ. بۇ مۇقەددەس زېمىن بولسا پەلەستىندۇر. يەھۇدىلىكنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى مابەت ۋە مەسىھ چۈشەنچىسىدۇر. تۆۋەندە بۇلارنى تەپسىلى چۈشەندۈرىمىز.

### 2.4.1. تاللانغانلىق

يەھۇدىلىكنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ ئاتىلىرى ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپ بىلەن بىر ئاھت (ئەھدى، كېلىشىم) تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ نەسلىنى ئۆزى ئۈچۈن ئالاھىدە مىللەت قىلىپ تاللىغان. بۇ سەۋەپتىن تارىختا ئۇلارغا داۋاملىق ياردەم قىلغان. 400 يىللىق مىسىر ئىشغالىدىن ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەزرىتى مۇسانى ئەۋەتكەن ۋە ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان. مۇقەددەس كىتاپ تەۋراتنى باشقا مىللەتلەرگە بەرمەي، ئۇنى ئالايىتەن يەھۇدى مىللىتىگە تەقدىم قىلغان.

www.islamyoli.net

تاللانغانلىق پىكرى يەھۇدىلارنى تارىختا ئۇلارنى داۋاملىق باشقا مىللەتلەردىن ئايرىپ تۇرغان. يەھۇدىلار ھەر تۈرلۈك زۇلۇم ۋە مۇشكۇللۇكلەر ئالدىدا مىللى ۋە دىنىي كىملىكلىرىنى بۇ ئاڭ سايىسىدە قوغداپ جانلىق تۇتقان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار تەخمىنەن 2000 يىللىق سۈرگۈن ھاياتىدىن كېيىن 1948- يىلىدا مۇقەددەس زېمىندا مۇستەقىل بىر يەھۇدى دۆلىتىنى قورۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان.

دىندرا يەھۇدىلار تاللانغانلىقنى بىر ئىمتىياز دەپ بىلمەستىن، بەلكى كۈلپەت دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ئېتىزلىقنى قانداق پەرۋىش قىلىشتىن باشلاپ، كىيىم-كېچەكنىڭ رەڭگى ۋە تىكىلىشىگىچە بولغان كىچىك ئىشلارغا قەدەر قائىدىلەر بەلگىلەنگەن بىر دىننى ياشاش ۋە ياشىتىشقا مەجبۇر قالغانلىقنى ئويلايدۇ.

يەھۇدىلارنىڭ بۇ خىل تاللانغانلىقى قۇرئانى-كەرىم بەقەرە سۈرىسىنىڭ 47-ئايىتىدىمۇ بايان قىلىنغان. ئاللاھ يەھۇدىلەرگە، بىر ۋاقىتلاردا ئۇلارنى تاللىغانلىقىنى، باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ھەرخىل نېئمەتلەر بەرگەنلىكىنى ئەسلەتكەن.

## 2.4.2. مۇقەددەس تۇپراق ۋە مابەت

يەھۇدىلىك باشقا دىنلاردىن پەرقلىق شەكىلدە مەلۇم بىر زېمىن بىلەن كىملىكلەشتۈرۈلگەن بىر دىندۇر. يەھۇدىلىكنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەشكىلات ۋە قائىدە – تۈزۈملىرى بۇ زېمىنغا قاراپ بېكىتىلگەن ۋە شەكىللەندۈرۈلگەن. ئاللاھنىڭ تاللاپ بېكىتىشى سەۋەبى بىلەن مۇقەددەسلەشكەن بۇ زېمىن پەلەستىن زېمىنىدۇر. يەھۇدىلىك بۇ زېمىننىڭ سىرتىدا تولۇق ئىجرا قىلىنالمايدۇ. مەجبۇرى سۈرگۈن دەۋرىدىن باشقا، تەۋراتنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قۇلاق بەرگەن يەھۇدىلار قەتئى بۇ زېمىندا ياشىشى كېرەك. يەھۇدى دىن ئالىملىرى ئىمكانى بار تۇرۇپ، بۇ مۇقەددەس زېمىندا ياشىمىغان يەھۇدىلارنى تەۋراتنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلمىدى دەپ قارايدۇ.

يەھۇدىلارنىڭ ھاياتىدا مۇقەددەس زېمىننىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

يەھۇدى ئەنئەنىسىدە مۇقەددەس زېمىن ئىچىگە جايلاشقان قۇددۇس دۇنيانىڭ مەركىزىدۇر. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش بۇ يەردىن باشلىنىدۇ. دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە كۆمۈلگەن يەھۇدىلار قايتا تىرىلىش كۈنىدە يەر ئاستىدىكى قانال يولى ئارقىلىق مۇقەددەس زېمىنغا كېلىدۇ. تىرىلىش بۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

يۇقىردىكى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن يەھۇدىلار مەجبۇر قالمىسا، مۇقەددەس زېمىن سىرتىدا ياشىمايدۇ. ھەتتا بۇ زېمىندىن باشقا بىر يەردە دۆلەت قورۇشمۇ جائىز ئەمەس. سىيونىزمنىڭ قۇرغۇچىسى تىئودۇر ھەرزىل 19-ئەسىردە بىر پىلان تۈزگەن ،ئەمما بۇ پىلان دىنى ساھەنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئۇ ئەنگلىيەنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇگاندادا بىر دۆلەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان، ئەمما يەھۇدى دىنىي زاتلىرى يەھۇدىلارنىڭ مۇقەددەس زېمىن سىرتىدا بىر دۆلەت قۇرۇشىنىڭ دىنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىگەن. تىئودۇر ھەرزىل دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەي، بۇ پىلاندىن ۋاز كېچىپ، نائىلاج پەلەستىندە دۆلەت قۇرۇش پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.

يەھۇدىلىك مۇقەددەس ھېساپلانغان پەلەستىن زېمىنى بىلەن كىملىكلەشتۈرۈلگەن بىر دىن بولغىنىغا ئوخشاش، ئەينى ۋاقىتتا مابەد مەركەزلىك بىر دىندۇر. يەھۇدىلىكتە بەزى قائىدە-تۈزۈملەر مابەتتە ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ مابەت ھەرقانداق بىر مابەت (سىناگوگ)قا ئوخشىمايدۇ. بۇ مابەت ئورنىنى ئاللاھ تاللاپ بەرگەن ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن پادىشاھ سۇلايمان تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان قۇددۇستىكى مەشھۇر مابەتتۇر. سۇلايمان مابەدى دەپ ئاتالغان بۇ مابەتنىڭ يەھۇدىلىكتىكى ئىسمى بەد ھامىكتاش (مۇقەددەس ئۆي)دۇر. بىر نەچچە قېتىم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئەڭ ئاخىرىدا مىلادىدىن كېيىنكى 70- يىلىدا تامامەن يىقىلغان. سۇلايمان مابەدىدىن كۈنىمىزدە پەقەتلا غەربى تام قېلىپ قالغان. مابەتنىڭ ئورنىغا كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن مەسچىدى ئەقسا بىنا قىلىنغان. سۇلايمان مابەدىدىن قالغان غەربى تام يەھۇدىلار ئۈچۈن قىممەتلىكتۇر. ئىسمى ئىبرانىچە «كوتەل»دۇر. يەھۇدىلار بۇ تامنىڭ ئالدىدا مابەتنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچۈن يىغا-زارە قىلىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا يېڭىدىن بىنا قىلىش ئۈچۈن ئاللاھقا يالۋۇرىدۇ.

يەھۇدىلار 1967-يىلىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا قۇددۇسنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەسچىدى ئەقسانى چېقىپ ئورنىغا سۇلايمان مابەدىنى بىنا قىلمىغان. بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار. بىرسى مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقى، يەنە بىرسى يەھۇدىلىكنىڭ مەسىھچى پىكرىدۇر. ئىسرائىلىيە دۆلىتى ئىسلام دۇنياسىنىڭ قارشىلىقىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىرغىچە بۇ ئىشنى پىلانىغا قويمىدى. ئىسرائىلىيەنىڭ بۇنداق قىلىشىدا دىنىنىڭ مۇھىم تۆھپىسى بار. چۈنكى ئورتودوكسال يەھۇدىلارنىڭ قارىشىچە، سۇلايمان مابەدىنى يېڭىدىن بىنا قىلىش مەسىھنىڭ كېلىشىگە باغلىقتۇر. مەسىھ كېلىشتىن ئىلگىرى بۇنداق تەشەببۇستا بولۇش دىنىي ساھەنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىن بىلەن دۆلەت بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى كېلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن، يەھۇدىلار سۇلايمان مابەدىنى قايتىدىن بىنا قىلىش تەشەببۇسىنى قىلمايۋاتىدۇ.

### 2.4.3. مەسىھچىلىك

مەسىھ بىر قۇتقۇزغۇچىدۇر. ئۇزۇن ۋاقىت قىيىنچىلىقتا قالغان، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالمىغان بارلىق مىللەتلەردە بىر مەسىھ چۈشەنچىسى بولغان. يەھۇدىلاردىكى مەسىھ چۈشەنچىسى مىلادى 70-يىلىدا رىم ئىشغالىدىن كېيىن تېخىمۇ گەۋدىلىك ئوتتۇرىغا چىققان. رىملىقلار يەھۇدىلارنىڭ قۇددۇستىكى مابەدىنى يىقىپ، مۇھىم دىنىي ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەھۇدىلارغا زۇلۇم سالغان. 70-يىلدىكى مابەد يىقىلىشىدىن كېيىن يەھۇدىلار قايتىدىن جەم بولالماي، تاكى 1948-يىلغىچە داۋاملىق باشقا مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاپ كەلگەن. بۇ ئەھۋال ئۇلاردا داۋۇد نەسلىدىن كېلىدىغان ۋە ئۆزلىرىنى قۇتقۇزىدىغان پەۋقۇلئاددە كۈچكە ئىگە بىر مەسىھ ئەقىدىسىنى پەيدا قىلغان. يەھۇدى دىن ئالىملىرى بۇ ئەقىدىنىڭ ئاساسىنى مۇقەددەس كىتاپلارغا تاياندۇرغان. 8-ئەسىردە مەشھۇر يەھۇدى ئالىمى مايمۇنىدەس (ئىسلام دۇنياسىدا مۇسا ئىبنى مەيمۇن دەپ بىلىنىدۇ) يەھۇدىلار ئۈچۈن تۈزگەن 13 ماددىلىق ئىمان ئاساسلىرىغا مەسىھ ئەقىدىسىنىمۇ كىرگۈزگەن. يەھۇدىلار ھەر كۈنى ئەتتىگەنلىك ئىبادەتلىرىدە «كېچىككەن بولسىمۇ، ئەمما مەسىھنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» سۆزىنى ئىمان ئىقرارى دەپ تەكرارلايدۇ.

يەھۇدىلاردىكى مەسىھ ئەقىدىسىنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

مەسىھ ئەقىدىسى ئورتودوكسال يەھۇدىلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئورتودوكسال يەھۇدىلارنىڭ چۈشەنچىسىدە يەھۇدىلارنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە قائىدە-تۈزۈملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى مەسىھنىڭ كېلىشىگە باغلىقتۇر. بۇ مەزھەپتىكى يەھۇدىلار مەسىھ كېلىشتىن ئىلگىرى قۇرۇلغان ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ.

مەسىھ ئەقىدىسى يەھۇدى تارىخىدا بىر نەچچە ساختا مەسىھنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولغان. 17-ئەسىردە ساباتاي سەۋى ئىسىملىك بىرسى ئىزمىردە ئۆزىنى مەسىھ دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى دۇنيا يەھۇدىلىرى ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغىغان. پەقەت ئۇنىڭ ئاخىرىدا بۇ پىكرىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسمىنى مەھمەتكە ئۆزگەرتىپ مۇسۇلمان بولىشى يەھۇدىلارنى قاتتىق ئۈمىتسىزلەندۈرگەن. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن كېيىن تۈركىيەدە «قايتقانلار» دەپ ئاتالغان بىر دىنىي جامائەت ئوتتۇرىغا

چىققان. بۇ جامائەت ساباتاي سەۋىنىڭ كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان، ئەمما ئىچىدە يەھۇدىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان قائىدە-تۈزۈملىرگە باغلىقتۇر.

2.5. يەھۇدىلىكنىڭ ئون ئاساسى پرىنسىپى: ئون ئەمىر

ئون ئەمىر ھەزرىتى مۇساغا سىنا تېغىدا لەۋھالارغا يېزىلغان شەكىلدە چۈشۈرۈلگەن. تەۋراتنىڭ ئىككى ئايرىم بۆلۈمىدە بايان قىلىنغان ئون ئەمىر تۆۋەندىكىچە:

1. سىنى مىسىر دىياردىن، ئاسارەت ئۆيىدىن چىقارغان ئاللاھ مەن، مەندىن باشقا ئىلاھىڭ بولمايدۇ.

2. ئۆزەڭ ئۈچۈن بۇت ياسىما، ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چوقۇنما.

3. ئاللاھنىڭ ئىسمىنى كېرەكسىز يەردە ئېغىزىڭغا ئالما.

4. شەنبە كۈنىنى دائىما ئەسلەپ، ئۇنى مۇقەددەس بىل. ھەپتىنىڭ ئالتە كۈنىدە ئىشلەپ 7-كۈنىدە دەم ئالىسەن. شەنبە كۈنى ئاللاھقا ئايرىلغان ئاساسى دەم ئېلىش كۈنىدۇر. ئۇ كۈنى سەن، ئوغلۇڭ، قىزىڭ، خىزمەتچىلىرىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭنىمۇ بىرەر ئىشقا سالمايسەن.

5. ئاتا-ئاناڭغا ھۆرمەت قىلىسەن.

6. ئۆلتۈرمەيسەن.

7. زىنا قىلمايسەن.

8. ئوغرىلىق قىلمايسەن.

9. خوشناڭ ئالدىدا يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيسەن.

10. خوشناڭنىڭ ئۆيىگە تاما قىلمايسەن، خوشناڭنىڭ ئايالى، قۇلى، دېدىكى، كالىسى، ئېشىكى ۋە ھەرقانداق نەرسىسىگە كۆز سالمايسەن.

يەھۇدىلارنىڭ ئون ئەمرى بىلەن ئىسلام ئاساسلىرى ئوتتۇرىسىدا قانداق ئوخشاشلىقلار بار؟

بۇ ئون ئەمرنىڭ ئالدىنقى تۆت ماددىسى تەۋھىد ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ ماددىلار ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. 5-ماددا شەخسىنىڭ ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا، كېيىنكى تۆت ماددا بولسا جەمئىيەتنىڭ تەرتىپ ۋە بىخەتەرلىكىنى ساقلاشقا مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپلاردۇر.

## 2.6. كۆنىمزدە يەھۇدىلىك

كۆنىمزدە يەھۇدىلىك ئورتودوكسال يەھۇدىلىك ۋە زامانىۋى يەھۇدىلىك دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. ئورتودوكسال يەھۇدىلىك ئەنئەنىۋى دىنىي چۈشەنچىنى قوبۇل قىلىدۇ. زامانىۋى يەھۇدىلىك بۇ چۈشەنچىگە تەنقىدى پۇزىتسىيىدە قاراپ، دەۋرنىڭ شەرتلىرىگە ئاساسەن يەھۇدىلىكتە بىر قىسىم ئۆزگەرتىشلەر ئېلىپ بېرىشنى، ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەھۇدىلىكتىكى بۇ پىكىر ئايرىمچىلىقى يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا يېڭى مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولغان.

### 2.6.1. ئورتودوكسال يەھۇدىلىك

ئورتودوكسال يەھۇدىلىك ھەزرىتى ئىسا دەۋرىدە پارىسلىك بىلەن كېلىپ چىققان ئانا گەۋدىنىڭ كۆنىمزدىكى ۋەكىللىرىدۇر. شۇڭا ئۇلار ئەنئەنىۋى يەھۇدى چۈشەنچىسىنى ئەينەن داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار تەۋراتنىڭ ئاللاھنىڭ مۇساغا يازدۇرغان ئىلاھىي بىر ۋەھيى ئىكەنلىكىگە، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىزاھاتى بولغان« مىشنا» ۋە «تالمۇد»نىڭمۇ ئىلاھىي مەنبەلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. بۇلار تەۋراتنىڭ ۋە دىن ئالىمى رابىبىلەرنىڭ تۈزگەن قائىدە-تۈزۈملىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇلاردا ھەرقانداق بىر ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىلىشىغا يول قويمايدۇ. يەنە ئۇلار ئەنئەنىۋى يەھۇدىلىكنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان تاللانغانلىق، مۇقەددەس زېمىن، مابەت ۋە مەسىھ چۈشەنچىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ.

ئورتودوكسال يەھۇدىلىك مەزھىپىگە تەۋە دىندار يەھۇدىلار يۇقۇرىقى ماددىلاردىكى ئون ئەمرگە بويسۇنۇش ھەققىدە پەۋقۇلئاددە ئەستايىدىلدۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىسمىنى پايدىسىز يەردە ئېغىزغا ئالماسلىق ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ سېلىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن، ئىبادەتلەردىمۇ ئاللاھ ئىسمىنى تەلەپپۇز قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا «يولباشچىمىز» مەنىسىنى بىلدۈرۈدىغان «ئادوناي» سۆزىنى قوللىنىدۇ. شەنبە كۈنىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا رىئايە قىلىش ئۈچۈن، بۇ كۈندە ھېچقانداق بىر ئىش قىلمايدۇ. ماشىنا ھەيدىمەيدۇ، ئېلېكترونلۇق ئەسۋاپلار ئىشلەتمەيدۇ، ئوت ياقمايدۇ. بۇ ھەقتە يەھۇدى دىن ئالىملىرىنىڭ كۆرسەتكەن قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئورتودوكسال يەھۇدىلار دىنىي ھۆكۈم جەھەتتە ناھايىتى ئەستايىدىلدۇر. بولۇپمۇ ھاسىدىلەر بۇ جەھەتتە قەتئىي بوشاڭلىق قىلمايدۇ. ھاسىدىلەر تەۋراتتىكى ھۆكۈملەر بىلەن دىن ئالىمى رابىبىلەرنىڭ تۈزۈپ بەرگەن قائىدىلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىدۇ.

ھاسىدلەر بارلىق ھاياتىنى دىنغا ئاتاپ دۇنياغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇ سەۋەپتىن، ھەرقانداق بىر ئىشتا ئىشلىمەيدۇ. پەقەت سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن كۆپ بالىلىق بولىدۇ. بالىلىرىنى ئۆزلىرى ئاچقان خۇسۇسى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇتىدۇ. ھاسىدى بالىلار ھاياتىنى دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

### ئەنئەنىۋى يەھۇدىلىك چۈشەنچىسىگە تەسىر قىلغان ئامىللار قايسىلار؟

#### 2.6.2. زامانىۋى يەھۇدىلىك

1789-يىلدىكى فرانسۇز ئىنقىلاۋى يەھۇدى دۇنياسىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ، يەھۇدىلارنى قاتتىق بىئارام قىلغان. فرانسۇز ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ياۋرۇپادا يەھۇدىلارغا قارشى قاراشلاردا ئۆزگىرىش بولغان. يەھۇدىلار مەلۇم جەھەتتە راھەتلىككە چىققان. بۇ راھەت مۇھىت ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن. زامانىۋى يەھۇدىلارنىڭ ئەنئەنىۋى يەھۇدىلىك چۈشەنچىسىگە تەسىر قىلغان يەنە بىر ئامىل ئۇزۇندىن بېرى كۈتىۋاتقان مەسىھنىڭ كەلمىگەنلىكىدۇر. ھەرخىل تەبىقىلەر ساقلاۋاتقان بۇ مەسىھنىڭ قەتئى كەلمەيدىغانلىقى، بۇ سەۋەپتىن ۋەدە قىلىنغان خوشخەۋەرنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىق چۈشەنچىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ياۋرۇپادا ياشاۋاتقان يەھۇدىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەنئەنىۋى يەھۇدى ئەقىدىلىرىنى تاشلاپ، ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ شەرتلىرىگە ئۇيغۇن ھايات شەكلىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۇيغۇن كۆرگەن. بۇ زامانىۋى يەھۇدىلىك چۈشەنچىسىگە ئىسلاھاتچىل يەھۇدىلىك ئىسمى بېرىلگەن.

ئىسلاھاتچىل يەھۇدىلىك 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا گېرمان يەھۇدىلىرى ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ھەرىكەت كېيىن ئامېرىكىغا يوتكىلىپ، ئامېرىكا يەھۇدىلىرى ئارىسىداتەرەققى قىلغان.

ئىسلاھاتچىلار تەۋراتنى ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان بىر كىتاپ دەپ قارىمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تەۋرات ئاتىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بىر كىتاپتۇر. بۇ سەۋەپتىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەمىر ۋە چەكلىمىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەھمىيىتىنى يۇقاتقان. كىتاپتىكى قىسسەلەر تارىخى ھەقىقەتلەرنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بۇ سەۋەپتىن، ئىسلاھاتچىلار يارىتىلىش ھېكايىسىنىڭ ئورنىغا دارۋىن تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئىسلاھاتچىلار باشتا مەسىھچىلىكتىن باشلاپ، ئەنئەنىۋى يەھۇدىلىكنىڭ كۆپلىگەن پرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ياشاشقا بولىدىغان ھەر قانداق يەر مۇقەددەستۇر. ئاياللار ئەرلەر بىلەن دىن ئالدىدا باراۋەردۇر. سىناگوگلاردا بىر-بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلالايدۇ. ھەتتا ئاياللار ھاخامىمۇ بولالايدۇ ۋە سىناگوگلاردا ئىبادەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلالايدۇ.

يەھۇدىلىكتىكى يېڭىلىق ھەرىكەتلىرى ئىسلاھاتچىل يەھۇدىلىك ئىچىدە يەر ئالغان بەزى دىنىي زاتلار تەرىپىدىن ئاشقۇنلۇق دەپ قارالغان. باشتا ئىساك بەرمايىس ۋە زەچارىئاس فرانكەل قاتارلىق ئىسلاھاتچىل يەھۇدىلارنىڭ بەزى ھاخاملىرى ئىسلاھاتتا بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن بۇ ھەرىكەتتىن ئايرىلىپ، ئايرىم بىر مەزھەپ قۇرغان. بۇ مەزھەپكە مۇھاپىزىكار يەھۇدىلىك دەپ ئىسىم بېرىلگەن.

مۇھاپىزىكار يەھۇدىلىك ئورتودوكسال يەھۇدىلىك بىلەن ئىسلاھاتچىل يەھۇدىلىك ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقان يەھۇدىلىكتۇر. مۇھاپىزىكار يەھۇدىلار ئەنئەنىۋى يەھۇدىلىكنىڭ تەشەببۇسلىرىغا رىئايە قىلىدۇ. پەقەت تەشەببۇسلارنى ئىجرا قىلىشتا ئورتودوكسال يەھۇدىلارغا ئوخشاش قاتتىق ئەمەس.

### 2.7. يەھۇدىلىكنىڭ باشقا دىن ۋە ئىرقلارغا بولغان كۆز قارىشى

يەھۇدىلىكتە ئىنسانلار ئەقىدە جەھەتتىن يەھۇدىلار، نۇھىلار ۋە بۇتپەرەسلەر دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ. يەھۇدى ئىرقىدىن بولغان ۋە يەھۇدى دىنى ھۆكۈملىرىگە رىئايە قىلغانلار يەھۇدى دېيىلىدۇ. يەھۇدىلىكنى قوبۇل قىلماسلىق بىلەن بىرلىكتە ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن دەپ قارالغان يەتتە دانە قانۇنغا رىئايە قىلغانلارغا «نۇھى» ئىسمى بېرىلىدۇ. بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلار بۇتپەرەس دېيىلىدۇ. يەھۇدىلىك بۇتپەرەسلىكنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە نۇھىلىكنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەزرىتى نۇھقا بېرىلگەنلىكىگە ئىشىنىلگەن يەتتە قانۇننى قەلبىدە تەستىق قىلغان ۋە ئىجرا قىلغان كىشىلەر يەھۇدىلىكتە ھەقىقى دىندار ھېساپلىنىدۇ. بۇ يەتتە قانۇن تۆۋەندىكىچە:

1 . بۇتپەرەسلىكتىن يىراق تۇرۇش
2. كۇپۇردىن يىراق تۇرۇش
3. زىنادىن، بولۇپمۇ تۇققانلار ئارىسىدىكى زىنادىن يىراق تۇرۇش
4. ئادالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئادالەت ئورگانلىرىنى قۇرۇش، بارلىق مۇناسىۋەتلەردە ئادىل ۋە دۇرۇس بولۇش.
5. قان تۆكمەسلىك

6. ئوغرىلىق قىلماسلىق
7. جانلىق ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېمەسلىك

يەھۇدىلىكتە بۇ يەتتە قانۇننى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭغا رىئايە قىلغانلار جەننەتكە كىرەلەيدۇ. ئەمما يەھۇدىلار بىلەن ئوتتۇرىسىدا دەرىجە پەرقى بولىدۇ.
يەھۇدىلار خرىستىئانلىق ۋە ئىسلامىيەتنى دىن دەپ تونىمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە خرىستىئانلار ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەقىدە جەھەتتىن نۇھى دەپ قارايدۇ.

### 2.8. قۇرئاندا يەھۇدىلىك ۋە يەھۇدىلار

قۇرئانى-كەرىم دىن ئىسمى سۈپىتىدە يەھۇدىلىكتىن زىكىر قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، يەھۇدىلارنىڭ ئەقىدە ۋە سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن كۆپ زىكىر قىلىدۇ. قۇرئانى-كەرىم يەھۇدىلارنىڭ ئەقىدىسىنى، ئىسلامنىڭ قەدىمقى تاماملانمىغان ۋە قىسمەن ئۆزگەرتىلگەن شەكلى دەپ قارايدۇ. باشقا بىر ئىپادە بىلەن قۇرئانى-كەرىم بەزى ئەقىدە ۋە ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن يەھۇدىلارنى خرىستىئانلارغا قارىغاندا كۆپرەك تەنقىدلەيدۇ. بۇ تەنقىدلەر ئەقىدىگە قارىغاندا ئەخلاقى ھەرىكەتلەردە تېخىمۇ كۆپرەكتۇر.

يەھۇدىلار قۇرئاندا قايسى نوقتىلاردا تەنقىد قىلىنىدۇ؟

قۇرئانى-كەرىمدە يەھۇدىلارغا قارىتىلغان تەنقىدلەر تارىختىن بۇيان مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىلارغا قارشى ناچار پوزىتسىيىدە بولۇشىغا سەۋەپ بولغان. بولۇپمۇ: «ئىنسانلارغا ئەڭ شىددەتلىك دۈشمەن سۈپىتىدە يەھۇدىلار ۋە مۇشرىكلارنى كۆرىسەن، سۆيگۈ جەھەتتىن ئەڭ يېقىن بولغانلىرى بىز خرىستىئانلار دېگەنلەرنى كۆرىسەن» (مائىدە سۈرىسى 80- ئايەت) دېگەن ئايەت سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار يەھۇدىلارنى ھەرۋاقىت دۈشمەن كۆرگەن. ئەمىلىيەتتە بۇ ئايەتتە يەھۇدىلارنىڭ ھەر ۋاقىت مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن، خرىستىئانلارنىڭ ھەر ۋاقىت مۇسۇلمانلارغا دوست بولىدىغانلىق مەنىسى چىقمايدۇ. شارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن بەزىدە يەھۇدىلار، بەزىدە خرىستىئانلار مۇسۇلمانلارغا دوست ياكى دۈشمەن بولىشى مۇمكىن. چۈنكى تارىختا مۇشۇنداق بولغان. بۇ ھەققەتنى نەزەردە تۇتقان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلار يەھۇدى ۋە خرىستىئانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بۇ ئاساستا قۇرغان.

ئۇلار ۋاقتى كەلگەندە يەھۇدىلار بىلەن، ۋاقتى كەلگەندە خرىستىئانلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتلەر ئورناتقان.

## 3. خرىستىئانلىق

### 3.1. خرىستىئانلىقتا ناسرانى ۋە ناسارا ئاتالغۇلىرى

خرىستىئانلىق: بۇ كەلىمە مەسىھنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، تەرەپدارلىرى مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان خرىستىئان سۆزىدىن كېلىپ چىققان. خرىستىئان ئىسمى تۇنجى قېتىم مىلادى 40–يىللاردا ئانتاكيادا ئىشلىتىلگەن. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئىسىم كەڭ تارقالغان. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئىسانىڭ مەسىھلىكىگە ۋە قۇتقۇزغۇچىلىقىغا ئىشەنگۈچىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. خرىستىئانلار مەنسۇپ بولغان دىنىي باشقا دىنلاردىن ئايرىش ئۈچۈن خرىستىئانلىق ئىسمى بېرىلگەن.

ناسرانى ۋە ناسارا: بۇ ئاتالغۇلار قۇرئانى-كەرىمدە ھەزرىتى ئىساغا ئىشەنگەنلەرنى تونۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان. ناسرانى ئاتالغۇسىنىڭ يىلتىزى ھەققىدە ھەرخىل پىكىرلەر بار. بەزىلىرىنىڭ پىكرىچە، بۇ ئاتالغۇ ھەزرىتى ئىسانىڭ تۇغۇلغان يېرىنىڭ ئىسمى ناسىران (نازارەتھ)دىن كەلگەن. يەنە بەزىلەرنىڭ پىكرىچە، بۇ ئاتالغۇنىڭ يىلتىزى ئەرەپچە «ناسرا» پېئىلىدىن كەلگەن. « ئاللاھ يولىدا ئىساغا ياردەمچى بولغانلار ۋە ئۆز-ئارا ياردەملەشكەنلەر» دېگەن مەنىدە خرىستىئانلارغا «ناسارا» دېيىلگەن. بۇ سۆز يەھۇدى، ناسارالار مەزھىبىنىڭ ئىسمىدىن كەلگەنلىكىنى سۆزلىگەنلەرمۇ بار.

### 3.2. خرىستىئانلىق تەبىرى

خرىستىئانلىق يەھۇدى دىنىي ئادىتى بىلەن يۇنان، رىم (گېرىكو-رومان) دۇنياسىنىڭ كۆلت (ئادەتلىرى)نى بىرلەشتۈرگەن قۇتقۇزغۇچى بىر دىندۇر. خرىستىئانلىقتا ھەزرىتى ئىسا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قۇتقۇزغۇچى تەڭرى دەپ قوبۇل قىلىنغان ھەزرىتى ئىسانىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆلۈمى، تىرىلىشى قاتارلىق ۋەقەلەر بۇ دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. خرىستىئانلىقتا ھەزرىتى ئىسانىڭ قۇتقۇزغۇچى تەڭرىلىقىغا ئىمان ئېيتىش، ۋاپتىز (سۇغا چۆمۈلۈش) ۋە ئەۋخارىستىيا مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئاساستۇر. خرىستىئانلىقنى تارقىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەر بىر خرىستىئاننىڭ دىنىي ۋەزىپىسىدۇر.

www.islamyoli.net

بۇلارنى كۆز ئالدىمىزدا تۇتقان ۋاقتىمىزدا خرىستىئانلىقنى قىسقىچە مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. خرىستىئانلىق: قۇتقۇزغۇچى تەڭرى دەپ قوبۇل قىلىنغان ھەزرىتى ئىسانى مەركەز قىلغان، تارقىلىشچان خاراكتېرگە ئىگە ئالەمشۇمۇل قۇتۇلۇش دىنىدۇر.

### 3.3. خرىستىئانلىقنىڭ تارىخى

خرىستىئانلىقنىڭ تارىخى ھەزرىتى ئىسا بىلەن باشلىنىدۇ. ھەزرىتى ئىسا تەخمىنەن بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى پەلەستىندە دۇنياغا كەلگەن بىر يەھۇدى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى يەھۇدى مىللىتىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. پەقەت يەھۇدىلار ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، رىملىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىشىگە سەۋەبچى بولغان. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالمىغان. ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ سانى قاتتىق زۇلۇمغا ئۇچرىشىغا قارىماي كۆپەيگەن.

خرىستىئانلىق ئىلگىرى يەھۇدىلىكنىڭ داۋامى ئىدى. تارسۇسلۇق بىر يەھۇدى پاۋلۇسنىڭ تەسىرى بىلەن خرىستىئانلىقتا ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ يەھۇدىلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتى ئاستا-ئاستا يۇقالدى. يەھۇدىلىكتىن كەلگەن ئەقىدە، ئىبادەت ۋە باشقا دىنىي پائالىيەتلەر تەرك قىلىندى. بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىشى خرىستىئانلىقنىڭ گېرىكو-رومان خەلقلىرى ئارىسىغا تىزلىكتە تارقىلىشىغا سەۋەب بولدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، گېرىكو-رومانلىق خاراكتېر ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ۋاقىتتا خرىستىئانلىق بۇتپەرەس گېرىكو-رومان دۇنياسىنىڭ كۆپلىگەن دىنىي ھۆكۈملىرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلدى.

خرىستىئانلىق 4-ئەسىرگىچە رىم دۆلىتىنىڭ قاتتىق زۇلمىغا ئۇچرىدى. بۇ سەۋەپتىن خرىستىئانلىقنىڭ مۇقەددەس كىتاپ، ئەقىدە ۋە ئىبادەتكە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملىرى بەلگىلەنمىدى. خرىستىئانلىق مىلادى 4-ئەسىردە رىم دۆلىتىنىڭ رەسمى دىنىي سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئەركىنلىككە چىقتى. بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ خرىستىئان دۇنياسىدىكى ھەرخىل ئەقىدە ۋە چۈشەنچىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەينى-كەينىدىن كونسۇللار(كېڭەشلەر) ئېچىلدى. بۇ كېڭەشلەردە ئاللاھ بىلەن بىرگە ھەزرىتى ئىسا ۋە مۇقەددەس روھنىڭ تەڭرى ئىكەنلىكى قارار قىلىنىپ، «تەسلىس» (ئۈچلۈك تەڭرى ئەقىدىسى) تەشكىل قىلىندى. ئەمما بۇ ئەقىدە خرىستىئانلار ئوتتۇرىسىدا كۆپلىگەن قىينچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خرىستىئانلار ھەرخىل كېڭەشلەردە بۇ قىينچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا تىرىشتى. پەقەت ھېچ بىر كېڭەش بۇ مەسىلىنى ھەل

قىلالمىدى. ھەزرىتى ئىسانىڭ ئىنسانىي ۋە ئىلاھىي تەبىئىتىنىڭ ماھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تالاش-تارتىشلار سەۋەبىدىن خرىستىئانلىقتا تۇنجى پارچىلىنىش باشلىدى. بۇ تالاش-تارتىشلارنىڭ ئاخىرىدا مونوفىزىت (تەۋھىد ئېتىقادچىسى، تەك تەڭرىچى) دېيىلگەن جامائەت ئانا گەۋدىدىن ئايرىلدى. 11-ئەسىردە مۇقەددەس روھنىڭ كىمدىن چىققانلىقى توغرىسىدىكى تالاش-تارتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سىياسىي جېدەللەر بىلەن كاتولىك-ئورتودوكس ئايرىلىشى مەيدانغا كەلدى. بۇ خرىستىئانلىق دۇنياسىدىكى جىددىي بىر بۆلۈنۈش ئىدى. بۇ بۆلۈنۈش نەتىجىسىدە، خرىستىئان دۇنياسى كاتولىك ۋە ئورتودوكس دەپ ئىككى ئانا قۇتۇپقا ئايرىلدى.

خرىستىئانلىق 17- ئەسىردە يەنە بىر قېتىم بۆلۈندى. بۇ بۆلۈنۈش كاتولىك خرىستىئانلىق ئىچىدە بارلىققا كەلدى. كاتولىك خرىستىئانلارنىڭ ھۆكۈملىرىدىن نارازى بولغان مارتىن لۇتېرغا ئوخشاش ئىسلاھاتچى دىنىي زاتلار چېركاۋغا قارشى چىقتى. بۇ ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرىدا پروتەستان دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى مەزھەپ بارلىققا كەلدى. كاتولىك چېركاۋى ئىسلاھات تەرەپدارلىرىغا قارشى تەدبىر ئېلىش ئۈچۈن ئىسلاھاتقا ئاتلاندى. نەتىجىدە كۆپلىگەن كېڭەشلەر ئاچتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى كېڭەش ئارىسىدا 1962-1963-يىللىرى ئېچىلغان 2-ۋاتىكان كونسۇلى (كېڭىشى) ئىدى. بۇ كېڭەشتە كاتولىك چېركاۋى ئۆزىنى دەۋرىنىڭ شەرتلىرىگە ئۇيغۇن قىلىپ يېڭىدىن شەكىللەندۈردى.

### 3.4. خرىستىئان مەزھەپلىرى

تارىختا خرىستىئانلىق ئەقىدە، ئىبادەت ۋە باشقا دىنىي ھۆكۈملەردىن كېلىپ چىققان كۆپلىگەن تالاش-تارتىشلارغا سەھنە بولغان. بۇ تالاش-تارتىشلار خرىستىئانلىق ئىچىدە بىر-بىرىدىن پەرقلىق مەزھەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول ئاچقان. مونوفىزىت، كاتولىك، ئورتودوكس ۋە پروتەستان مەزھەپلىرى بۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرىدۇر. بۇ مەزھەپلەر ئومۇمىي جەھەتتىن چېركاۋ ئىسمى بىلەن خاتىرىلىنىدۇ.

مونوفىزىت مەزھەپلەر: بىر تەبىئەت دېگەنلىك بولىدۇ. ھەزرىتى ئىسادىكى ئىنسانىي تەبىئەتنىڭ ئىلاھىي تەبىئەت ئىچىدە يوق بولغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ئىسادا پەقەت ئىلاھىي تەبىئەتنىڭ بارلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەزھەپلەرگە مونوفىزىت مەزھىبى ئىسمى بېرىلگەن. كۆنىمىزدىكى ئەرمەنى، سۈريانى، ھابەش ۋە قىبتى چېركاۋلىرى بۇ مەزھەپكە تەۋەدۇر.

كاتولىك مەزھىبى: 11-ئەسىردىكى بۆلۈنۈشتىن كېيىن رىم چىركاۋى ئالەمشۇمۇل مەنانى ئىپادىلەيدىغان كاتولىك ئىسمىنى ئالغان. بۇنىڭ بىلەن كاتولىك مەزھىبى ئوتتۇرىغا چىققان. قورۇلۇشىنى ھاۋارى پەتروسقا تاياندۇرىدىغان بۇ مەزھەپ باشقا مەزھەپ چىركاۋلارغا قارىغاندا خرىستىئان دۇنياسىدا ئەڭ كۆپ مەنسۇبى بولغان مەزھەپتۇر. مەركىزىيەتچى بىر خاراكتېرگە ئىگە بولغان بۇ مەزھەپنىڭ بېشىدا پاپا باردۇر. پاپا ھاۋارىلەرنىڭ رەئىسى پەتروسنىڭ، شۇنداقلا ھەزرىتى ئىسانىڭ ۋەكىلى دەرىجىسىدىدۇر. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ۋاتىكان دۆلىتىنىڭ روھانى داھىسى ھېسابلىنىدۇ. كاتولىك مەزھىبىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

1. مەزھەپنىڭ ئەڭ يۇقىرى داھىسى پاپادۇر، ئۇ قەتئىي خاتالاشمايدۇ.
2. رىم ئالەمشۇمۇل مەنىسىدىكى كاتولىكلىكنىڭ مەركىزىدۇر ۋە باشقا چىركاۋلارنىڭ مەركەزلىرىدىن مەنىۋى جەھەتتە ئۈستۈندۇر.
3. ئالەمشۇمۇل قۇتۇلۇش، پەقەت كاتولىك مەزھىبىنىڭ پرىنسىپلىرىغا باغلىنىش بىلەن مۇمكىندۇر. چۈنكى كاتولىك مەزھىبى مۇقەددەس روھنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىدۇر.
4. كاتولىك مەزھىبى مۇقەددەس كىتاپنىڭ يېنىدا چىركاۋ ئەنئەنىسىگىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرىدۇ.
5. مۇقەددەس روھنىڭ دادا ۋە ئوغۇلدىن بىرلىكتە چىققانلىقىغا ئىشىنىدۇ.
6. ھەزرىتى ئىسانىڭ ئانىسى مەريەم بىلەن ئەزىز (ئۇلۇغ)لارغا ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە تەڭرىنىڭ يېنىدا شاپائەتچى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.
7. راھىبلەر ئۆيلەنمەيدۇ. راھىبلەرنىڭ سىرتىدىكى باشقا مەزھەپ مەنسۇپلىرى، زىنا سەۋەبىدىن باشقا ھەرقانداق بىر سەۋەپ بىلەن ئاجرىشىشقا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ.
8. كرېست بەلگىسى سولدىن ئوڭغا قاراپ ياسىلىدۇ.

ئورتودوكس مەزھىبى: ئورتودوكس «توغرا ئەقىدە، توغرا نەزىرىيەگە ئىگە بولغانلار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. 11-ئەسىردىكى بۆلۈنۈشتىن كېيىن، رىمدىكى چىركاۋ ئالەمشۇمۇللۇق پىكرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كاتولىك ئىسمىنى ئالغاندىن كېيىن، ئىستانبۇلدىكى ۋىزانتىيە چىركاۋىمۇ توغرا ئەقىدە يولىدا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئورتودوكس ئىسمىنى ئالغان. بۇ مەزھەپنىڭ باشقا مۇھىم مەركەزلىرى ئىسكەندەرىيە، ئانتاكيا ۋە قۇددۇس پاترىكلىكىدۇر. بۇلاردىن باشقا ئاپتونۇم ياكى قىسمەن ئاپتونۇم دەرىجىدىكى چىركاۋلارمۇ بار. ئورتودوكسلىقنى كاتولىكلىقتىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

1. ئورتودوكسلىقنىڭ روھانى داھىسى پاترىكتۇر، پاپاغا ئوخشاش بىر رەھبەرلىك دەرىجىسى يوقتۇر.

2. ئورتودوكسلار مۇقەددەس روھنىڭ پەقەتلا دادىدىن چىققانلىقىغا ئىشىنىدۇ.
3. پاپانىڭ خاتالاشمايدىغانلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ.
4. پەقەتلا ئالدىنقى يەتتەكونسۇلنىڭ قارارلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.
5. ھەزرىتى ئىسا، مەريەم ۋە خرىستىئان ئۇلۇغلىرىنىڭ رەسىم ۋە ھەيكەللىرىدىن تەركىپ تاپقان ئىكونلىرى (ھەيكەللىرى)غا ئەھمىيەت بېرىدۇ.
6. راھىپلار خالىسا ئۆيلىنەلەيدۇ.
7. خرىستىئانلىقنىڭ سىمۋولى بولغان كرېست بەلگىسىنىڭ تۆز ۋە تىك سىزىقلىرى بىر بىرىگە تەڭدۇر.

پروتەستان مەزھىبى: پروتەستان كەلىمىسى «قارشى چىققان، قوبۇل قىلمىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 16-ئەسىردە كاتولىك چېركاۋىغا قارشى چىققان ئىسلاھاتچىل ھەرىكەتلەرگە پروتەستان ئىسمى بېرىلگەن. گېرمانىيەلىك راھىپ مارتىن لۇتېير (1546-1489) باشلاتقان پروتەستان ھەرىكىتى ياۋروپانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا تارقالغان. پروتەستانلىق كاتولىك مەزھىبىنىڭ بۇزۇلغان ئەقىدە ۋە ھۆكۈملىرىگە قارشى چىقىپ، مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان.

كۈنىمىزدە ھەرخىل تەبىقىلەرگە ئايرىلغان پروتەستانلىقنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىگى تۆۋەندىكىچە:

1. پاپانىڭ خاتالاشمايدىغانلىقى ۋە ئىمتىيازى قوبۇل قىلىنمايدۇ.
2. چېركاۋ ئەنئەنىسى رەت قىلىنىدۇ. پەقەتلا مۇقەددەس كىتاپ (تەۋرات، ئىنجىل) دىندا نوپۇزغا ئىگە.
3. ساكرامەنتلەردىن پەقەت ۋاپتىز (سۇغا چۆمۈلۈش) ۋە ئەۋخارىستىيا قوبۇل قىلىنىدۇ.
4. ئەمەلگە قارىغاندا ئىمانغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.
5. دىنىي خىزمەتلەر سىنىپى بولۇش بىلەن بىرلىكتە روھبانلىق يوقتۇر.
6. ئۇلۇغلارغا ۋە مەريەمگە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ.
7. چېركاۋلاردا رەسىم ۋە ھەيكەل قويۇشقا بولمايدۇ.
8. گۇناھ پاكىزلاش(چىقىرىش) پىكرى قوبۇل قىلىنمايدۇ.
9. راھىپلار ئۆيلىنەلەيدۇ.

3.5. ۋاتىكان كونسۇلى (كېڭەشى) ۋە خرىستىئان دۇنياسىدىكى تەسىرى

20- ئەسىردىن باشلاپ دۇنيادا بارلىققا كەلگەن سىياسى ۋە ئىقتىسادى ئۆزگىرىشلەر خرىستىئان چىركاۋلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئەھۋال كاتولىك چىركاۋىغا تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. كاتولىك چىركاۋى، خرىستىئان چىركاۋلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشمەسلىكلەرگە بىر چارە تېپىش ئۈچۈن بىر كونسۇلنىڭ ئېچىلىشىنى قارا قىلغان. 2- ۋاتىكان كونسۇلى دەپ ئاتالغان بۇ كونسۇل پاپا 22-جون پائۇلنىڭ رەھبەرلىكىدە 1962-يىلى باشلىنىپ 1965-يىلىغىچە ئۈچ يىل داۋاملاشقان. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كاتولىك پىسكوپوسلار بۇ كونسۇلغا قاتناشقان، ئەمما ئورتودوكس ۋە باشقا خرىستىئان مەزھەپلەر بۇ يىغىنغا پەقەتلا رەسمىي كۆزەتكۈچى ئەۋەتكەن. بۇ كونسۇل (كېڭەش) خرىستىئان بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دىئالوگنىڭ باشلىتىلىشى ۋە خرىستىئانلىقنىڭ كۈنىمىزدىكى ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش جەھەتتە خرىستىئان دۇنياسىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

2- ۋاتىكان كونسۇلدا مۇزاكىرە قىلىنىپ قارار قىلىنغان ئاساسلىق مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

1. چىركاۋدا مۇقەددەس كىتاپنىڭ 1-ئورۇندا تۇرىشى
2. خرىستىئانلارغا بېرىلگەن ئاساسى دىنىي ۋەزىپە
3. خرىستىئان بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
4. ئادالەت، تىنچلىق ۋە كىشىلىك ھوقۇق كۆرەشلىرىگە ئاكتىپ ھەسسە قوشۇش
5. مەۋجۇت تىللاردا ئىبادەت قىلىش
6. خرىستىئانلىق سىرتىدىكى دىن مەنسۇپلىرىنىڭ قۇتۇلىشى

بۇ كونسۇلدا خرىستىئانلىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم باشقا دىن مەنسۇپلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قارارلار ئېلىنغان.

## 3.6. خرىستىئانلىقنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىگى

ھەر دىنىنىڭ ئالاھىدىلىگى بولغانغا ئوخشاش، خرىستىئانلىقنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگى بار. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بېشىدا مەسىھ ئەقىدىسى، چىركاۋ، ساكرامەنتلەر، قۇتۇلۇش پرىنسىپى ۋە مىسسىئونېرلىك قاتارلىق تۈرلەر كېلىدۇ. بۇ تۈرلەرنىڭ خرىستىئانلىقتا ئۆزىگە خاس ئەھمىيىتى بار.

### 3.6.1. مەسىھچىلىك

مەسىھچىلىك خرىستىئانلىق يەھۇدىلىكتىن قوبۇل قىلغان بىر چۈشەنچىدۇر. مەلۇم بولغىنىدەك، يەھۇدىلار ھەزرىتى داۋۇدنىڭ نەسلىدىن بىر قۇتقۇزغۇچى بىر مەسىھنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. خرىستىئانلار يەھۇدىلار ساقلاۋاتقان بۇ مەسىھنىڭ ھەزرىتى ئىسا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇنىڭ مەسىھلىكىگە ئىشەندى. خرىستىئان ئەقىدىسىگە ئاساسەن كۈتۈلۈۋاتقان مەسىھ بولغان ھەزرىتى ئىسا ئىنسانلارنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلدى ۋە ئاسمانغا يۈكسەلدى. ئۇ قىيامەتكە يېقىن قايتىدىن كېلىپ تەڭرىنىڭ پادىشاھلىقى دەپ ئاتىلىدىغان ھاكىمىيەت قۇرىدۇ. ئۇنىڭ دەۋرىدە خرىستىئانلار بۇ تەڭرى پادىشاھلىقىدا بەختلىك ھاياتتا ياشايدۇ. پروتەستان مەزھىبىگە باغلىق خرىستىئانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسا مەسىھنىڭ كېلىشىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىغا ئىشىنىدۇ. كاتولىكلەر ئۇنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقى بىلىنمىگەنلىكى ئۈچۈن، كۈندىلىك تۇرمۇشنى بۇنىڭغا قارىتا پىلانلىماسلىق كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

### 3.6.2. چىركاۋ ۋە ساكرامەنتلەر

#### 3.6.2.1. چىركاۋ

«جەمىيەت، جامائەت» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان چىركاۋ سۆزىنىڭ خرىستىئانلىقتا كۆپلىگەن مەنىلىرى بار. ئىبادەت ئۈچۈن يىغىلغان يەرلەر چىركاۋ دېيىلگىنىگە ئوخشاش رايۇنلۇق ۋە ئالەمشۇمۇللۇق خۇسۇسىيەتتىكى خرىستىئان جەمىيىتىگە ۋە خرىستىئانلىقتىكى ھەرخىل دىنىي مەزھەپلەرگىمۇ چىركاۋ ئىسمى بېرىلگەن.
خرىستىئانلىقتا دىنىي بىر جامائەت شەكلىدە چىركاۋنىڭ تۇنجى ئاساسىنى ھەزرىتى ئىسا قۇرغان. ھەزرىتى ئىسادىن كېيىن چىركاۋ ھاۋارىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا كېڭىيىپ تەشكىللىنىشقا باشلىغان. كېيىن ھەرخىل ئۇنۋانلارغا ئىگە بولغان دىنىي زاتلار تەشكىلاتنىڭ ھوقۇقىنى قولغا ئالغان.
خرىستىئان ئەقىدىسىدە چىركاۋ ھەزرىتى ئىسانىڭ يەر يۈزىدىكى بەدىنىنى تەمسىل قىلىدۇ. ھەزرىتى ئىسانىڭ چىركاۋدا مەنىۋى شەكىلدە داۋاملىق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىلىدۇ. خرىستىئانلار چىركاۋ ئارقىلىق ھەزرىتى ئىسا بىلەن ئالاقىلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ بارلىقىغا قېتىلىدۇ.

#### 3.6.2.2. ساكرامەنتلەر

ساكرامەنت «مۇقەددەس نەرسە، مۇراسىم» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. خرىستىئانلىقتىكى ساكرامەنتلەر ھەزرىتى ئىسانىڭ پەلەستىندىكى ۋاقتىدا قىلغان ئىشلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. خرىستىئانلار ھەزرىتى ئىسا كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تىرىلگەنلىكىگە ۋە چىركاۋدا ياشىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. باشقا بىر مەنادا ئىپادىلىسەك، ساكرامەنتلەر خرىستىئانلارنىڭ ھەزرىتى ئىسا بىلەن ئالاقە قۇرۇشىنى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا مەنىۋى شەكىلدە قوشۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

خرىستىئان مەزھەپلىرى ئوتتۇرىسىدا ساكرامەنتلەرنىڭ سانى ۋە ھۆكۈملىرى جەھەتتە ئوخشىماسلىقلار بار. بارلىق خرىستىئانلار قوبۇل قىلغان ئىككى ساكرامەنت بار: بۇلار سۇغا چۆمۈلدۈرۈش(ۋاپتىز) ۋە ئەۋخارىستىيا ساكرامەنتلىرىدۇر. كاتولىك ۋە ئورتودوكسلار بۇ ئىككى ساكرامەنتنى كۈچلەندۈرۈش، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇش، روھبانلىق، گۇناھ ئېتىراپى (تەۋبە) ئاخىرقى ياغلاش دېگەن بەش ساكرامەنتنى قوشۇپ، ساكرامەنت سانىنى يەتتىگە چىقارغان.

ئا) ۋاپتىز: (سۇغا چۆمۈلدۈرۈش) بارلىق خرىستىئانلار قوبۇل قىلغان بىر ساكرامەنت بولۇپ، خرىستىئانلىققا كىرىشنىڭ تۇنجى شەرتىدۇر. باشقا ساكرامەنتلەرگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ۋاپتىز بولۇش كېرەك. ۋاپتىز بولغان ئادەم تۇغۇلۇشىدىن بار بولغان گۇناھىدىن پاكلىنىپ يېڭىدىن تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئىسانىڭ مەنىۋى بەدىنىگە قوشۇلىدۇ.

ۋاپتىزنىڭ ئىجرا قىلىنىشى مەزھەپلەرگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. بەزى مەزھەپلەردە ۋاپتىز سۇغا كىرىش، بەزىلىرىدە سۇ سېپىش، ياكى تۆكۈش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇۋاقلار ۋاپتىز قىلىنغاندەك خرىستىئانلىقتا تۇنجى كىرمەكچى بولغان ياكى مەزھەپ ئالماشتۇرماقچى بولغان ئىنسانلارمۇ قىلىنىدۇ.

ب) كۈچلەندۈرۈش: ۋاپتىز بولغان كىشىنىڭ ۋاپتىزلىقىنى بېكىتىش ئۈچۈن مۇقەددەس ياغ سۈرتۈش رەسمىيىتىدۇر. كۈچلەندۈرۈش خرىستىئانلىقنى قوبۇل قىلىپ ۋاپتىز بولغاندىن كېيىنكى باسقۇچنى تەشكىل قىلىدۇ. چىركاۋ مەسئۇلى راھىپ ۋاپتىز بولۇپ بۇرۇنقى گۇناھىدىن قۇتۇلغان كىشىگە مۇقەددەس ياغ سۈرتۈپ ئۇنىڭغا مۇقەددەس روھ بېغىشلايدۇ. بۇ ساكرامەنتنىڭ ئىجرا قىلىنىشىمۇ مەزھەپلەرگە قاراپ ھەرخىل بولىدۇ.

ت) ئەۋخارىستىيا: (نان-شاراپ) شۈكۈر قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەزرىتى ئىسا ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ھاۋارىلىرى (شاگىرتلىرى) بىلەن بىرگە يېگەن ئاخىرقى ئاخشام تامىقىنى خاتىرلەش مۇراسىمىدۇر. ئىنجىلدا بايان قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئىسا ئاخىرقى ئاخشام تامىقىدا ناننى پارچىلاپ، «بۇ مېنىڭ گۆشۈمدۇر» دەپ ھاۋارىلەرگە بەرگەن. كېيىن

www.islamyoli.net

بىر پىيالە شاراپ چىقىرىپ، «بۇ مىنىڭ قېنىمدۇر» دەپ ئۇنىمۇ ھاۋارىلەرگە ئىچكۈزگەن. چىركاۋ بۇ ۋەقەلەرنى كېيىنچە مۇراسىم شەكلىگە كەلتۈرگەن.

ئەۋھارىستىيا خرىستىئانلىقتا ساكرامەنتلەردىن بىرسىدۇر. بۇ ساكرامەنت خرىستىئان ئەقىدە ۋە ئىبادەتلىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. خرىستىئانلار ھەزرىتى ئىسانىڭ گۆشىنى ۋە قېنىنى تەمسىل قىلغانلىقىغا ئىشىنىپ، نان ۋە شاراپنى بۇلۇشۇپ ئۇنىڭ بارلىقىغا ئورتاق بولىدۇ. خرىستىئانلار بۇ مۇراسىم ئارقىلىق بىر جەھەتتىن ھەزرىتى ئىسانى تەڭرىگە قۇربانلىق قىلىدۇ.

ئەۋخارىستىياغا بېرىلگەن مەنا ۋە بۇنى ئىجرا قىلىش ۋاقتى مەزھەپلەرگە ئاساسەن ئۆزگىرىدۇ. كاتولىكلەر بۇ مۇراسىمنى كۈندە ئىككى قېتىم ئۆتكۈزىدۇ. ئورتودوكسلار يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرىدە، پروتەستانلار يىلدا بىر قانچە قېتىم ئۆتكۈزىدۇ.

ج) ئۆيلىنىش: (نىكاھ) خرىستىئانلىقتا ئۆيلىنىش، شەخسنىڭ نىكاھلىنىش ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دۇنياۋى بىر ئەھۋال ئەمەس. خرىستىئانلار ئۆيلىنىشنى ھەزرىتى ئىسا بىلەن چىركاۋ ئوتتۇرىسىدىكى كېسىلمەس روھى رىشتىنىڭ بىر شەكلى دەپ قارايدۇ. مۇراسىم خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئۆيلىنىش ئىككى كىشىنىڭ كېلىشىمىنى چىركاۋ تەرىپىدىن مۇقەددەسلەشتۈرۈشنى ۋە بۇ ئىككى كىشىنى چىركاۋدا بىر رىشتە بىلەن باغلاش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مۇراسىم خاراكتېرىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن نىكاھ مۇراسىمى چىركاۋدا ئۆتكۈزىلىدۇ. كاتولىكلەر توي قىلغان ئەر-خوتۇننىڭ ئايرىلىشىغا قەتئى رۇخسەت قىلمايدۇ. ئورتودوكسلار بولسا مەلۇم شەرتلەرگە ئاساسەن ئايرىلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ.

چ) روھبانلىق: ھاياتىنى دىنىي خىزمەتلەرگە ئاتاشنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوبۇل قىلغان كىشىلەرگە بەزى ئۇنۋانلار بېرىلىدىغان مۇراسىمدۇر. دىياكوس، پاپاز ۋە پىسكوپۇس ماقامىغا ئۆرلەيدىغانلارغا بۇ مۇراسىمدا ماقام بېرىلىدۇ. بۇ مۇراسىمغا پىسكوپوس رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

خ) گۇناھ ئېتراپى: (تەۋبە) شەخسنىڭ قىلغان گۇناھ ۋە ئەسكى ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى ۋە ۋاپىتىزنىڭ تەسىرىنى تەكرار پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزىلىدىغان بىر مۇراسىمدۇر. بىر ئادەم قانداق گۇناھ ئۆتكۈزسە ئۆتكۈزسۇن، قىلغان گۇناھىغا سەمىمى پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلسا، گۇناھى يۇيۇلىدۇ. گۇناھىنى ئېتراپ قىلىدىغان شەخس چىركاۋدىكى مەخسۇس ئايرىلغان يەرگە كىرىپ راھىپقا گۇناھىنى ئېيتىدۇ، راھىپ گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇپ، چىركاۋغا ۋاكالىتەن ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا راھىپ گۇناھىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن جازامۇ بېرەلەيدۇ.

د) ئاخىرقى ياغلاش: كېسەللىكتە بولۇپمۇ ئۆلۈم ۋاقتىدا ئىنساننى راھەتلىتىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. كېسەل كىشىنىڭ شىپا تېپىشى ئۈچۈن، مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن

www.islamyoli.net

ياغ سۇرتىلىدۇ. بۇ ئىبادەت بىمارغا يالغۇز ئەمەسلىكىنى، ھەزرىتى ئىسانىڭ ئۇنىڭغا ھەمرا ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارغۇچە ئۇنى يالغۇز قويمايدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

### 3.6.3. قۇتقۇلۇش پرىنسىپى

خرىستىئانلىق ئاساسى پرىنسىپلىرى جەھەتتىن بىر قۇتقۇلۇش دىنىدۇر. بۇ دىن ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىنى قۇتقۇلۇش كۆرىشى تارىخى دەپ قارايدۇ. خرىستىئانلىقتا ئىنسانىيەت گۇناھكار تەبىئىتى سەۋەبى بىلەن ئۆز ئالدىغا قۇتۇلالمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن تەڭرى يالغۇز ئوغلى ھەزرىتى ئىسانى ئىنسانلارنىڭ گۇناھىغا كەففارەت بولۇش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغان. بۇنىڭ سايىسىدە ئىنسانلار گۇناھلاردىن پاكلىنىش ئىمكانىغا ئېرىشكەن. يەر يۈزىدە قىلىنغۇاتقان بۇزۇقچىلىق ۋە گۇناھلار ھەزرىتى ئىسانىڭ ئىككىنچى قېتىم كېلىشى بىلەن تۈگەيدۇ. خرىستىئانلار بۈيۈك بىر ئۈمىت بىلەن بۇ ۋەقەنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كۈتمەكتە.

### 3.6.4. مىسسىئونېرلىك

مىسسىئونېرلىك دىن تارقىتىش پائالىيتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر ئاتالغۇدۇر. بۇ ئاتالغۇ خرىستىئانلىق بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلانغان. چۈنكى خرىستىئانلار دىن تارقىتىش ۋە خرىستىئانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايۇنلىرىدا تەرتىپلىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. مىسسىئونېرلىك خرىستىئانلىقنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىگىدۇر. بۇ سەۋەپتىن مىسسىئونېرلىكنىڭ خرىستىئانلىقتا ئالاھىدە بىر ئورنى بار. ھەر خرىستىئان ئۆزىنى تەبىئى بىر مىسسىئونېر دەپ بىلىدۇ. خرىستىئانلارغا بۇ ۋەزىپە ھەزرىتى ئىسا تەرىپىدىن بېرىلگەن.

خرىستىئانلىقتا مىسسىئونېرلىكنىڭ بۇنداق مۇھىم بولىشى، خرىستىئانلىقتىكى قۇتقۇلۇش چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان. خرىستىئانلارنىڭ چۈشەنچىسىدە، يەر يۈزىدىكى ئەسكىلىك ۋە گۇناھلارنىڭ يوقۇتۇلىشى ھەزرىتى ئىسانىڭ 2-قېتىم كېلىپ تەڭرى پادىشاھلىقىنى قۇرۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ 2-قېتىم كېلىشى بىر قىسىم شەرتلەرگە باغلىقتۇر. بۇلاردىن ئەڭ مۇھىمى يەر يۈزىنىڭ ھەر تەرىپىدە خرىستىئان جامائەتلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن خرىستىئانلار مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

### 3.7. خرىستىئانلىقنىڭ باشقا دىنلارغا بولغان قارىشى

www.islamyoli.net

خرىستىئانلارنىڭ باشقا دىنلارغا يېقىنلىششى تارىخى بىر تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئىلگىرى خرىستىئانلار خرىستىئانلىقنىڭ سىرتىدا، باشقا بىر دىننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوبۇل قىلمايتتى. تەڭرى ھەققىدىكى ھەقىقى بىلىم ۋە تەجرىبىنىڭ پەقەت خرىستىئانلىقتا بارلىقىنى، بۇ سەۋەپتىن ھەممە ئىنساننىڭ خرىستىئان بولۇشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇياتتى. ئۇلار قىسقا ۋاقىتتا بارلىق دۇنيانىڭ خرىستىئانلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ خرىستىئان دۇنياسىنىڭ كۈچلىنىشى ۋە قىسقا ۋاقىتتا سىياسى ۋە ئەسكىرى ساھەدە بۈيۈك مۇۋاپپىقىيەتلەر قازىنىشى بۇ پىكىرنىڭ ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىق ئۈمىدىنى پەيدا قىلغان. لېكىن بۇ ئۈمىت 2- دۇنيا ئۇرۇشىدا ئاجىزلىغان. چۈنكى بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن خرىستىئان بولمىغان دۆلەتلەر تەرەققى قىلىشقا باشلىغان. 1949-يىلى جۇڭگودا كوممۇنىستلار ئىچكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ دۆلەت قۇرغان ۋە كۈچلەنگەن. ھىندىستان ماخاتما گەندى رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى مۇۋاپپىقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن. ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن كۈچلىنىپ ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپاغا مەدەنىيەت ئېكسپورت قىلىشقا باشلىدى. پەلەستىننى سىيونىست كۈچلەرنىڭ ئىشغال قىلىشى بىلەن 1948-يىلىدا بۇ مۇقەددەس زېمىندا ئىسرائىلىيە دۆلىتى قورۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇندىن بىرى يۇقۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىۋاتقان يەھۇدىلىك كۈچلەندى. شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىدىمۇ ئويغىنىشلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

بۇ ئۆزگىرىشلەر خرىستىئانلىق ئىچىدە ئاساسى گەۋدىنى تەشكىل قىلىدىغان كاتولىك چىركاۋىنى باشقا دىنلارغا بولغان قارىشىنى قايتىدىن دەڭسەپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. كاتولىك چىركاۋىنىڭ 1962-1965- يىللىرى ئارىسىدا ئۈچ يىل داۋاملاشقان 2-ۋاتىكان كونسۇلىدا باشقا دىنلارغا بولغان قارىشىدا بىر ئاز يۇمشاش پەيدا بولدى. خرىستىئانلىقنىڭ سىرتىدىكى دىنلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا مۇھىم ئورنىنىڭ بارلىقى، بۇ دىنلاردا ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ ئىزلىرىنىڭ بارلىقى قوبۇل قىلىندى.

كۈنىمىزدە خرىستىئانلار بولۇپمۇ كاتولىكلەر باشقا دىنلار ئىچىدىن يەھۇدىلىككە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى ھەزرىتى ئىسانىڭ ۋە تۇنجى خرىستىئانلارنىڭ يەھۇدى بولغانلىقىدۇر. خرىستىئانلار يەھۇدىلىكنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى سۆزلىسىمۇ، بۇ دىننىڭ مەنسۇپلىرىنىڭ خرىستىئانلىق تارىخى ئۈچۈن مۇھىم ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكتە.

كاتولىك خرىستىئانلار ئىسلام ھەققىدىمۇ ئىجابى سۆزلەر سۆزلەۋاتىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى ئەقىدە ۋە ئىبادەتلىرىنى توغرا كۆرمەكتە.

كاتولىك خرىستىئانلار يەھۇدىي ۋە مۇسۇلمانلاردىن باشلاپ، كۇنىمىزدە يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولغان پۈتكۈل دىن مەنسۇپلىرى بىلەن دىئالوگ ئورنىتىش پائالىيەتلەرنى قىلماقتا.

### 3.8. قۇرئاندا خرىستىئانلىق ۋە خرىستىئانلار

قۇرئانى-كەرىمدە خرىستىئانلىق دىن سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنماستىن، خرىستىئانلارنىڭ ئەقىدە ۋە ھەرىكەتلىرى تىلغا ئېلىنغان.
قۇرئانى-كەرىمدە يەھۇدىلارغا نىسبەتەن خرىستىئانلار ئاز بايان قىلىنغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئىسلامنىڭ تۇنجى يىللىرىدا يەھۇدىلاردا ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنىڭ خرىستىئانلىقتا ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقىدا. ئىسلام بارلىققا كېلىۋاتقان يىللاردا خرىستىئانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يەھۇدىلار بىلەن بولغاندىكىدەك قاتتىق زىددىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقمىغان. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلار خرىستىئانلارنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن مۇناسىۋەت قىلمىغان ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ فەتىھلىرىنىڭ كېڭىيىپ، ۋىزانتىيە چېگرىلىرىغىچە يېتىپ بېرىشى ۋە ۋىزانتىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، يەنى قۇرئانى-كەرىم تاماملانغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن. بۇ سەۋەپتىن، خرىستىئانلارنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ياخشى پوزىتسىيىدە بولمىغانلىقى قۇرئانى-كەرىمدە ئاز بايان قىلىنغان.
بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەقىدە جەھەتتە خرىستىئانلار يەھۇدىلارغا قارىغاندا كۆپ تەنقىدلەرگە ئۇچرىغان. بولۇپمۇ «تەسلىس» (ئۈچلۈك) ئەقىدىسى بۇ تەنقىدلەرنىڭ ئاساسى نوقتىسى ئىدى. قۇرئانى-كەرىمنىڭ بىر نەچچە ئايىتىدە ئۈچلۈك تەگرى ئەقىدىسى سەۋەبىدىن خرىستىئانلار تەنقىد قىلىنغان. بۇ تەنقىدلەر يېنىدا خرىستىئانلار ئىشەنچلىك بولۇشتەك ئەخلاقى پەزىلىتى ۋە مۇسۇلمانلارغا سۆيگۈ جەھەتتىن ئەڭ يېقىن بولغانلىقى سەۋەبىدىن ماختالغان.

## 4. ئىسلامىيەت

### 4.1. ئىسلامىيەتنىڭ سۆز ۋە ئاتالغۇ مەنىسى

ئىسلامىيەت سۆزىنىڭ لۇغەتتە «ئىتائەت قىلىش، بويۇن ئېگىش، باغلىنىش، بىر نەرسىگە تەسلىم بولۇش، ئامان بولۇش ۋە تىنچلىق» قاتارلىق مەنالىرى بار. بۇ سۆزنىڭ دىنىي مەنىسى: جانابى ئاللاغا تەسلىم بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

تەبلىغىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىپ، بۇنى هاياتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش. بۇنىڭدىن باشقا ئىسلام بىر فىقھە (قانۇن) ئاتالغۇسى مەنسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. فىقھىتا بۇ ئاتالغۇ سالام، كېلىشىم تۈزۈش دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىسلام ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغ قىلغان دىنىنىڭ ئىسمىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىپ كەلگەن بۇ دىن ئىسمىنى مۇقەددەس كىتاپ قۇرئانى-كەرىمدىن ئالغان. ئىسلام دىنىنىڭ مەنسۇبى بولغان ۋە بۇ دىنىنىڭ هۆكۈملىرىگە رىئايە قىلغان شەخسنى ئىنقىلاش ئۈچۈن ئەرەپچە ئىسلام كەلىمىسى بىلەن ئوخشاش يىلتىزدىن كەلگەن «مۇسلىم» سۆزىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ شەخس پارسچىدا «مۇسۇلمان»، تۈركچىدە «مۇسلۇمان»، ئۇيغۇرچىدا «مۇسۇلمان» دېيىلىدۇ. تۈركچىدە ئىسلام دىنى «ئىسلامىيەت» ۋە «مۇسۇلمانلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## 4.2. ئىسلامىيەتنىڭ خرىستىئانلىق ۋە يەهۇدىلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىسلام دىنى يەهۇدىلىك ۋە خرىستىئانلىقتىن كېيىن، پەرقلىق بىر جۇغراپىيە ۋە مەدەنىي بىر مۇهىتتا بارلىققا كەلگەن. ئىسلامنىڭ پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر يەهۇدى ياكى خرىستىئان ئەمەس ئىدى. ئۇ جاھىلىيەت ئەرەپ ئادىتى هۆكۈم سۈرگەن بىر مۇهىتتا توغۇلۇپ چوڭ بولغان. بۇ سەۋەپتىن ئىسلامنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ يەهۇدىلىك ۋە خرىستىئانلىق بىلەن تارىخىي بىر باغلىنىشى يوقتۇر. ئەكسىچە، خرىستىئانلىق بىلەن يەهۇدىلىك ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق بىر باغلىنىش مەۋجۇتتۇر. خرىستىئانلىق يەهۇدىلىكنىڭ ئىچىدىن كېلىپ چىققان ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ پەرقلىق بىر دىنغا ئايلانغان. خرىستىئانلىقنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ھەزرىتى ئىسا يەهۇدى دىنىي ئادىتى ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان بىر يەهۇدى ئىدى. شۇنداقلا تۇنجى هاۋارىلار ۋە خرىستىئانلارنىڭ كۈنىمىزدىكى شەكلىگە كېلىشىدە مۇھىم تۆھپە قوشقان پاۋلۇسمۇ ئەسلىدە بىر يەهۇدى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن خرىستىئانلىقتا يەهۇدى ئىزلىرى باردۇر.

ئىسلام پەرقلىق بىر جۇغراپىيە ۋە مۇهىتتا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، يەهۇدىلىك ۋە خرىستىئانلىقتىن مۇستەسنا هالدا تەرەققى قىلغان. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىسلامنىڭ بۇ دىنلار بىلەن ئورتاقلىقى تارىخىي يول بىلەن ئەمەس، ۋەھيى يولى بىلەن تەسىس قىلىنغان. ئاللاھ ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا ۋەھيى قىلغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغىمۇ ۋەھيى قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ، تەبلىغىنىڭ ئىلگىرىكىلەرنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ھەزرىتى ئىبراھىم

www.islamyoli.net

ئەلەيھسسالام، مۇسا ئەلەيھسسالام، ئىسا ئەلەيھسسالام ۋە ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن ئەمرلەردىن خەۋەردار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ مەلۇماتلارنى يەھۇدى ۋە خرىستىئانلاردىن ئالمىغان. ئۇنىڭغا بۇ مەلۇماتلار ئالللاھ تەرىپىدىن ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يەھۇدى-خرىستىئان ئادىتىدىن ئالغان تەجرىبىلەر بىلەن ئىسلامنى تەشكىل قىلغانلىق پىكرى تارىختىي بەلگىلەر بىلەن ئىسپاتلىنالمىغان.

ئىسلام بۇ دىنلار بىلەن تارىخىي جەھەتتە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ، ئەمما يەھۇدىلىك ۋە خرىستىئانلىق بىلەن بەزى ئورتاق قاراشلىرى باردۇر. بۇ ئورتاقلىقنىڭ بېشىدا ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھسسالام كېلىدۇ. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھسسالام يەھۇدىلار ھەم خرىستىئانلار بىزنىڭ دەيدىغان بۈيۈك بىر ئىنساندۇر. يەھۇدى ۋە خرىستىئانلار دىنلىرىنىڭ مەنبەسىنى ھەزرىتى ئىبراھىمگە تاياندۇرۇپ، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئۆز دىنىدىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىسلامنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى قۇرئانى-كەرىم ئۇلارنىڭ بۇ چۈشەنچىلىرىنى بايان قىلغان. لېكىن قۇرئانى—كەرىم يەھۇدىلار ۋە خرىستىئانلارنىڭ پىكرىنىڭ ئەكسىچە، ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھسسالامنىڭ يەھۇدى ياكى خرىستىئان ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى ھەنىپ (توغرا يولدا ماڭغۇچى) بىر مۇسۇلمان دەپ ئىپادىلەيدۇ. باشقا ئايەتلەردە ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنى ماختىلىپ، مۇسۇلمانلارغا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگىشىش تەۋسىيە قىلىنغان. بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ بىرسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «**يەھۇدىلار ۋە خرىستىئانلار مۇسۇلمانلارغا : يەھۇدى ياكى مۇسۇلمان بولۇڭلار، توغرا يول تاپىسىلەر دەيدۇ. دېگىنكى، ئۇنداق ئەمەس، توغرا يولدا بولغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا رىئايە قىلىمىز.** » ( بەقەرە سۈرىسى 135- ئايەت)

بۇ ئايەتلەردە بايان قىلىنغانغا ئوخشاش، ئىسلام يەھۇدى ۋە خرىستىئانلار بىلەن بىرلىكتە ھەزرىتى ئىبراھىمنى ئورتاق قىممەتلىك دەپ قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭ دىنىغا تاياندۇرىدۇ. پەقەت ئۇنى يەھۇدى ۋە خرىستىئان كىملىكتە قوبۇل قىلماي، ئىلگىرىكى ئەسلى ھالىتى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئىسلام بۇنى ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىماي، ھەزرىتى مۇسا ۋە ھەزرىتى ئىساغىچە بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە دىنىي شەخسىيەتلەر ئۇچۇن ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەھۇدى ۋە خرىستىئانلارنىڭ بۇ پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى خاتا ئەقىدىلىرىنى رەت قىلىدۇ. ئىسلام باشقا ئورتاق نوقتىلاردا يەنە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ.

نەتىجىدە مۇھەممەد ئەلەيھسسالام تەبلىغ قىلغان ئىسلام ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلغان دىنىنىڭ بىر داۋامىدۇر. پەقەت ئىسلامنىڭ يەھۇدىلىك ۋە خرىستىئانلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر قىسىم ئورتاق شەخس ۋە ئەقىدىلەرنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

www.islamyoli.net

### 4.3. ئىسلامنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبى

كۈنىمىزدە مەۋجۇت دىنلارنىڭ بىرسى بولغان ئىسلام مىلادى 7ـئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەبىستاندا بارلىققا كەلگەن. ئىسلام بارلىققا كەلگەن دەۋىردە يەر يۈزىدە كۆپلىگەن دىنلار مەۋجۇت ئىدى. تاۋئىزم (داۋجىياۋ)، كۇڭزى ئەقىدىسى، ھىندۇئىزم، بۇددىزم، جايىنىزم، زەردۇشتىلىكنىڭ داۋامى بولغان مەجۇسىلىك، مانىخەيئىزم (مانى دىنى)، سابىئىلىك، يەھۇدىلىك ۋە خرىستىئانلىق بۇ دەۋردە بىلىنگەن دىنلار ئىدى. بۇ دەۋردە ئىسمى ئېنىق بولمىغان ئەنئەنىۋى بۇتپەرەستلىك دىنلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئىسلام كەلگەندە ئەرەبىستان بۇتپەرەسلىك ئەۋج ئالغان بىر جاي ئىدى.

ئىسلام بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتا ئەرەپ جەمىيىتىنىڭ دىنىي ئېتىقادى قانداق ئىدى؟

بۇ دەۋردە ئەرەبىستان قىتئەلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىجارەت يولى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان مۇھىم پورتلار جايلاشقان بىر رايۇن ئىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم بىنا قىلغان كەبە جايلاشقان مەككە شەھىرى تىجارەت ۋە دىنىي جەھەتتىن ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ مۇھىم مەركىزى ئىدى. بۇ يەردىكى ئىقلىم سەۋەبىدىن ئەرەپلەرنىڭ كۆپ قىسمى كۆچمەن ھاياتتا ياشايتتى. يەرلىشىپ ياشايدىغانلار قەبىلە شەكلىدە ئىدى. بۇ قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق كېلىشمەسلىكلەر چىقىپ، ئۇرۇشلار بولۇپ تۇراتتى. بۇ دەۋردە ئەرەپ جەمىيىتى ئىجتىمائى ھايات ۋە ئەخلاقى جەھەتتىن بۇزۇلغان ئىدى. ھەقسىزلىق، زۇلۇم ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ، خەلقنىڭ كۆپ قىسمى بۇتلارغا چوقۇناتتى.

ئەرەپلەر چوقۇنىدىغان بۇتلار تاش، ياغاچ ۋە مېتالدىن ياسىلاتتى. ئىنسان شەكلىدە ياسالغان بۇتلار «ساتەم»، ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان بۇتلار «نۇسۇب» دەپ ئاتىلاتتى. كەبىدە ئەرەپ قەبىلىلىرىنىڭ سانىغا تەڭ كېلىدىغان 360 بۇت بار ئىدى. ئەرەپلەرنىڭ بۇتلاردىن باشقا «تاغۇت» دەپ ئاتىلىدىغان بۇتخانىلىرىمۇ بار ئىدى. لات، مانات، ئۇززا بۇلارنىڭ چوڭلىرى ئىدى. ئەرەپلەر كەبىگە ئوخشاش بۇلارغىمۇ ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىپ، ئالدىدا چەك تاشلاپ قۇربانلىق قىلاتتى.

ئەرەپلەر بۇتلارغا چوقۇنۇش بىلەن بىرلىكتە ئاللاھنىمۇ بىلەتتى. بۇتلارنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ۋاستە دەپ چوقۇناتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان بىر ئاللاھ ئەقىدىسىنى ساقلاپ كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. ھەنىپ دەپ ئاتالغان بۇ كىشىلەر بۇتپەرەسلىك ۋە ئەخلاقسىزلىقتىن يىراق تۇرۇش

ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.  بۇ دەۋردە ئەرەپلەردىن باشقا خەلقلەرمۇ ئىجتىمائى ھايات ۋە دىنىي ئەقىدە جەھەتتە ياخشى ئەمەس ئىدى. ئەرەبىستاننىڭ شىمالىدىكى خىرىستىئان دۇنياسى ۋىزانتىيە ھەزرىتى ئىسا بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن مەزھەپ ئۇرۇشلىرىغا سەھنە بولغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا خىرىستىئانلىق دەسلەپتىكى ئەسلى ھالىتىدىن كۆپ يىراقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، سۈرگۈن سەۋەبىدىن دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە تارقالغان يەھۇدىلاردىمۇ ئەھۋال ئوخشاش ئىدى.

ئەرەبىستان ئەتراپىدىكى باشقا دىنلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناچار ئىدى. مەجۇسىلىك دىنىگە مەنسۇپ بولغان ئىراندىكى ساسانىلار ئوتقا چوقۇناتتى. مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن ئىمپېراتۇر تەڭرى خاراكتېرلىق ئىمتىيازىنى ئىشلىتىپ ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلاتتى. كۈچىنى ئىمپېراتۇردىن ئالغان مۇيەدلەر، يەنى دىنىي زاتلارمۇ خەلققە زۇلۇم سالاتتى.

يۇقاردا ئېيتىلغىنىدەك، ئىسلام ئوتتۇرىغا چىقىش دەۋرىدە دۇنيانىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇرۇشلار، ناھەقچىلىقلار، مەزھەپ توقۇنۇشلىرى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر ئەۋج ئالغان ئىدى. مەۋجۇت دىنلار ئىنسانلارغا رەھبەرلىك قىلىشتىن يىراق ئىدى. ئادالەتسىزلىك ئەۋجىگە چىققان ۋەزىيەتتە مەنىۋى جەھەتتە بەخت ئىزدىگەنلەر تەركىدۇنيا بولۇپ، يالغۇز ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭلا كويىغا چۈشكەن ئىدى.

بۇ ئەھۋاللار ئىسلامنىڭ  بارلىققا كېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەپ ئىدى. خاتا تەبلىغ قىلىش ۋە خاتا ھۆكۈملەر تۈپەيلى پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلغان دىننى، يەنى ئىسلامنى قايتىدىن جانلاندۇرۇش كېرەك ئىدى. ئاللاھ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەپ مىللىتىدىن بىر پەيغەمبەر تاللاپ، ئۇنى بۇ ئىشقا ۋەزىپىلەندۈردى. بۇ پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىدى.

## 4.4. ئىسلامنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكى ۋە پەرقلىرى

ئىسلام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن تاماملانغان بىر دىندۇر. بۇ دىن تارىختا بارلىققا كەلگەن خاتا تەبلىغ ۋە ھۆكۈملەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن پاكلىنىپ، ئاللاھ رازى بولىدىغان ، ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن بىر دىن شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ئىسلامىيەتنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟

بۇ دىننىڭ قۇرئانى-كەرىمدە كۆرسىتىلگەن ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئىسلامدا روھبانلىق يوقتۇر. ئىسلام دىنىى كونترول ئاستىغا ئالىدىغان ۋە ئىنسانلار ئۈستىدە ھاكىمىيەت قۇرىدىغان دىنىي زاتلار سىنىپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ھالبۇكى، قۇرئانى-كەرىمدە يەھۇدى ۋە خرىستىئانلار بۇ ھەقتە تەنقىد قىلىنغان. ئۇلار راھىپلار ۋە ھاماملارنى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن تەنقىد قىلىنغان.

2. ئىسلامدا قۇتقۇزغۇچى مەسىھ چۈشەنچىسى يوقتۇر. قۇرئانى-كەرىمدە مەسىھ ئەقىدىسى ھەققىدە ئايەت يوقتۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە باشقا دىنلارنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكىدىن بىرسىنى تەشكىل قىلىدىغان مەسىھ ئەقىدىسى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسلامغا كىرگۈزۈلگەن.

3. ئىسلامدا ئەقىل بىلەن زىتلىشىدىغان خۇراپاتلار يوقتۇر. ئىسلامنىڭ بارلىق تەۋسىيىلىرى ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىسلامدا ئالدى بىلەن ئوقۇش، ئاندىن كېيىن ئىشىنىش پرىنسىپى باردۇر.

4. ئىسلام دىنى بارلىق ئىنسانلارنى تۇغۇلىشىدىن تارتىپ ئەركىن ۋە گۇناھسىز دەپ قارايدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەم باشقىسىنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ. گۇناھ ۋە ساۋاپلار ئىنسانلار ئەقلىگە كەلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغان ئىش ۋە ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

5. ئىسلامدا پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە ھەرقانداق بىر ئىنسان پەۋقۇلئاددە ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس. بۇ سەۋەپتىن ئىسلامدا ھەرقانداق بىر ئىنسان مۇتلەق مۇكەممەل ئەمەس.

6. ئىسلام ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە قوبۇل قىلمايدۇ. ھەممە ئادەم ئاللاھقا بىۋاستە ئىبادەت قىلالايدۇ. نىجاتلىق ئۈچۈن بىر ۋاستىچىغا ئېھتىياج يوقتۇر. شەخس ئۆزى ئىگە بولغان توغرا ئەقىدە ۋە ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ نىجاتلىق تاپالايدۇ.

7. ئىسلامنىڭ ئەقىدە ۋە ئىبادەت ئاساسلىرى بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى قۇرئانى-كەرىمدە بايان قىلىنغان.

8. ئىسلام باشقا دىنلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ۋە مۇقەددەس كىتاپلىرىنى تەستىقلايدۇ.

9. ئىسلامدا تاللانغانلىق ۋە ئۈستۈنلۈك چۈشەنچىسى يوقتۇر. ئىشىنىدىغان ھەممە ئادەم ئىسلامدا ئوخشاش ھوقۇق ۋە ئورۇنغا ئىگە.

10. ئىسلامدا مۇتلەق نۇپۇزغا ئىگە بىرەر ئورگان ياكى شەخس يوقتۇر.

11. ئىسلامدا تەۋبە قىلىش ۋە ئەپۇ قىلىنىش بەندە بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشتۇر. گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشنى ئويلىغان ئادەم ھەرقانداق دىنىي تەشكىلات ياكى دىنىي ئىمتىيازى بولغان شەخسكە مۇراجىئەت قىلماستىن بىۋاستە تەۋبە قىلالايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئىسلامدا گۇناھ ئېتىراپى دەيدىغان بىر نەرسە يوقتۇر.

12. ئىسلام بۈتپەرەسلىك ۋە شېرىككە قارشى تۇرىدۇ. دىنىي شەخسلەر ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ رەسىم ۋە ھەيكەللىرىگە چوقۇنۇشقا، بۇلارنىڭ ئىبادەت يەرلىرىدە مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويمايدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن پرىنسىپلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يەھۇدىلىك بىلەن، ئاز بىر قىسمى خرىستىئانلىق بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ پرىنسىپلىرى دەسلەپكى ۋاقىتىدىن تارتىپ كۈنىمىزگىچە بۇزۇلماي ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## 4.5. ئىسلامىيەت ۋە باشقا دىنلار

ئىسلامدا ئىنسانلار ئەقىدە جەھەتتىن مۇسۇلمان، ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىك دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ. ئاللاھ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئەۋەتكەن بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلغۇچىلار مۇسۇلمان دېيىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىركى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتىگە رىئايە قىلغانلار ئەھلى كىتاب دېيىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئورنىغا باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنغانلار مۇشرىك دېيىلىدۇ.

### قۇرئاننىڭ باشقا دىنلارغا بولغان چۈشەنچىسى

«كىتاب ئىگىلىرى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئەھلى كىتاب ئىسلامدا مۇشرىكلاردىن پەرىقلەندۇرۇلگەن. قۇرئانى-كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە زىكىر قىلىنغان ئەھلى كىتاب دائىرىسىگە قايسى ئەقىدە گۇرۇپلىرىنىڭ كىرىدىغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل پىكىرلەر مەۋجۇتتۇر. دەسلەپكى دەۋىردىكى ئىسلام ئالىملىرى ئەھلى كىتابنىڭ يەھۇدى ۋە خرىستىئانلاردىن تەركىپ تاپقانلىقىنى ئېيتسا، كېيىنكى دەۋىردىكى ئالىملاردىن بەزىلىرى سابىئىلەر ۋە مەجۇسىلارنىڭمۇ بۇ كاتېگورىيىگە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

قۇرئانى-كەرىمدە يەھۇدىلار، خرىستىئانلار، سابىئىلەر ۋە مەجۇسىلار ئىسىم سۈپىتىدە زىكىر قىلىنغان. بۇ دىنلار ئىسلام بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتا ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ ئەتراپىدا مەۋجۇت بولىۋاتقان دىنلار ئىدى. ئىسلام كەلگەندە ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىن يىراق رايونلاردا ھىندۇئىزىم، بۇددىزىم، جايىنىزىم، تاۋئىزىم، كۇڭزىچىلىق قاتارلىق دىنلارمۇ مەۋجۇت ئىدى. تۇنجى مۇسۇلمانلار بۇ دىنىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن قۇرئانى-كەرىمدە بۇ دىنلار ھەققىدە مەلۇمات يوق ئىدى. بۇ سەۋەپتىن بۇ دىنغا ئىشەنگەنلەرنىڭ ئەھلى كىتاب ياكى ئەمەسلىكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن مۇزاكىرە تېمىسى بولمىغان. ھالبۇكى، بۇ دىنلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرى بار.

يەھۇدى ۋە خرستىئانلارنىڭ ئەھلى كىتاپ كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغانلىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ئېنىق بايان قىلىنغان. قۇرئانى-كەرىمدە يەھۇدى ۋە خرستىئانلار ئەھلى كىتاپ دەپ تىلغا ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى تەنقىد قىلىنىپ، بەزى ئادەتلىرى ماختالغان. ئۇلاردىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىپ، گۈزەل ئىش قىلغانلارنى ئاللاھنىڭ مۇكاپاتلايدىغانلىقى ئېيتىلغان. (بەقەرە سۈرىسى 62-ئايەت؛ مائىدە سۈرىسى 69-ئايەت) ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بۇ دىن مەنسۇپلىرىنىڭ ئايەتلەردە زىكىر قىلىنغان ئەھۋاللىرى ھەققىدە ھەرخىل پىكىرلىرى بار.

ئىسلام دىنى مۇشرىكلارغا نىسبەتەن ئەھلى كىتاپقا ئالاھىدە ئىمتىياز بەرگەن. ئۇلارنىڭ جان ۋە مال بىخەتەرلىكىنى بەزى شەرتلەر ئاستىدا قوغداش بىلەن بىرگە، ئەقىدىلىرىنى ئەركىن ئىپادە قىلىشىنىمۇ كاپالەت ئاستىغا ئالغان. ئىسلام يەنە ئورتاق نوقتىلاردا بىر يەرگە كېلىش ھەققىدە ئۇلارنى سوھبەتكە چاقىرغان.

## 5. ھىندۇئىزم

ھىندۇئىزم كۈنىمىزدە دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمقى دىنلىرىدىن بىرسىدۇر. قاچان ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. بۇ دىنىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2500-يىلىدا ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ھەققىدە بايانلار بار. بۇ دىنغا ھىندۇئىزم ئىسمى غەرپلىكلەر تەرىپىدىن قويۇلغان. ھىندىلار دىنىنى «ساناتانا دارما» (ئەزەلى، ئەبەدى ھەقىقەت) دەپ ئاتايدۇ. دارما ھىندىئىزىمدە ئاچقۇچلۇق سۆزدۇر. بۇ سۆزنىڭ ۋەزىپە، ھەق، پەزىلەت، ئەخلاق، قانۇن، ھەقىقەت، دۇرۇسلۇق قاتارلىق مەنىلىرى بار. دارما ئىنسانلارنى نىجاتلىققا ياكى ئەركىنلىككە ئېلىپ بارىدىغان بىر يولدۇر.

### 5.1. ئاساسى ئالاھىدىلىكى

ھىندۇئىزمنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرى بار. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ھىندىئىزىم ئېتنىك بىر دىندۇر. ھىندىئىزىم ئۆزىنى ھىندى دەپ ئاتايدىغان بىر خەلقنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق مەدەنىي تەجرىبىسى ۋە ھايات شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.
2. ھىندىئىزىمنىڭ ئېنىق بىر ئىجاد قىلغۇچىسى يوقتۇر.
3. ھىندىئىزىمدە ئورتاق قوبۇل قىلىنغان بىر ئەقىدە سىستېمىسى يوقتۇر. ھىندىلارنىڭ بەزىلىرى بىر ئاللاھقا، بەزىلىرى بىردىن كۆپ ئاللاھقا ئىشىنىدۇ. بەزىلىرى كالىغا ئوخشاش يامانلىقنى تەمسىل قىلىدىغان تەڭرىلەرگە، بەزىلىرى ياخشىلىقنى تەمسىل قىلىدىغان

www.islamyoli.net

تەڭرىلەرگە ئىشىنىپ ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. مەلۇم بىر ئەقىدە سىستېمىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھىندىئىزىمدە ئىچىدە ئۇيۇدۇرۇپ چىقىلغان ھەر خىل ئىش ھەرىكەتلەر بۇ دىنغا رەڭ قاتقان. يەنى ھىندىئىزىمدا دىندىن چىقسا كاپىر بولىدىغان بىر ئەھۋال يوق. بىر شەخس ھىندىئىزىمدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئۇچۇق سۆزلىمىسە، دىندىن چىقمايدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن تارىختىن تارتىپ ھىندىئىزىمدە بىر-بىرىگە زىت بولغان ئەقىدە، ئىبادەت شەكىللىرى ئوتتۇرىغا چىققان. بۇنىڭ ئۈچۈن ھىندىئىزىمغا تەبىر بىرىش مۇشكۇلدۇر.

4. ھىندىئىزىم سىستېمىلىق بىر دىن ئەمەس، ھەممە ئادەم خالىغان شەكىلدە ياشىسا بولىدۇ.
5. ھىندىئىزىمدا كالىلار ھاياتىنىڭ مەنبەسى ھېساپلىنىپ مۇقەددەسلىنىدۇ.
6. ھىندى خەلقى قاست دەپ ئاتىلىدىغان سىنىپى تەبىقىلەرگە ئايرىلىدۇ.

## 5.2. قارما ۋە تەناسۇھ (روھنىڭ كۆچۈشى)

شەخسنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئىش ۋە ئەمەللەر قارما دېيىلىدۇ. قارما ھىندى ئەقىدىسىدە بىر سەۋەپ-نەتىجە قانۇنىدۇر. بۇنى «نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئورىسەن» دېگەن تەمسىلگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ.

ھىندۇئىزىمدا ئىنسانلار كامالەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا قايتىدىن دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قايتا-قايتا دۇنياغا كېلىشىگە قارما دەپ ئاتىلىدىغان ئەمەللىرى سەۋەپ بولىدۇ. ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشىلەر كېيىنكى قېتىملىق ھاياتىدا ياخشى بىر ئەھۋالغا كېلىدۇ. ئەمەللىرى ناچار بولغانلار ناچار بىر ھالەتتە ياشايدۇ. قىسقىسى، ئەمەللەر كېيىنكى قېتىملىق ھاياتتا شەخسنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ.

قارما ئەقىدىسى ھىندۇئىزىمدا مەركىزى بىر ئەھمىيەتكە ئىگە. ھىندىستاندا ھەرقانداق بىر ئەقىدە قارمىغا ئوخشاش كەڭ تارقالمىغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھىندۇئىزىمدىن كېلىپ چىققان بۇددىزىم، جايىنىزىم ۋە سىخىزىم قاتارلىق دىنلارمۇ بۇ قاراشنى داۋاملاشتۇرغان.

ھىندۇئىزىمدا مۇھىم بولغان يەنە بىر ئەقىدە تەناسۇھ چۈشەنچىسىدۇر. تۈركچىدە بەزى ۋاقىتلاردا تەناسۇھ بىلەن ئوخشاش مەنادا «رەنكارناسيون» (روھنىڭ كۆچۈشى) سۆزىمۇ قوللىنىلىدۇ. لېكىن بۇ ئاتالغۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەسلىدە كىچىك بىر پەرق بار. تەناسۇھ ئۆلگەن بىر ئىنساننىڭ روھىنىڭ بىر بەدەندىن باشقا بىر بەدەنگە كۆچىشىدۇر. بۇنىڭغا روھنىڭ كۆچىشى دېيىلىدۇ. رەنكارناسيون بولسا روھ كۆچمەي تۇرۇپ، ئىنساننىڭ يېڭىدىن بەدەنلىنىشى، يەنى دۇنياغا كېلىشى دېگەن مەننى ئىپادىلەيدۇ. نەتىجىدە، ھەر ئىككى چۈشەنچە شەخسنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن باشقا بىر بەدەن بىلەن تەكرار دۇنياغا كېلىشىنى ئىپادە قىلىدۇ.

تەناسۇھ قارمانى مەجبۇرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر نەتىجىدۇر. ئەمەللىرىنى تامامەن ئىسلاھ قىلمىغانلار تەناسۇھ يولى بىلەن قايتىدىن دۇنياغا كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ھادىسە تەلەپ قىلىنغان ئارزۇ ئەمەلگە ئاشقۇچە قايتا- قايتا تەكرارلىنىدۇ.

قەدىمىي ھىندى چۈشەنچىسىدە ھاياتنىڭ مەقسىدى ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقەت بىلەن بىرلىششتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقىقەت براھمادۇر. ئىنسان براھمادىن كەلگەن ۋە تەكرار ئۇنىڭغا قايتىدۇ. براھماغا قايتىش ۋە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېرىپ يوقۇلۇش بىر ھاياتتا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. سان-ساناقسىز توغۇلۇشلار قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى بىر ھاياتتىن باشقا بىر ھاياتقا ئۆتكۈزىدۇ. ئۆلۈم توغۇلۇشنى، توغۇلۇش ئۆلۈمنى كۆرسىتىدۇ. ھەر ھاياتتا ئىنسان قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن كامالەتكە يېتىدۇ. كامالىتى تاماملانمىغان بولسا، كېيىنكى قېتىملىق ھاياتتا تېخىمۇ ياخشى بىر قاست (ئىجتىمائى سىنىپ)تا دۇنياغا كېلىپ، كامالەتكە يېتىش باسقۇچلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەگەر بۇ قېتىمقى ھاياتتا ھاياتى ياخشى ئۆتمىگەن بولسا كېيىنكى ھاياتىدا تېخىمۇ تۆۋەن قاستقا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال تولۇق كامالەتكە يەتكۈچە داۋام قىلىدۇ. تولۇق كامالەتكە يەتكەنلەر ياراتقۇچى تەڭرى براھمانىڭ مەۋجۇدىيىتىدە ئېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ ۋە يەنە بىر قېتىم دۇنياغا كېلىش ئازابىدىن خالاس بولىدۇ.

قارما قانۇنى ئالدىدا قاست ئايرىمچىلىقى يوقتۇر. ھەممە ئادەم بۇ قانۇنغا مەنسۇپتۇر. قارما ئەقىدىسى بۇ چۈشەنچىسى ئارقىلىق ھىندىلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائى ئادالەتسىزلىككە بىر غىلاپ ياكى يۆپۈق ھازىرلاپ بېرىدۇ.

## 5.3. قاست سىستېمىسى

ھىندى جەمئىيىتى دىنىدىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائى تەبىقىلەرگە ئايرىلغان. بۇ سىنىپلارنىڭ ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ سىنىپلار (تەبىقىلەر) «قاست» دەپ ئاتىلىدۇ. «قاست» ئوخشاش ئىشنى قىلىدىغان، ئاتىدىن مىراس قالغان ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت ئادەتلىرى بىلەن بىر- بىرىگە باغلانغان ئىنسانلار جەمئىيىتىدۇر. تۆت دانە قاست باردۇر. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئا) براھمانلار قاستى: دىنىي زاتلار براھمانلار سىنىپىغا كىرىدۇ. بۇلار ئەڭ يۇقىرى تەبىقىنى تەشكىل قىلىدۇ. ۋەزىپىسى: مۇقەددەس نوملارنى ئوقۇش، چۈشەندۈرۈش، دىنىي ھاياتنىڭ يولىنى كۆرسىتىش، راھىپلىق قىلىش، سەدىقە قوبۇل قىلىش.

ب) كىشاترىيا قاستى: ھۆكۈمدار جەمەتى ۋە جەڭگىۋارلار سىنىپى بولۇپ، بىراھمانلاردىن كېيىن 2ـسىنىپنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ سىنىپقا تەۋە بولغانلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزىنى غايىسىگە يېغىشلاش، مۇقەددەس نوم «ۋېدالار»نى ئۆگىنىش ۋە ئىئانە قىلىشتۇر.

ت) ۋائىسىيا قاستى: سودىگەر، ھۈنەرۋەن ۋە دېھقانلار بۇ سىنىپقا كىرىدۇ. دەرىجە جەھەتتىن ئۈچىنچى سىنىپنى (تەبىقىنى) تەشكىل قىلىدۇ. ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشتۇر . مۇقەددەس نوملارنى ئۇقۇش ۋە ئىئانە ئىشلىرىدا كىشاترىيا تەبىقىسىگە قارىغاندا ۋەزىپىسى ئازراق.

ج) سۇدرا قاستى: 4ـسىنىپنى (تەبىقىنى) تەشكىل قىلىدىغان سۇدرالار ئالدىنقى ئۈچ تەبىقىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر دىنىي ۋەزىپىسى يوقتۇر. بەزى مەزھەپلەر بۇلارنى يۇقارىقى تەبىقىگە قوشۇلسا بولىدۇ دېگەن.

بۇلارنىڭ سىرتىدا قاستتىن مۇستەسنا ھالدا جەمىيەتتە ھەرقانداق ۋەزىپىسى بولمىغان ئىنسانلارمۇ باردۇر. بۇلار «چېقىلغىلى بولمايدىغانلار» دېيىلىدۇ. ئىلگىرى بۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ پاسكىنا دەپ بىلىنەتتى.

ھىندۇئىزمدا قاست سىستېمىسى، ياراتقۇچى تەڭرى بىراھمانىڭ ئورگانلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن. بىراھمانلار بېشىدىن، كىشاترىيالار قولىدىن، ۋائىسىيالار قۇرسىقىدىن، سۇدرالار ئايىغىدىن يارىتىلغان.

قاست سىستېمىسىدا قاستلار ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە ئۆتۈش يوقتۇر. ئۆتۈشۈش پەقەت قاست تەلەپ قىلغان ئىشلارنى قىلىش ۋە ھاياتنى مەقسىدىگە ئۇيغۇن ياشاش ۋە كېيىنكى قېتىملىق قايتا توغۇلۇش بىلەن ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. شۇڭا ھەممە كىشى قاست تەلەپ قىلغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك. ئۆزى تەۋە بولغان قاستتىكىلەر بىلەن ئۆيلىنىشى، شۇ قاستتىكىلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشى كېرەك. قاست ئەنئەنىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاستتىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

قاست سىستېمىسى كۈنىمىزدە ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش قاتتىق ئىجرا قىلىنمايۋاتىدۇ. يېرىمى ئىلمانى (دىندىن خالىي) بولغان ھىندىستان دۆلىتى قاست سىستېمىسىنى پۈتۈنلەي يوق قىلالمىدى. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا قاستلارغا شىتات بېرىلىدۇ.

## 4.5. يوگا ۋە مەدىتاسيون (ئېتىكاپتا تەپەككۇر قىلىش)

ھىندى ئالىملىرى تەناسۇھ چەمبىرىكىدىن يەنى روھنىڭ بىر بەدەندىن باشقا بىر بەدەنگە كىلىپ كىرىشىدىن قۇتۇلغىلى بولىدىغان بەزى مېتودلارنى كەشىپ قىلغان. بۇ مېتودلارنىڭ بىر قىسمى ئالاھىدە تالانت تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا ھەممە ئادەم قىلالايدىغان

مېتودلاردۇر. ھەرخىل شەكىللەردە ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىغان بۇ مېتودلار «يوگا» نامى ئاستىدا بىر يەرگە جەم قىلىنغان.

يوگا بىر ئىرادە تەربىيىسىدۇر. ئىنساننىڭ ئىنېرگىيىسىنى مەلۇم بىر نىشانغا قارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. يوگا تولۇق مەنىسى بىلەن شەخسىي ئۆزلۈكنىڭ «ئاتمان» دېيىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۆزلۈك بىلەن بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇدىغان بىر يولدۇر.

يوگا مەشق قىلغان ئادەم نەپەس ئېلىش-بېرىش ۋاقتىنى كونترول ئاستىغا ئېلىپ، نەپىسىنى ئۇزۇن ۋاقىت تۇتۇشقا تىرىشىدۇ. زېھنىنى تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن پۈتۈنلەي يىراق تۇتۇپ، دىققىتىنى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياكى سىرتىدىكى بىر نوقتا ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. زېھنىدە ھەقىقى بىر نەرسە دەپ ئويلىغان خىيالى بىر نەرسە پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىدە ئۇزۇن ۋاقىت مەدىتاسيون (تەپەككۇر) يۈگۈزىدۇ. ئەڭ يۇقىرى پەللىدە بىر خىل ۋەجد ھالىغا كېلىپ، ئىلاھىي ئالەم بىلەن مۇناسىۋەت قۇرىدۇ.

يوگا بۈنىڭدىن باشقا ھەرخىل مەقسەتلەر ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىۋاتىدۇ. بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە ئىنساندىن ھالقىغان كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ قىلىنىۋاتىدۇ. ھىندۇئىزم مەنبەلىك بۇ مېتود ھىندىستان سىرتىدىكى دۆلەتلەردە بولۇپمۇ غەرب دۆلەتلىرىدە كەڭ تارقالغان. تۈركىيەدىمۇ بۇ مېتودنى ئۆگىتىدىغان مەركەز ۋە جەمىيەتلەر بار.

## 5.5. كالىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش قارىشى

ھىندۇئىزمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرسى كالىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش چۈشەنچىسىدۇر. ھىندىلار كالىلارغا قاتتىق ھۆرمەت قىلىدۇ. چۈنكى كالىلار جانلىق بولغان ھەممە نەرسىلەرنىڭ سىمۋولىدۇر. ھىندىلار ئۈچۈن بىر كالىنى ئۆلتۈرۈش قاتتىق دىنىي ئەدەپسىزلىك ھېساپلىنىدۇ. ھەتتا ئىنسان ھاياتىنىڭ يۇقۇتۇلۇشى بىر كالىنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ئارتۇق گۇناھ ئەمەس. ھىندىنى كالا ئۆلتۈرۈشتىن باشقا ھەرقانداق بىر يامانلىق كىرلىتەلمەيدۇ.

كالا سۆيگۈسى ئىنسان ھاياتىغا تەسىر قىلىدۇ. ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەن بىر ھايۋان يوللاردا ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ. يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە دوقمۇشلاردا يېتىۋېلىپ قاتناشنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ. ماشىنا توختىتىدىغان يەرلەرگە، باغچىلارغا زىيان سالىدۇ. دۆلەت ئورگانلىرى قېرى كالىلارغا بېقىش ئورنى تەسىس قىلىدۇ. ھايۋان ئىگىلىرى سۈتى قالمىغان ۋە كۈچى ئاجىزلاشقان كالىلارنى بۇ ئورۇنلارغا ھەقسىز ئەكىلىپ بېرىدۇ.

دېھقانلار كالىلارغا ئائىلە ئەزالىرىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلارنى يۇيۇپ-تاراپ ۋە پۈپۈك بىلەن بېزەيدۇ. كېسەل بولغان ۋاقتىدا ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. ئىشقا يارىمايدىغان ھالغا كەلگەن ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۇلارنى بېقىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ھىندىلار ئۆزىدىن باشقا ئىتنىڭ ۋە دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ كالا گۆشى يېيىشىگە نەپرەت بىلەن قارايدۇ.
كالا سەۋەبىدىن ھىندىلار بىلەن باشقا دىن مەنسۇپلىرى ئوتتۇرىسىدا غەۋغا۔جىدەللەر بولۇپ تۇرىدۇ. كالا ھۇقۇقىغا يېتەرلىك ھۆرمەت قىلىنمىغانلىقى سەۋەبلىك بەزى دىنىي گۇرۇپپىلار ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىشلارنى قىلىدۇ.
كالىغا ھۆرمەت قىلىش ھىندىلارغا بىر قىسىم ئىقتىسادى كۈلپەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. كالىنىڭ گۆشىنى يېمەسلىكى، كۈچسىز ھالغا كەلگەندىمۇ ئۇلارنى بېقىشى گۆش قىسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پايدىسىز يەرگە پۇل سەرپ قىلغۇزىدۇ. بۇلار ھىندىستاندىكى كەمبەغەللىكنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەپلىرىدىن بىرىسىدۇر.

## 5.6. ھىندى تۇرمۇش ئادىتى

ھىندۇئىزمدا ھاياتنىڭ تۆت مەقسىدى باردۇر. بۇلار دۇرۇسلۇق، ھالال رىزىق، بەخت۔سائادەت ۋە نىجاتلىقتۇر. بۇلار يەتمەكچى بولغان ئاخىرقى مەقسەتلەردۇر. ھىندىنىڭ بارلىق ھاياتىدىكى ئارزۇسى قارمانىڭ تەكرار تۇغۇلۇش چەمبىرىكىدىن قۇتۇلۇپ، ھۆرلۈككە چىقىش ۋە قايتا دۇنياغا كەلمەسلىكتىن ئىبارەتتۇر. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر ھىندى دۇرۇس بولىشى، ھالالدىن رىزىق تېپىشى ۋە بەختلىك بولىشى كېرەك. ھىندىئىزىمدا بۇنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىر نەچچە يولى ۋە تېخنىكىسى باردۇر.
ھىندى ھاياتىدا دىن سىرتى دېگەن بىر نەرسە يوقتۇر. ھەر نەرسىنىڭ بىر مۇقەددەسلىگى باردۇر. ئاياللارنىڭ ھامىلە بولىشىدىن باشلاپ تۇغۇلىشى، ئۆيلىنىشى ۋە جىنازىسىغىچە بولغان بارلىق ئىشلار دىندۇر.

### ھىندىلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟

ئۆيلىنىش ئاساسلىق دىنىي ۋەزىپىلەردىن بىرىسىدۇر. ئۆيلىنىش يېشىغا كەلگەن ئەر دىنىي قائىدىلەرگە ئاساسەن ئۆيلىنىدۇ. ئۆيلىنىشنىڭ مەقسىدى ئەنئەنىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشىنى ساقلايدىغان بىر ئوغۇل پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇش ئەر كىشىنىڭ ئۆيلىنىشىدىكى ئاساسى ۋەزىپىسىدۇر. مۇقەددەس نوملاردىن بىرسىدە ئوغۇل پەرزەنتنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر ئوغۇل بىلەن دۇنيا فەتھى قىلىنىدۇ. ئوغلۇڭنىڭ ئوغلى بىلەن ئۆلمەسلىك قولغا كەلتۈرىلىدۇ. ئوغلۇڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى بىلەن قۇياشنىڭ دۇنياسىغا ئىگە بولىدۇ.»

ئۆيلىنىشتىكگە ئوخشاش توغۇلىشتىمۇ چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزىلىدۇ. توغۇلغان بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا ھەسەل بىلەن ئارلاشتۇرۇلغان سېرىق ياغ قويۇلۇپ، بوۋاق قوغدىغۇچى ئايال تەڭرى شاكتىغا تەقدىم قىلىنىدۇ. توغۇلۇپ ئون كۈندىن كېيىن بوۋاققا ئىسىم قويۇلىدۇ. بوۋاق تۆت ئايلىق بولغاندا قۇياشقا بىر قۇربانلىق تەقدىم قىلىنىدۇ .ئۈچ يېشىدا چېچى كېسىلىدۇ. تۆت ياشقا كىرگەندە يەنە چېچى ئېلىنىدۇ. كېيىن بوۋاقنىڭ قۇلىقى تېشىلىدۇ. بوۋاق سەككىز ياكى توققۇز ياشقا كىرگەن ۋاقىتتا دادىسى بالا ئۈچۈن غۇرۇ دېيىلىدىغان بىر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىدۇ. بالا ئۇقۇشقا باشلاش جەريانىدا بىر قىسىم دىنىي مۇراسىملار ئۆتكۈزىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى براھما قاستىدىن بولغان ھىندى ئوغۇلنىڭ ھاياتىدا تۇنجى دەۋرىنى تەشكىل قىلىدۇ. كېيىن ئۆيلىنىش يېشىغا كەلگەن ئوغۇل ئۆيلەندۇرىلىدۇ. ئۆيلىنىش ھاياتتا 2-باسقۇچتۇر.

ئوغۇل باللىرىنى يېتىشتۇرۈپ مەلۇم ياشقا كەلگەندە راھىپ ھاياتىنى ياشاشقا باشلايدۇ. ئۆي ھاياتىدىن يىراقلىشىپ ئىنزىۋا (يالغۇزلۇق) ھاياتىنى ياشاشقا باشلايدۇ. بۇ ھاياتتىكى 3-باسقۇچتۇر.

4- باسقۇچتا ئوغۇل دۇنيا بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزىدۇ. ئائىلىسىنى، مال-مۈلكىنى تەرك قىلىپ ئۆزىنى پۈتۈنلەي نىجاتلىق ئىزدەشكە ئاتايدۇ. سەدىقە ئېلىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. قولىغا بىر ھاسا ئېلىپ مۇقەددەس يەرلەردە ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ. بۇ خىل ھاياتنى تاللىغانلار «سانياسىن» دېيىلىدۇ. ھىندىلار سانياسىنلارنى ئۇلۇغ ئادەم دەپ قاراپ، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇ ئاخىرقى باسقۇچ پۈتۈنلەي شەخسنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا باغلىق بولىدۇ. بۇ يولنى تاللىغان كىشىلەرنىڭ قارمانىڭ تەناسۇھ چەمبىرىدىن قۇتۇلۇش ئىمكانىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىلىدۇ. كۈنىمىزدە ھىندىستاننىڭ ھەر تەرىپىدە مۇنزەۋىلەر ۋە سانياسىنلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

مۇنزەۋىلەر ۋە سانياسىنلار ئۆلگەندىن كېيىن نورمال ئۇسۇلدا تۇپراققا كۆمۈلىدۇ. بۇ ھىندۇئىزمدىكى ئەنئەنىۋى جەسەتنى كۆمۈش ئادەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھىندىئىزىمدا كەڭ تارقالغان جەسەتنى كۆمۈش شەكلى جەسەتنىڭ كۆيدۈرلۈپ، كۈلىنىڭ مۇقەددەس دەريالارغا تۆكۈلىشىدۇر. پەقەت بالىلار، مۇنزەۋىلەر، سانياسىنلار ۋە بەزى مەزھەپنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تۇپراققا كۆمۈلىدۇ.

كۆيدۈرىلىدىغان جەسەتكە ياغ سۈرتۈلگەن يېڭى كېيىملەر كىيگۈزىلىدۇ. مۇراسىم باشقۇرغۇچىلىرى جەسەتنى كۆيدۈرۈش ئورنىغا ئەكېلىدۇ. جەسەت تۇپلانغان ئوتۇننىڭ ئۈستىگە ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن نەرسە-كېرەكلىرى بىلەن قويۇلىدۇ. كۆيدۈرۈلۈپ بولۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، جەسەتنىڭ كۈللىرى بىر لوڭقىغا سېلىنىدۇ. ئاخىرىدا بۇ كۈللەر كۆمۈلىدۇ ياكى مۇقەددەس دەريالارغا تۆكۈلىدۇ.

www.islamyoli.net

## 6. بۇددىزم

بۇددىزم ھىندىستاندىن باشلاپ موڭغۇلىيە، تىبەت ۋە ياپون ئاراللىرىغا قەدەر كۆلىمى چوڭ بولغان جۇغراپىيەدە تەسىرى بار بىر دىندۇر. بۇ دىن ئالەمشۇمۇل شەكلى ۋە مىسسىئونېرلىك خاراكتېرى بىلەن كۈنىمىزدە غەرپ دۆلەتلىرىدىمۇ تارقىلىشقا باشلىدى.

بۇددىزم مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60- ئەسىردە ھىندۇئىزمنىڭ كۆپ تەڭرىلىككە، بىراھمان دېيىلىدىغان دىنىي زاتلارنىڭ ئىمتىيازىغا ۋە قاستا سىستېمىسىغا بولغان قارشىلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. ئىسمىنى ئىجاد قىلغۇچىسى بۇددادىن ئالغان. بۇ دىنىي ھەرىكەت قىسقا ۋاقىتتا ھىندىستاننىڭ سىرتىغا تارقىلىپ ئالەمشۇمۇل بىر دىنغا ئايلانغان. بۇ دىن تارقالغان دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، پەرقلىق شەكىللەرگە ئىگە بولغان. بۇ سەۋەپتىن كۈنىمىزدە ھەر رايون ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزگەرگەن بۇددىزم شەكىللىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دىنىي چۈشەنچە ۋە ھۆكۈملەردە چوڭ پەرقلەر بار. مەسىلەن ياپونىيىگە خاس بولغان زەن بۇددىزمى بىلەن تىبەتكە خاس بولغان تىبەت بۇددىزمى بىر-بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇددىزم بۇنداق پەرقلەرگە قارىماي، ھىنايانا ۋە ماھايانا دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى مەزھەپ ئاستىدا توپلانغان. ھىنايانا شەخسى نىجاتلىقنى، ماھايانا مەزھىبى ئومۇمى قۇتۇلۇشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇلاردىن بىرىنچىسى، سىرلانكا، بۇرما، تايلاند، كامبۇدژا، لائوس قاتارلىق جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرىگە كەڭ تارقالغان. يەنە بىرسى جۇڭگو، كورىيە، ياپونىيە، تىبەت، ۋېيتنام ۋە موڭغۇلىيە قاتارلىق شىمالى ۋە شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە كەڭ تارقالغان.

### 6.1. ئاساسى ئالاھىدىلىكى

بۇ دىن ئالدى بىلەن دىنلارنىڭ ئاساسى ئاملى بولغان تەڭرى چۈشەنچىسىدىن يىراقتۇر.

مۇتلەق كۈچ ئىگىسى، ئەزەلى، ئەبەدى، ياراتقۇچى بىر تەڭرىنىڭ بارلىقىنى قەتئى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى بۇددىزمدا ئۆزگەرمەيدىغان ئەبەدى بىر مەۋجۇتلۇق يوقتۇر. ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ، يوقۇلۇشقا مەھكۇمدۇر. بۇ سەۋەپتىن بۇددىزمنىڭ تەڭرىسىز دىن ئىكەنلىكى سۆزلىنىپ كەلمەكتە.

بۇددىزمنىڭ قارىشىچە، مەۋجۇت شەيئىلەرنىڭ سەۋەبى تەڭرى ئەمەس، قارما دەپ ئاتالغان ئەمەللەردۇر. ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىشى ياكى يۇقىلىشىغا ئەمەللىرى سەۋەپچى.

ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزگىرىشچان ۋە يوقۇلىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىدىغان بۇددىزم روھنىڭ بارلىقىنىمۇ رەت قىلىدۇ. بۇددىستلار دىنىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ماختىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇددىستلار، روھنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىدىغان ھىندىلاردىن پەرقلىنىپ، روھنىڭ كۆچۈشى (تەناسۇھ)گە ئىشەنمەيدۇ. بۇددىزم خرىستىئانلىقىقا ئوخشاش مىسسىئونېر خاراكتېرلىق بىر دىندۇر. بۇددا ئۆزى 40 يىل ھىندىستاننى ئايلىنىپ دىن تارقاتقان. ئۆزگە ئىشەنگەنلەرنى دىن تارقىتىشقا ۋەزىپىلەندۈرگەن. مىسسىئونېر بۇددىستلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇددىزم ھىندىستاننىڭ سىرتىغا چىقىپ جۇڭگو ۋە ياپونىيەگىچە تارقالغان. بۇددىست مىسسىئونېرلار بۇ ۋەزىپىنى كۈنىمىزدىمۇ داۋاملاشتۇرماقتا.

## 6.2. دۇنيا قارىشى

بۇددىزم ھەممە نەرسىگە قادىر بولغان بىر تەڭرىنى ۋە روھنىڭ بارلىقىنى رەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە ماتېرىيالىست دىن سىنىپىغا كىرمەيدۇ. بۇددىزم دۇنياغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇددىزمنىڭ قارىشىچە، دۇنيا ئىنسان ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەت دېگەنلىكتۇر. توغۇلۇش، ياشاش، ئۆلۈش بىر ئازاپتۇر. بۇ ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنىڭ مەنبەسى دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكتۇر. دۇنياغا ھېرىسمەن بولغان ئادەم ئارزۇ ۋە خىياللىرىنىڭ قۇربانى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەخسى ئارزۇ ۋە خىياللىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەش كېرەك.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بۇددىزم ھايات، مال-مۈلۈك ۋە ھاكىمىيەتكە قارشى تەركىدۇنيا بولۇشنى تەۋسىيە قىلمايدۇ. بۇددىزمنىڭ قارىشىچە، ئازاپ-ئوقۇبەتنىڭ مەنبەسى بۇلارغا ئىگە بولغانلىق ئەمەس، بۇلارغا بولغان ھېرىسمەنلىكنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى بولغانلىقىدا. بۇددا نەسىھەتلىرىدە ھاياتتىن قول ئۈزۈپ، ئىشسىز، بىكار ئايلىنىپ يۈرگەن كىشىلەرنى تەنقىد قىلغان. ئۇ ھەممە ئادەمگە بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشنى، بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دۇنياغا ھېرىسمەنلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ سەۋەپتىن بۇددا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى پرىنسىپلارنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

## 6.3. بۇددىستنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پىرىنسىپلىرى

بۇددا ئازاپ-ئوقۇبەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن پرىنسىپلار ھاياتنىڭ ھەر ساھەسىدە دۇرۇس بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇلار سەككىز ماددىدىن تەركىب تاپقان:

1. توغرا ئىشىنىش ياكى چۈشىنىش: كائىناتنى ۋە ھاياتنى بۇددانىڭ كۆرسەتكىنىدەك چۈشىنىپ ئەقىدە قىلىش.

2. توغرا نيەت: زېھنىنى شەھۋەت، زالىملىق ۋە يالغانچىلىقتا مۇناسىۋەتلىك يامان نىيەتلەردىن تازىلاش.
3. توغرا مۇئامىلە قىلىش: زىنادىن، قان تۆكۈشتىن، ئوغرىلىقتىن، قىسقىسى زىيان يېتىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇش.
4. توغرا سۆز: يالغانچىلىق، غەيۋەت، كۈپۈر ۋە پايدىسىز گەپ-سۆز قىلىشتىن يىراق تۇرۇش.
5. توغرا تاللاش (ھايات، كەسىپ): باشقا بىر جانلىققا زىيان سالمايدىغان بىر يول بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن قاسساپلىق، بىلىقچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىنى قىلىشتىن يىراق تۇرۇش.
6. توغرا غەيرەت: زېھنىنى ناچار خىياللاردىن يىراق تۇتۇپ، پايدىلىق نەرسىلەرگە قارىتىشقا غەيرەت قىلىش.
6. توغرا ئويلاش؛ داۋاملىق سەگەك تۇرۇپ بەدەن، ھىس ۋە خىيالىنى كونترول ئاستىدا تۇتۇش.
8. توغرا دىققەت يىغىش: مەدىتاسىيوندا (ئىنتىكاپتا) تۇرغاندا زېھنىنى مەلۇم نوقتىغا مەركەزلەشتۇرۇپ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش.

بۇددىزمدا بۇ سەككىز ماددا«سەككىز تىلىملىق يول» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سەككىز تىلىملىق يولنى ئىجرا قىلغان ئادەم ئۆزىنى ئازاپ-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلغان جاھالەت، ھىرس، تەكەببۇرلۇق، غەزەپلىنىش قاتارلىق ئون ناچار ئەخلاقتىن پاكلىنىپ، ئاخىرقى غايىسى بولغان نىرۋاناغا يېتەلەيدۇ.

## 6.4. قارما ۋە تەناسۇھ

قارما ھىندۇئىزمدىن كېلىپ چىققان بارلىق دىنلارغا تەسىرىنى كۆرسەتكەن بىر ئەقىدىدۇر. ھەممىگە قادىر بىر تەڭرى ۋە روھنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلمايدىغان بۇددىزم، ھىندۇئىزمدىكى بۇ ئەقىدىنى قوبۇل قىلىپ، بۇنى دىنىنىڭ مەركىزى ھالىغا كەلتۈرگەن. ئەمما بۇددىزم قارمانى شەخسىنىڭ ئەستايىدىل قىلغان ئەمەللىرى بىلەن چەكلىك قىلغان. بۇددىزمدا كىشى ئەستايىدىللىق بىلەن قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى ھاياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە كۆرىدۇ.

بۇددىزم قارما ئەقىدىسىنى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان قايتا دۇنياغا كېلىش ئەقىدىسىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما روھنىڭ كۆچۈشى دەپ ئاتىلىدىغان تەناسۇھنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى بۇددىزمدا روھ دەيدىغان بىر نەرسە يوقتۇر. تەكرار دۇنياغا كېلىش، روھنىڭ بىر بەدەندىن باشقا بىر بەدەنگە ئۆتۈش شەكلىدە ئەمەس، يېڭىدىن بەدەنلىشىش

شەكلدە بولىدۇ. بۇددىزمدىكى بۇ چۈشەنچە رەنكارناسيون ئاتالغۇسى بىلەن چۈشەندۈرۈلمەكتە.

بۇددانىڭ قارىشىچە، كىشىنىڭ قارماسى ناچار بىر شەكىلدە شەكىللىنىشكە باشلىغان چاغدىن تارتىپ يېڭىدىن بەدەنلىنىشمۇ داۋاملىشىدۇ. بۇ ئەھۋالدا شەخس ئەسلىدە ئازاپ-ئوقۇبەتتىن ئىبارەت بولغان ھاياتنى قايتا-قايتا ياشاشقا مەجبۇر قىلىپ، بۇ ناچار ئەھۋالدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنسان تىزلىكتە بۇ ئازاپ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ نىرۋاناغا يېتىپ بېرىشى كېرەك.

## 6.5. يوگا ۋە مەدىتاسيون

بۇددىزم ھىندۇئىزمغا ئوخشاش يوگا ۋە مەدىتاسيونغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇددا ئازاپ-ئوقۇبەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن توغرا مەدىتاسيون قىلىشنى نەسىھەت قىلغان. توغرا مەدىتاسيون بۇددىزمدىكى سەككىز پرىنسىپتىن بىرنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇددىست ئىرادىسىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن زېھنىنى، نەپسىنى، بەدىنىنى كونترول قىلىپ، ھەرىكەتلىرىنى ئاستىلىتىدۇ. زېھنىنى نەپرەت، ھەسەت، ھىلە، يالغان، شەھۋەت قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردىن تازىلاشقا تىرىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن زېھنى كامالەت، بەدەنى تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ نىرۋاناغا يېتىشىگە ياردەمچى بولىدۇ.

## 6.6. نىرۋانا

سۆز مەنىسى ئۆچۈش، يوق بولۇش (ئېرىش) دېگەن مەنالارنى ئىپادىلەيدىغان «نىرۋانا» قايتا-قايتا دۇنياغا كېلىش چەمبىرىكىدىن قۇتۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇددىزمدا ھاياتنىڭ مەقسىدى نىرۋاناغا ئېرىشىشتۇر. ئەمما نىرۋانانىڭ ماھىيىتى ئېنىق ئەمەس. بۇددا نىرۋانانى يوقلۇق دەپ تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، نىرۋانا بۇ دۇنياغا ئوخشىمايدىغان بىر ئالەمدۇر. كىشى نىرۋانانىڭ ماھىيىتىنى ئۇقۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا يېتىپ بېرىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بارلىق ھاياتىنى بۇنىڭغا ئاتىشى كېرەك. بۇددىزمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق غايىسى ئىنساننى يېگانە نىجاتلىق ۋە بەخت نوقتىسى دەپ كۆرۈلىدىغان نىرۋاناغا ئېرىشتۈرۈشتۇر.

# 7. تۈركىيەدە ئىسلامىيەتتىن باشقا دىنلار

www.islamyoli.net

تۈركىيە تارىختا قەدىمدىن تارتىپ ھەرخىل دىن ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ بۆشۈكى بولغان. چاتالھۆيۈك ۋە ھاجىلار قاتارلىق مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك خارابىلاردا ئېلىپ بېرىلغان قېدىرىپ تەكشۈرۈشلەر ئاناتولىيەدىكى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى سەككىز مىڭ يىلغىچە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئاناتولىيە تارىختا كۆپلىگەن قەۋملەرگە ۋەتەن بولغان. ھىتتىلار ئۇزۇن ۋاقىت تۈركىيە تۇپراقلىرىدا ھۆكۈم سۈرگەن. ئورارتولار، فىرىگلار، لىدىيالىقلار، لىكىيالىقلار، يۇنانلىقلار، رىملىقلار، ئىرانلىقلار ۋە كۆپلىگەن قەۋملەر بۇ زېمىندا ئىز قالدۇرغان. ئۇلارنىڭ دىن ۋە مەدەنىيەتلىرىگە ئائىت كۆپلىگەن ئاسارە-ئەتىقىلەر بار. يەنە يەھۇدىلىك، خرىستىئانلىق ۋە ئىسلام قاتارلىق كۆنىمىزدىكى مەۋجۇت دىنلارنىڭ ئىزلىرى جەھەتتىمۇ تۈركىيە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. يەھۇدىلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋىدا ھارراندىن باشلاپ كۆپلىگەن يەرلەرنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنغان. خرىستىئانلىقنىڭ ئەقىدە ۋە چۈشەنچە شەكلىنى شەكىللەندۈرگەن كۆپلىگەن ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر تۈركىيە تۇپراقلىرىدا يۈز بەرگەن. ئىسلام جەھەتتىمۇ تۈركىيەنىڭ ئەھمىيىتى مەلۇمدۇر.

## 6.1. يەھۇدىلىك

يەھۇدىلارنىڭ تۈركىيە تۇپراقلىرىدىكى مەۋجۇتلۇقى قەدىمقى دەۋرلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئەگە رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشلەردە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىرگە ئائىت يەھۇدى ئولتۇراق رايونلىرى تېپىلغان. ئىزمىر ئەتراپىدا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 220- يىلىغا ئائىت كونا بىر سىناگوگ خارابىسى تېپىلغان. يەنە ئاق دېڭىز، قارا دېڭىز ۋە مەرمەر دېڭىز ساھىللىرىدا قەدىمقى زامان يەھۇدى ئولتۇراق يەرلىرى تېپىلغان. يەھۇدى تارىخچىسى جۇسەپھوس (مىلادىدىن كېيىنكى 100-37) ئاسىيا ساياھىتىدە يەھۇدىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشكەنلىكىنى يازغان.

تۈركىيە زېمىنىدا يەھۇدى نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى 1492-يىلىدا يۈز بەرگەن ئىسپانىيە سۈرگۈنىدىن كېيىن بولغان. ئىسپانىيەنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان خرىستىئانلار يەھۇدى ۋە مۇسۇلمانلارنى كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان. ئىسپانىيەنى تەرك قىلغان يەھۇدىلار ئوسمانلى دۆلىتىگە ئىلتىجا قىلغان. ئوسمانلى پادىشاھلىرى ئۇلارغا قۇچاق ئاچقان. پادىشاھ 2-بايەزىد ۋالى ۋە بەگلىرىگە ئەۋەتكەن پەرمانىدا يەھۇدى كۆچمەنلەرگە ياردەمچى بولۇشنى تەلەپ قىلغان.

كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ خرىستىئانلانىڭ زۇلمىدىن قېچىپ كەلگەن يەھۇدىلارنىڭ ئوسمانلى تۇپراقلىرىغا ئىلتىجا قىلىشى داۋاملاشقان.

يەھۇدىلار ئوسمانلى تۇپراقلىرىدا خاتىرجەم ياشىغان. دىن ۋە مەدەنىيەتلىرىگە ئەركىنلىك بېرىلگەن. ئۇلار سەنئەت ۋە تىجارەت ئىشلىرىدە دۆلەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەن. تاشقى ئىشلار ۋە مالىيە ئىشلىرىدىمۇ مۇھىم ئورۇنلارغا كەلگەن. سارايى ھاكىملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يەھۇدىلار ئىگەللىگەن. يەھۇدىلار ئوسمانلىنىڭ ئادىل ۋە مېھماندوست مۇئامىلىسىدىن داۋاملىق خۇرسەن بولۇپ، تۈرك ھاكىمىيىتىدە ياشاشنى باشقىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ياشاشتىن ئەلا بىلگەن.

ئوسمانلىلار دەۋرىدە يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بارلىققا كەلگەن مۇھىم ۋەقە ساباتاي سەۋى ھەرىكىتىدۇر. 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىزمىر يەھۇدىلىرىدىن ساباتاي سەۋى ئۆزىنى يەھۇدىلارنىڭ قۇتقۇزغۇچى مەسىھى دەپ ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپا يەھۇدىلىرى ئوتتۇرىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلىپ، كۆپلەپ تەرەپدار توپلىغان. ساباتاي سەۋىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى بىر ئىسيان دەپ قارىغان پادىشاھ 4-مەھمەت، ئۇنى سارايغا چاقىرتىپ، مەسىھلىكىنى مۆجىزە كۆرسىتىپ ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلغان. ساختا مەسىھ ساباتاي سەۋى پادىشاھنىڭ بۇ تەلىۋىنى ئورۇنلىيالمىغان. پادىشاھ ئۇنىڭدىن يا مۇسۇلمان بولۇش، يا ئۆلۈش بۇ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاشنى تەلەپ قىلغان. ساباتاي سەۋى مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ساباتاي سەۋىگە مەھمەت ئىسمى قويۇلۇپ مائاش بېرىلگەن.

ساختا مەسىھ ساباتاي سەۋى كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە قەدىمقى ئەقىدىسىنى مەخپى رەۋىشتە داۋاملاشتۇرغان. ئۆلۈمدىن كېيىن ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىر قىسمى سەلانىككە يەرلىشىپ، ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغان. ساباتايچىلار كۆرۈنۈشى مۇسۇلمان قىياپىتىدە، ئورتودوكس يەھۇدىلىكىدىن پەرقلىق بولۇپ، تەۋرات كاپىالا ئېقىمىغا باغلىق بىر سىستېمىنى ئىجاد قىلغان. سىستېمىنىڭ ئاساسىنى مەسىھ ئۈمىدى تەشكىل قىلغان. ساباتايچىلارنىڭ قارىشىچە، مەسىھ ساباتاي سەۋى قايتا كەلگەندە ئۇلار ۋەدە قىلىنغان مۇقەددەس زېمىنغا بېرىپ، ھەقىقى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرىدۇ ۋە دۇنيانىڭ ھاكىمىيىتى ئۇلارغا مەنسۇپ بولىدۇ.

1924-يىلدىكى نوپۇس ئالماشتۇرۇشتا ئىستانبۇلغا كىلىپ ماكانلاشقان ساباتايچىلار سەلانىكلىقلار ۋە قايتقۇچىلار ئىسمى بىلەن خاتىرلىنىدۇ. بولۇپمۇ «قايتقانلار» ئىسمى ئەدەبىياتىمىزغا كىرگەن. ساباتايچىلار ئۆزىنى مەخپى تۇتقانلىقى ئۈچۈن سانى ئېنىق ئەمەس. 1948-يىلى پەلەستىندە مۇستەقىل بىر دۆلەت قورۇلغان ۋاقىتتا تۈركىيەدىكى يەھۇدىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسرائىلىيىگە كۆچۈپ كەتكەن. كۈنىمىزدە تۈركىيەدە ياشاۋاتقان يەھۇدىلارنىڭ سانى تەخمىنەن 26 مىڭ كىشىدۇر. بۇلار ئىستانبۇلدىن باشلاپ ئىزمىر، ئەنقەرە، بۇرسا، ئەدىرنە، چاناققالئە، قىرىقلارەلى، ئادانا ۋە ھاتايدا ياشايدۇ.

تۈركىيە يەھۇدىلىرىنىڭ دىنىي مەركىزى ئىستانبۇلدىكى ھاھامباشىلىقتۇر. ھاھامباشى جامائەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇلدۇر. ئۇ دۆلەت نەزىرىدە قانۇنى ۋەكىلدۇر. ھاھامباشىغا ۋەزىپىسىدە مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان ئىككى كېڭەش بار. بۇلاردىن بىرسى دىنىي كېڭەش، يەنە بىرسى پەخرى مەسلىھەتچىلىكتۇر. تۆت ھاھامدىن تەركىپ تاپقان دىنىي كېڭەش، دىنىي مەسىلىلەردە ھاھامباشىغا ياردەمچى بولىدۇ. 35 كىشىدىن تەركىپ تاپقان مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى جامائەتنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. جامائەتنىڭ ئىستانبۇلدا بەت دىن (دىن ئۆيى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر دىنىي مەھكىمىسى بار. ئۆيلىنىش، ئاجرىشىش، مىراس، نەسەپ تەكشۈرۈش قاتارلىق داۋالار بۇ مەھكىمىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 6.2. خرىستىئانلىق

خرىستىئانلىق پەلەستىندە بارلىققا كېلىپ، ئاناتولىيەدە تەرەققى قىلغان. خرىستىئانلىقنىڭ بۈگۈنكى ھالەتكە كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان پاۋلۇس تارسۇسلۇق بىر يەھۇدىدۇر. پاۋلۇس خرىستىئانلىقنى تارقىتىش ئۈچۈن تۈركىيەنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىنى ئايلىنىپ چىققان. خرىستىئانلىقنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى «يېڭى ئەھدە»دىكى «رەسۇللەرنىڭ ئىشلىرى» ناملىق قىسمىدا تۈركىيەدىكى كۆپلىگەن يەرلەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان.

يەنە پاۋلۇسنىڭ «يېڭى ئەھدە»تا بايان قىلىنغان گالاتيالىقلار، ئەپەسۇسلۇقلار ۋە كولوسلارغا يازغان خەتلىرى ئاناتولىيەدە مۇشۇ ئىسىملاردا ئاتالغان رايون خەلقلىرىگە يېزىلغان. خرىستىئان دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم قارارلار قىلىنغان چوڭ قۇرۇلتايلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈركىيە زېمىنىدا ئېچىلغان. ھەتتا پەلەستىن زېمىنىدىن سىرتقا چىقمىغان ھەزرىتى ئىسانىڭمۇ تۈركىيىدىكى ئۇرپاغا كېلىپ «دەيرى مەسىھ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۆڭكۈردە ھاۋارىلىرى بىلەن بىرلىكتە يىغىن ئاچقانلىقى توغرىسىدا رىۋايەت بار. بۇ سەۋەپتىن، تۈركىيە چېگرىسى ئىچىدە خرىستىئانلىق ئۈچۈن مۇھىم بولغان كۆپلىگەن مۇقەددەس ماكانلار باردۇر.

تۈركىيەدىكى خرىستىئانلارنىڭ كۆپ قىسمى تارىخى ئالدىنقى 200-يىللارغىچە يېتىپ بارىدىغان چىركاۋلارغا مەنسۇپتۇر.

19-ئەسىردە بولۇپمۇ 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈركىيەدىكى خرىستىئان گۇرۇپلار ئوسمانلى ھۆكۈمىتى بىلەن ياۋروپا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇستۇنلۇك تالىشىش زىددىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇرۇش جەريانىدا غەرپكە مايىللىقى سەۋەبىدىن خرىستىئانلارغا تۈركىيەدە ياخشى كۆز بىلەن قارالمىغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۆپلىگەن

www.islamyoli.net

خرىستىئان گۇرۇپلار تۈركىيەدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان. 1928-يىلىغا كەلگەندە تۈركىيەدىكى خرىستىئانلارنىڭ سانى كۆپ مىقداردا ئازايغان.

1923-يىلى لوزاندا ئىمزالانغان كېلىشىمنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىدا كۆرسىتىلگەن بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، كەتمەيدىغان قالغان خرىستىئانلارغا تۈركىيە دۆلىتى تەرىپىدىن بىخەتەرلىك كاپالىتى بېرىلگەن. دىنىي ئەركىنلىك ۋە دۆلەت مەمۇرى بولۇش قاتارلىق مۇسۇلمانلارغا بېرىلگەن ھوقۇقلار خرىستىئانلارغىمۇ بېرىلگەن. يەنە قانۇن بويىچە ئۆز مەكتەپلىرىنى ئېچىش ۋە ئانا تىلىنى ئىشلىتىش رۇخسىتى بېرىلگەن. كۈنىمىزدە تۈركىيەدە ياشاۋاتقان خرىستىئانلارنىڭ سانى بىر يۈز يىگىرمە تۆت مىڭدۇر.

تۈركىيەدە كۈنىمىزدە تارىخىي خرىستىئان گۇرۇپلاردىن رۇملار، ئەرمەنىلەر، سۇرىيانىلار ۋە ئەرەب ئورتودوكسلىرى بار. بۇنىڭ بىلەن بىرگە مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن كاتولىك ۋە پروتەستان مەزھەپلىرىمۇ بار.

بۇ مەزھەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مەركىزى ئىستانبۇلدا. ئىستانبۇلدىكى مەركەزلىرىنىڭ بېشىدا فەنەر رۇم ئورتودوكس پاترىكخانىسى بار.

## 4. باپ: دىنلاردا ئەقىدە

### 1 . ئەقىدە ئاساسلىرى

#### 1.1. يەھۇدىلىكنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرى

يەھۇدىلەرنىڭ مۇقەددەس كىتاۋىدا ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك ئەقىدە ئاساسلىرى ھەققىدە ھەرقانداق بىر مەلۇمات يوقتۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەھۇدىي دىنىي ئالىملىرىدىن مايمۇنىدەس خرىستىئان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىلىككە قارىتا قىلغان تەنقىدلىرىگە قارشى مۇداپىئەلىنىش مەقسىدىدە بىر ئەقىدە سىستېمىسى تۈزۈپ چىققان. مايمۇنىدەسنىڭ تۈزۈپ چىققان ئەقىدە سىستېمىسى تۆۋەندىكىچە:

1. تەڭرى مەۋجۇت بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىۋاتىدۇ.
2. تەڭرى بىردۇر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تەڭرى يوقتۇر.
3. تەڭرى بىر جىسىم ئەمەس ۋە ھەرقانداق بىر شەكىل بىلەن تەسۋىرلەشكە بولمايدۇ.
4. تەڭرى ئەزەلى ۋە ئەبەدىدۇر.
5. ئىبادەت مەخسۇس تەڭرىگە خاستۇر، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ.
6. پەيغەمبەرلەرنىڭ بارلىق سۆزلىرى ھەقتۇر.

www.islamyoli.net

7. سەييدىمىز (غوجىمىز) مۇسانىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەقتۇر. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئەۋەتىلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.
8. قولىمىزدىكى تەۋرات تەڭرى تەرىپىدىن مۇساغا بېرىلگەن تەۋراتنىڭ ئۆزىدۇر.
9. تەۋرات ئۆزگەرتىلمەيدۇ ۋە كەلگۈسىدە تەڭرى باشقا بىر تەۋراتنىمۇ ئەۋەتمەيدۇ.
10. تەڭرى ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرى ۋە خىياللىرىنى بىلىدۇ.
11. تەڭرى ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلغانلارنى مۇكاپاتلايدۇ، ئىتائەت قىلمىغانلارنى جازالايدۇ.
12. مەسىھ كېلىدۇ، كېچىككەن بولسىمۇ ئۇنىڭ كېلىشىنى ساقلايمەن.
13. تەڭرى بىلىدىغان بىر ۋاقىتتا ئۆلۈمدىن كېيىن تىرىلىش ئەمەلگە ئاشىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئەقىدە ئاساسلىرى تەڭرى، پەيغەمبەرلىك، ھەزرىتى مۇسانىڭ ئەڭ بۈيۈك پەيغەمبەر بولىشى، تەۋراتنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ئاخىرەت ۋە مەسىھ قاتارلىق ئاساسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ 13 ماددىلىق ئىمان ئاساسلىرى پەقەتلا ئورتودوكس يەھۇدىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ.

## 2.1. خرىستىئانلىقنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرى

خرىستىئانلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە مەلۇم بىر مۇقەددەس كىتاۋى بولمىغىنىغا ئوخشاش، ھەممە ئادەم قوبۇل قىلىدىغان بىر ئەقىدە سىستېمىسىمۇ يوق ئىدى. بۇ ئەھۋال خرىستىئانلار ئوتتۇرىسىدا ئەقىدە مەسىلىسىدە تالاش-تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭغا ئاساسەن مىلادىدىن كېيىن 325-يىلىدا ئىزنىكتە بىر يىغىن ئېچىلدى. بۇ يىغىندا ئۇزۇن مۇزاكىرىلەردىن كېيىن بىر ئەقىدە سىستېمىسى تۈزۈپ چىقىلدى. 12 ماددىلىق بۇ ئەقىدە سىستېمىسى تۆۋەندىكىچە:

1. مەن تەڭرىگە، قۇدرەتلىك دادىغا
2. ۋە ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى راب ئىساغا
3. قىز مەريەم ۋە مۇقەددەس روھتىن توغۇلغانلىقىغا
4. پىلاتۇس دەۋرىدە كرېستقا مىخلانغانلىقىغا، ئۆلگەنلىكىگە، كۆمۈلگەنلىكىگە
5. ئۆلۈپ 3-كۈنى ئۆلۈكلەر ئىچىدىن تىرىلگەنلىكىگە
6. ئاسمانغا ئۆرلىگەنلىكىگە
7. دادىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغانلىقىغا
8. ئۇ يەردىن ئۆلگەنلەر ۋە تىرىكلەرنى سوراقىقا تارتىش ئۈچۈن يەر يۈزىگە چۈشىدىغانلىقىغا

www.islamyoli.net

9. مۇقەددەس روھقا
10. مۇقەددەس چېركاۋغا
11. گۇناھلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقىغا
12. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ۋە ئەبەدى ھاياتقا ئىشىنىمەن.

خرىستىئانلىقنىڭ بۇ ئەقىدە ئاساسلىرى «تەسلىس» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچلۈك تەڭرى چۈشەنچىسىگە تايىنىدۇ. بۇ ئەقىدە ئاساسلىرىغا ئاساسەن بىر خرىستىئان ئاللاھ بىلەن ئىسانىڭ ۋە مۇقەددەس روھنىڭمۇ تەڭرى ئىكەنلىكىگە، چېركاۋنىڭ ئىمتىيازىغا، گۇناھلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقىغا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

## 1.3. ئىسلامىيەتنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرى

ئىسلامنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرى قۇرئانى-كەرىمگە تايىنىدۇ. قۇرئانى-كەرىمدە ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتىش لازىم بولغان ئاساسلار ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە دېيىلىشىچە، ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغان بىر كىشىگە پەيغەمبەر مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: «ئىمان ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، كىتاپلىرىغا، پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىگە ئىشىنىشتۇر.» (مۇسلىم: «ئىمان»)

بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئىسلامنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرى ئالتە تۈرلۈكتۇر. ئىسلامنىڭ ئامەنتۇسى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئالتە ئاساس تۆۋەندىكىچە:

1. ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش
2. پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش
3. كىتاپلىرىغا ئىمان ئېيتىش
4. پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىش
5. ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش
6. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان ئېيتىش

ئىسلامدا ئىمان ئېيتىش شەرت بولغان بۇ ئالتە ئاساس روشەن ۋە ئالەمشۇمۇلدۇر. بۇ ئاساسلار باشقا دىنلارنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرىغا ئوخشاش پەقەت مەلۇم بىر دىننىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن چەكلەنگەن ئەمەس. مەسىلەن: بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولىشى ئۈچۈن، پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن قۇرئانى-كەرىمگە ئىشىنىشلا يېتەرلىك

www.islamyoli.net

بولمايدۇ. ئۇ كىشى ھەزرىتى ئىسا، مۇسا ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن كىتاپلارنىمۇ تەستىقلىشى كېرەك.

1. ئەقىدىلەرنىڭ سېلىشتۇرلىشى

1.2. تەڭرى ئەقىدىسى

تارىختىن بۇيان ئىنسانلاردا تەڭرى چۈشەنچىسى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بەزى ئىنسانلار بىر تەڭرىگە ئىشەنسە، بەزىلىرى بىردىن كۆپ تەڭرىگە ئىشەنگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ تەڭرى ئەقىدىسى بىر تەڭرىلىك ۋە كۆپ تەڭرىلىك دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بىر تەڭرىلىك مونۇتەئىزىم، كۆپ تەڭرىلىك پولىتەئىزىم دەپ ئاتىلىدۇ.
بىر تەڭرى ئەقىدىسى ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى تەڭرىنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتۇر. بۇ تەڭرىنىڭ جۈپتى، ئوخشىشى ۋە شېرىكى يوقتۇر. ئۇنىڭ كۈچى ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. بۇنداق بىر تەڭرى ئەقىدىسى ئەڭ ئېنىق شەكىلدە يەھۇدىلىك ۋە خرىستىئانلىقتا كۆرۈلىدۇ. كۆپ تەڭرى ئەقىدىسىدە مىڭدىن ئارتۇق تەڭرىنىڭ بارلىقىدىن سۆز قىلىدىغان بايانلارمۇ بار. ياپونلارنىڭ مىللى دىنىي شىنتۇئىزىم بۇنىڭ ئەڭ ئېنىق دەلىللىرىدىن بىرسىدۇر.

1.1.2. يەھۇدىلىك، خرىستىئانلىق ۋە ئىسلامىيەتتە تەڭرى ئەقىدىسى

يەھۇدىلىك، خرىستىئانلىق ۋە ئىسلام ئوخشاش بىر دىنىي ئەنئەنىنىڭ ۋەكىلى بولغان دىنلاردۇر. بۇ ئۈچ دىن ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئەنئەنىسىگە تايىنىدۇ. بۇ سەۋەپتىن «ئىبراھىمى دىنلار» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئۈچ دىن ئوتتۇرىسىدا بەزى تەرەپلەردە ئوخشاشلىقلار بار.
يەھۇدىلىك تۇنجى بىر تەڭرىلىك دىن سۈپىتىدە مەۋجۇتتۇر. بۇ دىنىنىڭ تەڭرى چۈشەنچىسىدە تەڭرى بىردۇر. يەھۇدىلىكنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى تەۋراتتا بۇ ھەقتە: «تىڭشا ئى ئىسرائىل، ئاللاھىمىز راب، بىر بولغان رەبتۇر» (تەسنىيە، 4، 6) دېيىلگەن.
يەھۇدىلىكتە تەڭرى ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى ۋە ھۆكۈم قىلغۇچى مۇقەددەس بىر بارلىقتۇر. ئۇ ئەزەلى ۋە ئەبەدىدۇر. ئۇنىڭ ئوخشىشى، شېرىكى يوقتۇر. بۇ سەۋەپتىن ھەرقانداق شەكىلدە رەسىمى ۋە ھەيكىلى سىزىلمايدۇ ۋە ياسالمايدۇ. ئىسمى پايدىسىز يەردە تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ. ئىبادەت پەقەتلا ئۇنىڭغا قىلىنىدۇ.

تەڭرىنىڭ «ئەلۇھىم» ۋە «ياھوۋا» نامىلىق ئىسىملىرى بار. «ئەلۇھىم» ئۇنىڭ غەزەپ تەرىپىنى، «ياھوۋا» بولسا رەھمەت تەرىپىنى ئىپادىلەيدۇ. يەھۇدىلار ئۇنىڭ بۇ ئىسىملىرىنى تەلەپپۇز قىلىشتىن ئېھتىيات قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ھاشەم» ۋە «ئادوناي» دەپ خىتاپ قىلىدۇ.

يەھۇدىلىكتىن كېلىپ چىققان خرىستىئانلىقتىكى تەڭرى چۈشەنچىسى يەھۇدىلىكتىن كۆپ پەرىقلىقتۇر. خرىستىئانلىقتا يەھۇدىلار ئىشەنگەن تەڭرى بىلەن بىرلىكتە ھەزرىتى ئىسا ۋە مۇقەددەس روھنىڭمۇ تەڭرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۈچ ئامىل تەڭرىنىڭ ئۈچ ئايرىم تەجەللىسى (نامايەندىسى) ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان «تەسلىس» نەزەرىيىسىنى تەرەققى قىلدۇرغان. بۇ نەزەرىيىگە ئاساسەن «تەسلىس»تىكى ئۈچ ئامىل بىر تەڭرىنى تەمسىل قىلماقتا. خرىستىئانلار بۇ نەزەرىيىنى ئەقىل بىلەن ئىدراك قىلىنىشى مۈشكۈل بولغان بىر سىر دەپ قارايدۇ.

«تەسلىس»نىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى قايسىلار؟

خرىستىئان «تەسلىس»بدىكى ئۈچ ئامىل: دادا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھتىن ئىبارەت. «تەسلىس»نىڭ تۇنجى ۋە ئەسلى ئامىلىنى تەشكىل قىلىدىغان دادا يەھۇدىلىكتىكى تەڭرىگە خرىستىئانلار قويغان ئىسىمدۇر. خرىستىئانلاردا دادا تەڭرى ئەبەدى، ھەممە نەرسىگە قادىر، ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى، شەپقەتلىك ۋە ئەپۇ قىلغۇچى مۇقەددەس زاتتۇر.

«تەسلىس»نىڭ ئىككىنچى ئامىلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئوغۇل ئىسا دادا تەڭرىنىڭ ئىنسان بەدىنىگە ئورالغان كالامىدۇر. بۇ سەۋەپتىن ھەزرىتى ئىسا خرىستىئان ئەقىدىسىدە تەڭرىنىڭ ئوغلىدۇر. خرىستىئانلىقتىكى بۇ ئەقىدە خرىستىئانلىق تارىخىدا مۇھىم رول ئويناىدىغان كېڭەشلەردە مۇزاكىرە ئارقىلىق قارار قىلىنغان. كۈنىمىزدە خرىستىئانلارنىڭ كۆپ قىسمى تەڭرى كالامىنىڭ شۇنداقلا بىۋاستە تەڭرىنىڭ گۆش سۆڭكى بولۇپ، ئىنسان شەكلىگە كىرگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. بۇ ئەقىدىدە دادا تەڭرى ئىنسانلارغا بولغان سۆيگۈ ۋە مەرھەمىتى سەۋەبىدىن مەسىھ ئىسا شەكلىدە ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدۇ. ئۇنىڭ ياردىمى ئىسا ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارغا يېتىپ بېرىپ نىجاتلىق يولىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسا تەڭرى بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىدۇر. دادا تەڭرى ئۇنىڭغا سوتلاش ۋە ھايات بېرىش كۈچىنى بەرگەن. دادا بىلەن ئوخشاش جەۋھەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تولۇق ۋە مۇكەممەل بىر تەڭرىدۇر. تەڭرىنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ھەقىقى بىر تەڭرى ۋە ھەقىقى بىر ئىنساندۇر. ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىش تەڭرىگە قۇللۇق قىلىش ۋە دىنغا باغلانغان بولۇش دېمەكتۇر.

خرىستىئانلىقتا «تەسلىس»نىڭ ئۈچىنچى ئاملى مۇقەددەس روھتۇر. مىلادىدىن كېيىنكى 381-يىلىدا ئىستانبۇلدا ئېچىلغان كېڭەشتە مۇقەددەس روھنىڭمۇ ئادا ۋە ئوغۇلغا ئوخشاش بىر تەڭرى ئىكەنلىكى قارار قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن خرىستىئان «تەسلىس»نىڭ ئامىللىرى تاماملانغان.

خرىستىئانلىق چۈشەنچىسىدە مۇقەددەس روھ ئادا تەڭرى بىلەن ئوخشاش جىنىستىندۇر، ئەمما ماھىيىتى پەرقلىقتۇر. ئۇ يارىتىلمىغان بىر ئەزەلىي مەۋجۇتلۇق بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە ۋە كائىناتتا ياشايدىغان تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر. ئادا تەڭرى بارلىق ئىشلىرىنى بۇ مۇقەددەس روھ ۋاستىسى بىلەن قىلىدۇ ۋە قۇدرىتىنى داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن كۆرسىتىدۇ. خرىستىئان ئەقىدىسىدە مۇقەددەس روھ خرىستىئانلارغا يول كۆرسىتىپ، ئۇلارنى خاتالىقلاردىن ساقلاپ قالىدۇ.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئەنئەنىسىنىڭ ئۈچىنچى ۋە ئاخىرقى ھالىتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىسلامدا خرىستىئان «تەسلىس» ئەقىدىسى رەت قىلىنىپ، تەۋھىد ئەقىدىسى يېڭىدىن قۇرۇلغان. بۇ سەۋەپتىن ئىسلامنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى قۇرئانى-كەرىمدە ئاللاھنىڭ بىرلىكى، تەڭدىشى، ئوخشىشى ۋە شېرىكى يوقلىقى كۆپ قېتىم ئىنسانلارغا خاتىرلىتىپ ئۆتۈلگەن. قۇرئانى-كەرىمدە ئاللاھ تۇنجى ۋە ئاخىرقىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا تەڭرى يوقتۇر. ئۇ ھېچكىمگە مۇھتاج ئەمەستۇر. ئىنسانلارنى ئاخىرەت كۈنىدە ھېساپقا تارتقۇچى ئۇدۇر. بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىسلامدىكى تەڭرى ئەقىدىسى يەھۇدىلىكتىكى تەڭرى ئەقىدىسى بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە.

### 1.2.2. ھىندۇئىزم ۋە بۇددىزمدا تەڭرى ئەقىدىسى

ھىندۇئىزمدا تەڭرى تەسەۋۋۇرى ۋە چۈشەنچىسى ئېنىق ئەمەس. كۆپلىگەن تەڭرى سىمۋولىنىڭ بولغانلىقى، بۇلارغا ئايرىم ۋەزىپە تەقسىم قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن، ھىندىئىزىم كۆپ تەڭرىلىك، بۇتپەرەس بىر دىن دەپ بىلىنىدۇ. ئەمما ھىندۇئىزمنىڭ مۇقەددەس نوملىرى «ۋەدالار»دا تەڭرىنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغان ئىپادىلەر بار. «رىگ ۋەدا»دىكى شۇ ئىپادىلەر بۇلارنىڭ بىرسىدۇر. بۇ ئىپادىلەردە «ئۇنى ئىندرا، مىترا، ۋارۇنا ۋە ئاگنى» دەپ چاقىرىدۇ. «بىلگەنلەر» ئۇنى پەرقلىق ئىسىمدا چاقىرغان بولسىمۇ ھەقىقەت بىردۇر.

«رىگ ۋەدا»دىكى بۇ ئىپادە تەڭرىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ھەرخىل ناملار بىلەن ئىسىملەندۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئاللاھنىڭ 99 ئىسمى سۈپەتلىرىگە ئوخشۇتۇش مۇمكىندۇر.

ھىندۇئىزمدا بىر تەڭرى چۈشەنچىسىنى تاپقىلى بولىسمۇ، ئەمما ھىندىلار ئوتتۇرىسىدا كۆپ تەڭرىچىلىك چۈشەنچىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. تەڭرىلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەبىقىسىنى خرىستىئان «تەسلىس»نگە ئوخشايدىغان ئۈچلۈك تەڭرى سىستېمىسى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئۈچلۈك سىستېمىدا ياراتقۇچى تەڭرى بىراھما، مۇھاپىزەتچى تەڭرى ۋىشنۇ، جازالاندۇرغۇچى تەڭرى شىۋا باردۇر.

ھىندىئىزىمدا بۇ تەڭرىلاردىن باشقا بىر نەچچە ئەر تەڭرى ۋە ئايال تەڭرى بار. بۇلار: ئىندرا، ۋارۇنا، سوما، رۇدرا، مىترا، دۇرگا، شاكتى، قالى قاتارلىقلار بۇلارنىڭ بېشىدا كېلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلەردىن قۇتۇلۇپ نىرۋاناغا يېتىپ بېرىشىنى مەقسەت قىلغان بۇددىزمنىڭ تەڭرى بىلەن ئالاقىسى يوقتۇر. بۇددىزمنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى بۇددا ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل نەرسىلەر بىلەن ئالاقىدار بولماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىپ، بۇ ھەقتە سوئال سوراشنى پايدىسىز دەپ قارىغان. ئۇنىڭ پىكرىچە، ئىنسانلار ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، بۇ دۇنيانىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىشى كېرەك. بۇددانىڭ تەڭرى بىلەن ئالاقىسىزلىقىغا قارىماي، كېيىنكى ئەسىرلەردە بولۇپمۇ ماخايانا مەزھىبىدە بۇددا تەڭرى ئورنىغا قويۇلغان. بۇ مەزھەپ كەڭ تارقالغان دۆلەتلەردە تەڭرى تەسەۋۋۇرلىرى تەرەققى قىلدۇرۇلغان. كۆپ ھاللاردا بۇ تەسەۋۋۇرلار بۇددانىڭ تەڭرى ئىكەنلىكىگە مەركەزلەشكەن. ئۇ تەڭرى ھەتتا تەڭرىلارنىڭ ئۈستىدىكى تەڭرى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان. بۇددانىڭ ئەقىدىسىگە مۇستەھكەم باغلانغان نىرۋانا مەزھىبىدە تەڭرىنى ئويلاش پىكرىمۇ بولمىغان. تەڭرى ھەققىدىكى ئېنىقسىزلىقلار بۇددىزمنىڭ تەڭرىسىز بىر دىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

### 2.2. پەيغەمبەرلەر ۋە دىن ئىجاد قىلغۇچىلار

پەيغەمبەر ئەقىدىسى پەقەتلا يەھۇدىلىك ۋە ئىسلامنىڭ ئەقىدە ئاسالىرىدىلا مەۋجۇتتۇر. يەھۇدىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەقىدىسى مۇقەددەس كىتاپلاردا ئىسمى ئېيتىلغان پەيغەمبەرلەر بىلەن چەكلىنىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئۇلار ھەزرىتى ئىسا ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھەزرىتى مۇسا ھەق ۋە بۈيۈك پەيغەمبەردۇر.

ئىسلامدا قۇرئانى-كەرىمدە زىكىر قىلىنغان بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش مۇسۇلمانلىقنىڭ بىر شەرتىدۇر. بۇ سەۋەپتىن مۇسۇلمانلار ئايرىمچىلىق قىلماي بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىدۇ. ئىسلام ئەقىدىسىدە ھەزرىتى ئىسا ئاللاھنىڭ بىر پەيغەمبىرىدۇر.

يەھۇدىلىك، خرىستىئانلىق ۋە ئىسلامدىن باشقا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6ـئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان زەردۇشتلىك دىنىدىمۇ پەيغەمبەرلىك ئەقىدىسى بار. زەردۇشتلەر بۇ دىنىنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى زەردۇشتنى بىر پەيغەمبەر دەپ قارايدۇ.

## 2.2.2. پەيغەمبەر ۋە دىن ئىجاد قىلغۇچىلار

### 2.2.2.1 ھەزرىتى مۇسا

ھەزرىتى مۇسا تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 15ـئەسىردە ياشىغان يەھۇدى بىر پەيغەمبەردۇر. تەۋرات ۋە قۇرئاندا بايان قىلىنىشىچە ، ئۇ ئىسرائىل ئوغۇللىرى مىسىردا ئاسارەت ئاستىدا ياشاۋاتقان ۋاقىتتا دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنىڭ بىر قىسمىنى پىرئەۋننىڭ سارىيىدا ئۆتكۈزگەن. بىر مىسىرلىقنى سەھۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، مىسىردىن قېچىپ مەديەنگە ئىلتىجا قىلغان. ئاللاھ ئۇنى كېيىن پەيغەمبەرلىك بىلەن شەرەپلەندۈرگەن. ئىنىسى ھارۇننى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلغان. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىرغا قايتىپ كېلىپ پىرئەۋننى ئاللاھقا ئىشىنىشكە چاقىرغان. لېكىن پىرئەۋن بۇنى قوبۇل قىلمىغان. بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى مۇسا مىسىردىكى ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى يېنىغا ئېلىپ مىسىردىن كەتكەن. ھەزرىتى مۇسا ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا پەيغەمبەرلىك قىلغان.

يەھۇدى ئەقىدىسىدە ھەزىتى مۇسا كېلىپ كەتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پەيغەمبەرلەر پەقەت تەربىيىچى ۋە توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر. ھەزرىتى مۇسا ئىدىئال بىر رەھبەر، ھۆكۈمدار ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىگىنى ئۆزىدە توپلىغان بىر پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭ ئىنسانلىق دەرىجىسىدىكى ئۇلۇغلۇقى غەيب ئالەمنى ئىدراك قىلالايدىغان دەرىجىدە بۇيۈكتۇر. بۇ سەۋەپتىن ھەزرىتى مۇسا دەرىجە جەھەتتىن باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈندۇر. غەيب ئالەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخپىي بىر نەرسە يوقتۇر. باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن كەلگەن. ھەزرىتى مۇسا بولسا خالىغان ۋاقىتدا بىر دوستى بىلەن پاراڭلاشقانغا ئوخشاش، ئاللاھ بىلەن ۋاستىسىز سۆزلەشكەن. ئاللاھ بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقىتتا قورقۇش، ئازاپ، ئەندىشە، تىترەش قاتارلىق ئىشلار يۈز بەرمىگەن.

ھەزرىتى مۇسا ئېلىپ كەلگەن دىن بىكار قىلىنمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭ دىنىغا بىر نەرسە قوشمىغان ياكى ئۇنىڭدىن باشقا دىن ئېلىپ كەلمىگەن. ھەزرىتى مۇسا مۆجىزىلىرى بىلەن باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈندۇر. ھەزرىتى مۇسادىن

باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىگە بىر ياكى بىر نەچچە ئادەم شاھىت بولغان بولسا، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىگە بارلىق ئىسرائىل ئوغۇللىرى، پىرئەۋن ۋە مىسىرلىقلار شاھىت بولغان.

نەتىجىدە، يەھۇدى ئەقىدىسىدە ئاللاھ دىنىنى ھەزرىتى مۇسا ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن. باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچ بىرسى ئۇ يەتكەن دەرىجىگە يېتەلمىگەن. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭ كېلىشىنى خوشخەۋەر بېرىدىغان بىر خەۋەرچى، كېيىنكى پەيغەمبەرلەر بولسا ئۇنىڭ دىنىنىڭ تەبلىغچىسى بولغان.

## 2.2.1.2. ھەزرىتى ئىسا

ھەزرىتى ئىسا مىلادىيە كالىندارىنىڭ باشلانغۇچىدا پەلەستىن رايونىدىكى بەيتلەھەم كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىنجىلدىكى مەلۇماتلاردا ئانىسى مەريەم مۇقەددەس روھ ۋاستىسى بىلەن ئىساغا ھامىلدار بولۇپ ئۇنى تۇققان. بۇ ۋاقىتتا مەريەم ياغاچچى يۈسۈپ بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن. يۈسۈپ مۇقەددەس روھ ئۆزىگە ئىسانىڭ مۆجىزىۋى توغۇلىشى ھەققىدە خەۋەر بېرىشى نەتىجىسىدە بوۋاق ئىسا ۋە ئانىسى مەريەمنى ھىمايە قىلغان.

ئىنجىلدا ھەزرىتى ئىسانىڭ باللىق دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز. پەقەت لوكا ئىنجىلىدا ئۇنىڭ 12 يېشىدا يەھۇدى دىنىي زاتلار بىلەن تارتىشقانلىقى سۆزلەنگەن. ئىسانىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پۈتۈن ياشلىق دەۋرى ھەققىدە بىرەر مەلۇمات يوق. بۇ ھەقتە ئىنجىلدا ئەڭ كىچىك بىر ئۇچۇچىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بۇ مەلۇم بولمىغان دەۋردىن كېيىن ئىسانىڭ تەبلىغ دەۋرى باشلىنىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ بېشىدا ئۇ تەخمىنەن 30 يېشىدا تۇققىنى ۋاپىتىزچى (سۇغا چۆمۈلدۈرگۈچى) يەھيا (يەھيا پەيغەمبەر) تەرىپىدىن سۇغا چۆمۈرۈلگەن. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ تەۋبە قىلىپ، تەڭرى پادىشاھلىقىغا كىرىشى ئۈچۈن تەبلىغ قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ تەبلىغ پائالىيەتلىرى شۇ دەۋردىكى ئىمتىيازلىق كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. بولۇپمۇ يەھۇدى دىنىي زاتلىرى ئۇنىڭ مەۋجۇت دىنىي چۈشەنچە ۋە ھۆكۈملەرگە قاراتقان تەنقىدلىرىدىن راھەتسىز بولۇپ، ئىسانى يۇقۇتۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەشكە باشلىغان. ئىسانىڭ ھاۋارىلىرىدىن ياھۇدا ئىشكارىيوپ ئىساغا خىيانەت قىلىپ ئۇلارغا ياردەم قىلغان. ئۇ يەھۇدى دىنىي زاتلىرىنى ئىسا تۇرۇۋاتقان يەرگە باشلاپ بېرىپ، ئىسانىڭ تۇتۇلۇشىغا ۋاستە بولغان. يەھۇدىلار ئىسانى سانھەدرىن دەپ ئاتىلىدىغان ئالى مەھكىمىدە سوتلىغاندىن كېيىن، ئۇنى جازالاش ئۈچۈن رىم ۋالىسى فىلاتوسقا ئىلتىماس قىلغان. ۋالى ئىسانىڭ جازالاندۇرۇلىشىنى مۇۋاپىق كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەھۇدىلار ئۇنى كرېست مەيدانىغا ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسا جۈمە كۈنى قۇددۇستا كرېستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈپ ئاخشامغا يېقىن كۆمۈلگەن.

تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن يەكشەنبە ئەتتىگەن تىرىلىپ، 40-كۈنىگىچە ھاۋارىيلارنىڭ ئارىسىدا ياشاپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغان. كېيىن دادا دەپ نام بېرىلگەن تەڭرىنىڭ يېنىغا ئۆرلەپ، ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان. كېيىن خرىستىئان جامائىتىنى قوغداش ئۈچۈن مۇقەددەس روھنى ئەۋەتكەن.

ئىسلام ئەقىدىسىدە ئاللاھ ئەۋەتكەن بىر پەيغەمبەر ھەزرىتى ئىسا توغۇلىشى ۋە ھاياتىدىكى پەۋقۇلئاددە ئەھۋال سەۋەبىدىن خرىستىئانلار ئۇنى پەرىقلىق چۈشەنگەن. ئۇلار ھەزرىتى ئىسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ تونىغان. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىدە ھەزرىتى ئىسا قۇتقۇزغۇچى بىر تەڭرىدۇر. ئۇ بىر پەيغەمبەر ئەمەستۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنى ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتكەن. كرېستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلىشى ئىنسانلارنىڭ گۇناھىغا كەففارەت بولغان. ئۇنىڭ قۇتقۇزغۇچى تەڭرىلىكىگە ئىشىنىپ ۋاپتىز بولغانلار نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئاللاھقا ئوخشاش بىر تەڭرى بولغان ھەزرىتى ئىسا قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى سوتلاپ، ياخشى ئىش قىلغانلارنى جەننەتكە، يامان ئىش قىلغانلارنى دەۋزەخكە ئەۋەتىدۇ.

### 2.2.1.3 ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادى 571-يىلىدا مەككىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلىسى مەككىنىڭ ئىسىل نەسەپلىك كىشىلىرىدىن ھاشىم ئوغۇللىرى قەبىلىسىگە مەنسۇپتۇر. دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئامىنەدۇر.

كىچىك ياشتا يېتىم قالغانلىقى ئۈچۈن ئالدى بىلەن چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىپ، كېيىن تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 25 يېشىغا كىرگەن ۋاقتىتا ھەزرىتى خەدىچە بىلەن توي قىلغان. 40 ياشقا كىرگەندە ئاللاھ ئۇنى پەيغەمبەر قىلغان. بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش خەلقى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىشى نەتىجىسىدە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. ۋاپاتىغىچە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۇ يەردە داۋاملاشتۇرغان.

ئىسلام ئەقىدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىدىن بىرىسىدۇر. ئۇ ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانغان دىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىك يولى ئېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. بۇ سەۋەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى پەقەت ئۆز قەۋمى بىلەنلا چەكلىك ئەمەستۇر. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئالەمشۇمۇلدۇر. ئۇ قىيامەتكىچە كېلىدىغان بارلىق ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ھىدايەت رەھبىرىدۇر.

بۇ ئۇستۇن ئالاھىدىلىكگە قارىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئانىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئىنساندىن ھالقىغان بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەستۇر. ئۇ بارلىق ئىنسانلارغا ئوخشاش بىر ئىنساندۇر. باشقا ئىنسانلاردىن پەرقى، ئۇنىڭغا پەقەتلا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەنلىكىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى باشقا ئىنسانلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغىنى بۇ ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ ھەقتە قۇرئان-كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: **«دېگىنكى، رابىمنى ھەرتۈرلۈك نوقسانلاردىن يىراق تۇتىمەن. مەن ئەلچى بولغان بىر ئىنساندىن باشقا ئىنسان ئەمەسمەن.»** (ئىسرا سۈرىسى 93- ئايەت)

## 2.2.1.4 . زەردۇشتلىك

زەردۇشتلىك مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6–ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان. زەردۇشت دىنىنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى پەيغەمبەردۇر. زەردۇشت ئەقىدىسىدە ئۇنىڭ نەسلى ئىران ئەپسانىلىرىدىكى تۇنجى ئىنسان دەپ قوبۇل قىلىنغان گايومارتقىچە يېتىپ بارىدۇ.

ئىسىل بىر ئائىلىدىن كېلىپ چىققان زەردۇشت ئىراننىڭ غەربىدە ئازەربەيجاندا توغۇلغان. 30 يېشىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك بېرىلگەن. زەردۇشت پەيغەمبەرلىك قىلىپ ۋەزىپىلەندۈرۈلگەندىن كېيىن ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىر قىسمىنى يېنىغا ئېلىپ، ئايۋتاك سۈيى ئەتراپىدا ئىبتىكاپقا كىرگەن. ئىبتىكاپقا كىرىشىنىڭ 45-كۈنىدە، كېچىدە تاڭ يورۇشقا يېقىن «مىراج»غا چىقىپ، مەنىۋى يۈكسىلىشىنىڭ يۇقىرى نوقتىسىغا چىققان.

ۋۇھۇمەناھ (بەھمەن) دەپ ئاتىلىدىغان پەرىشتە ئۇنى جەننەتكە ئېلىپ بارغان. ئۇ يەردە پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسەتكەن. زەردۇشت كېيىن تەڭرى ئاھۇرا مازداھنىڭ ھوزۇرىغا چىقىپ «خەير (ياخشىلىق) دىنى»نىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆگەنگەن. ئاھۇرا مازداھ زەردۇشتكە يۇلتۇز ۋە پلانېتلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەر بېرىپ جەننەت، دەۋزەخنى كۆرسەتكەن. ئاھۇرا مازداھ يەنە ئۇنىڭغا ھەممە نەرسىنىڭ ئىلمىنى ئۆگەتكەن. پەرىشتىلەر كېيىن زەردۇشتنىڭ كۆكسىنى يېرىپ ئىچىدىكىلەرنى ئېلىپ پاكىزلىغاندىن كېيىن قايتىدىن ئورنىغا سېلىپ قويغان. بۇلارنىڭ ئاخىرىدا ئاھۇرا مازداھ زەردۇشتنى ھەقىقەتنى تارقىتىش ۋە ئۆگىتىش ئۈچۈن ۋەزىپىلەندۈرگەن. يەنە ئۇنىڭغا مۇقەددەس كىتاپ «ئاۋەستا»نى بەرگەن.

زەردۇشت «مىراج سەپىرى» دىن قايتقاندىن كېيىن ئېلىپ كەلگەن دىنىنى ئىككى يىل تەبلىغ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن.

## 2.2.1.3. بۇددا

www.islamyoli.net

بۇددىزمنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى بۇددا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6ـئەسىردە كۇنىمىزدىكى شىمالى ھىندىستان بىلەن نېپال چېگرىسىدىكى بىر رايۇندا دۇنياغا كەلگەن. ئىسىل نەسەپلىك بىر ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ دۇنياغا كەلگەن بۇددانىڭ ئەسلى ئىسمى سىدھارتاگۇتامادۇر.
بۇددا ياشلىق دەۋرىدە جاپا ـ مۇشەققەت تارتماي بەختلىك بىر ھايات كەچۈرگەن. لېكىن بىر كۈنى ساراي سىرتىغا چىققان ۋاقتىدا ياشىنىپ كەتكەنلىكىدىن بېلى ئېگىلگەن بىر بوۋاي بىلەن، ئىككىنچى كۈنى ئېغىرى ئاغرىۋاتقان بىر كېسەل ئادەم بىلەن، ئۈچىنچى كۈنى بىر جىنازا ئەتراپىدا يىغلىشىۋاتقانلار بىلەن ئۇچراشقان. بۇ كۆرگەنلىرىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان بۇددا ھاياتنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقاندىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، بۇددا ئۆيىنى تەرك قىلىپ ئورمانلىقتا ئىنزىۋا (يالغۇزلۇق)قا ئۆتكەن. ئالتە يىلغىچە ھاياتنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە تىرىشىپ، ئەڭ ئېغىر رىيازەت ھاياتىدا ياشىغان. پەقەت ئېغىر رىيازەت ھاياتىمۇ ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىنى تېپىشتا ياردەمچى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى ئاماللار ئىزدەشكە باشلىغان. بۇ مەقسەتتە بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، ھەقىقەتنى تاپقۇچە ئۇيەردىن ئايرىلماسلىققا قارار قىلغان. 49 كۈنلۈك چوڭقۇر تەپەككۇردىن كېيىن، بىھاردىكى بۇدھى گايا دېگەن يەردە ھەقىقەتنى تاپقان. شۇندىن كېيىن «قەلبى يورىغان كىشى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇددا ئىسمى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان.
بۇددا ئۆزى بايقىغان ھەقىقەتنى باشقا ئىنسانلارغىمۇ بىلدۈرۈشنى نىيەت قىلىپ نەسىھەتكە باشلىغان. ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 45 يىللىق ئۆمرىنى بۇ دىنىنى تارقىتىشقا ئاتاپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 483ـيىلىدا ئۇتتار پرادەشتىكى كۇسھىنارادا ۋاپات بولغان.

## 2.2.2. دىنلاردىكى ئورنى

پەيغەمبەر ۋە دىن ئىجاد قىلغۇچىلار دىنلاردا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن پەيغەمبەرلەر ئاللاھتىن كېيىن 2ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى چۈشەندۈرۈشتەك مۇھىم ۋەزىپىسى بار. بۇ جەھەتتىن پەيغەمبەرلەر پەقەتلا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزىدىغان كىشىلەر بولۇپلا قالماستىن، دىنىنىڭ تەشكىل قىلىنىشىدا ئۇلارنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئارىلىشىش كۈچى يوقتۇر. يەھۇدى دىنىي ئالىملىرىنىڭ پىكرىچە، باشتا ھەزرىتى مۇسادىن باشلاپ ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر ئۆز ئالدىغا بۇيرۇق چىقىرالمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدۇ خالاس.

ئىسلام ئەقىدىسىدە ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئاخىرقى پەيغەمبىرى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆز ئالدىغا دىنىي ھۆكۈم ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. ئۇ سۈننىتى بىلەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ ئىزاھلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىدا ئىنسانلارغا يول كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەقىقى بىر ئۈرنەكتۇر.

خرىستىئانلار تەرىپىدىن تەڭرى دەپ قوبۇل قىلىنغان ھەزرىتى ئىسا خرىستىئانلىقنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. خرىستىئانلىق پۈتۈنلەي ئۇنىڭ سىرلىق تۇغۇلىشى، كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلىشى ۋە قايتىدىن تىرىلىشى ئەتراپىغا مەركەزلەشكەن. كۇنىمىزدىكى ئىنجىل ھەزرىتى ئىسانىڭ سىرلىق ھاياتىنى ۋە سۆزلىرىنى بايان قىلىدىغان بىر تەرجىمىھال كىتاۋى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئىنجىلدا تەۋرات ۋە قۇرئاندىكىگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرى يوق. بۇ جەھەتتىن خرىستىئانلىقتا ھەزرىتى ئىسا ئاللاھتىن ئىلگىرى كېلىدۇ.

خرىستىئانلىقتا ئوخشاش بۇددىزممۇ بۇ دىنىنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى بۇددانىڭ ھاياتى ۋە پەلسەپىسى ئەتراپىدا شەكىللەنگەن. بۇ سەۋەپتىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇددا بۇددىزمنىڭ ھەممە نەرسىسىدۇر، ھەتتا بۇددىزم ماھايانا مەزھىبىدىكى ئەقىدىگە ئاساسەن، تەڭرىلارنىڭ ئۈستىدىكى تەڭرىدۇر. سەرۋادا مەزھىبىدە بولسا بۇددا كېلىپ كەتكەن ئەڭ بۈيۈك ئىنسان ۋە ئەڭ بۈيۈك رەھبەر بولۇپلا قالماي، تارىختا بىر قېتىم ياشاپ ئۆزىنى تاماملىغان بىر ئادەمدۇر.

### 2.3. ئاخىرەت ئەقىدىسى

دىنلارنىڭ كۆپ قىسمىدا دۇنيادا قىلغان ئىشلار سەۋەبىدىن ئىنسانىنىڭ ھېساپقا تارتىلىدىغانلىقى ۋە ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدىغانلىق قارىشى بار. بۇ ئەقىدە يەھۇدىلىك، خرىستىئانلىق ۋە ئىسلامنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرىدىمۇ باردۇر.

يەھۇدى مۇقەددەس كىتاۋىدا ئاخىرەتنىڭ بارلىقى ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىشنىڭ لازىملىقى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەھۇدى دىن ئالىملىرى رابىلەر، ئاخىرەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشنى بىر ئىمان ئاساسى شەكلىگە كەلتۈرگەن. مەشھۇر يەھۇدى ئالىمى مايمۇنىدەس 8-ئەسىردە يەھۇدىلار ئۈچۈن تۈزگەن ئىمان ئاساسلىرىدا ئاخىرەتكە ئىمان مادىدىسىنىمۇ كىرگۈزگەن. لېكىن بۇ ماددا بارلىق يەھۇدىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان. بەزى يەھۇدى مەزھەپلىرى ئاخىرەت ئەقىدىسى تەۋراتتا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ.

خرىستىئانلىقتىكى ئاخىرەت چۈشەنچىسى ئىسا مەسىھ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلىدىغان تەڭرى پادىشاھلىقى ئەقىدىسىگە تايىنىدۇ. خرىستىئانلىقتا ھەزرىتى ئىسا كۆتۈلۈۋاتقان مەسىھتۇر. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭرى پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇش باسقۇچى باشلىنىدۇ. ھەزرىتى ئىسا ئىنجىلدا بۇنى ئۆزى خەۋەر بەرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ دۇنيا تەڭرى پادىشاھلىقىنىڭ ئېتىزلىقىدۇر. ئىنسان بۇ دۇنيادا نېمە تېرىسا ، كېيىنكى دۇنيادا ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

ئاخىرەت ئەقىدىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەقىدە ئاساسلىرىدىن بىرسىدۇر. بۇ سەۋەپتىن ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش، قۇرئانى-كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئايەتلەردىن بىرسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقى ئىشىنىپ ياخشى ئىش قىلغانلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپات باردۇر. ئۇلارغا قورقۇش يوقتۇر. ئۇلار ئازاپلانمايدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى 4-ئايەت) ئىسلامنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامىمۇ كۆپلىگەن ھەدىسلىرىدە ئاخىرەتكە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ ئاخىرەت ھاياتى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن.

ھىندى دىنلىرىدا ئاخىرەت ئەقىدىسى قارما ۋە كۆپ قېتىم دۇنياغا كېلىش (تەناسۇھ) ئەقىدىسى بىلەن باغلىنىشلىق بىر ئەقىدىدۇر. بۇ ئەقىدە سىستېمىسىدا تولۇق كامالەتكە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەر ئۆلگەندىن كېيىن باشقا بىر ھاياتتا ياشاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بارلىق ھىندى دىنلىرىدا بۇ ئەقىدە مەركىزى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 1.3.2. ئاخىرەت ئالىمىنىڭ ماھىيىتى

يەھۇدى ۋە خرىستىئان دىنلىرىدا ئاخىرەت ئالىمى ئىچىدە ياشاۋاتقان بۇ ئالەمنىڭ يېڭىلانغان بىر شەكلىدۇر. بۇ ئالەمنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن بارلىققا كېلىدىغان ئاخىرەت ئالىمىدە جەننەت ۋە جەھەننەم دېيىلىدىغان يەرلەر بار. ياخشىلار جەننەتتە ئىلاھىي ئالەمنىڭ ئەبەدى نېمەتلىرىنى تېتىيدۇ. ئەسكىلەر بولسا جەھەننەمدە ئازاپ-ئوقۇبەتكە ئۇچرايدۇ. ئىسلام ئەقىدىسىدە ئاخىرەت ئالىمى بۇ دۇنيادىن پەرقلىق بولۇپ ھازىر مەۋجۇتتۇر. ئاخىرەت دۇنياسى مەھشەر، جەننەت ۋە جەھەننەمدىن تەركىپ تاپقان. مەھشەر توپلىنىش يېرى، جەننەت بىلەن جەھەننەم جازا ۋە مۇكاپات بېرىلىدىغان يەرلەردۇر. قۇرئانى-كەرىمدە بۇ يەرلەر تەپسىلى بايان قىلىنغان.

ھىندى دىنلىرىدىكى ئاخىرەت چۈشەنچىسىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى يەھۇدىلىك، خرىستىئانلىق ۋە ئىسلام دىنىدىكى ئاخىرەت چۈشەنچىسىگە ئوخشايدۇ. ھىندۇئىزم ۋە بۇددىزم دىنلىرىدا ئۆلگەن كىشىنىڭ تەكرار دۇنياغا كېلىشىدىن ئىلگىرى مەلۇم ۋاقىت جەننەت

ۋە جەھەننەم ھاياتى ياشايدىغانلىقىغا ئىشىنىلىدۇ. تولۇق كامالەتكە يېتىپ كۆپ قېتىم دۇنياغا كېلىش ئازابىدىن قۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ بارىدىغان يەرلىرى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق.

### 2.3.2. ھېساپ بېرىش

يەھۇدى ۋە ئىسلام ئەقىدىسىدە ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى بىلىدىغان ئاللاھ ئۇلارنى ئاخىرەت كۈنىدە ھېساپقا تارتىپ، قىلغان ئىشلىرىغا قاراپ مۇكاپاتلايدۇ ياكى جازالايدۇ. خرىستىئانلىقتا ئىنسانلارنى ھېساپقا تارتىدىغىنى ھەزرىتى ئىسادۇر. ھەزرىتى ئىسا قىيامەتتىن كېيىن پەرىشتىلەر بىلەن بىرلىكتە ئاسماندىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئىنسانلارنى ھېساپقا تارتىدۇ. ئۇ ئەسكىلەرنى جەھەننەمگە ئەۋەتىپ، ياخشىلارنى يېنىدا ئېلىپ قالىدۇ.

ھېساپقا تارتىلىش ئەقىدىسى ھىندۇئىزم ۋە بۇددىزمدىمۇ مەۋجۇتتۇر. ھىندىلارنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرىدىن بىرسىدە كىشىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ تارازىدا تارتىلىدىغانلىقى، ئەگەر شەخس ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسا مۇكاپاتلىنىدىغانلىقى، ئەگەر ئەسكى ئىشلارنى قىلغان بولسا، جازالىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇددىستلاردىمۇ تولۇق كامالەتكە يېتەلمىگەن، دۇنياۋى ئارزۇ-ئۇمىتلەردىن قۇتۇلالمىغان جەسەتلەرنىڭ ئەمەللىرى ھىندى ئۆلۈم تەڭرىسى يامانىڭ ئۆيىدە ھېساپقا تارتىلىدۇ دەيدىغان ئەقىدە بار.

### 2.3.3. جازا ۋە مۇكاپات

يەھۇدىلارنىڭ ئاخىرەت ئەقىدىسىدە دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغان يەھۇدىلار جەننەت نېمەتلىرى بىلەن مۇكاپاتلاندۇرۇلۇپ، جەننەتتە ئىلاھىي ئالەمنىڭ لەززىتىنى تېتىيدۇ. گۇناھ قىلغان يەھۇدىلار بولسا 12 ئاي جەھەننەمدە جازالاندۇرۇلىدۇ. بوزۇق ۋە كاپىرلار ئۆمۈر بويى جەھەننەمدە قالىدۇ.

خرىستىئانلىقتىكى ئاخىرەت چۈشەنچىسىدە شەخس ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىدە كۆرۈشكە باشلايدۇ. ياخشى ئادەم قەبرىدە راھەت كۆرىدۇ. ئەسكى ئادەم ئازاپ تارتىدۇ. (لۇكا، 16: 31-19) قىيامەتتىن كېيىنكى ئاخىرەت ھاياتىدا ياخشىلار ئەبەدى بەخت ماكانىدا مەڭگۈ ياشايدۇ. ئۇلار ئۇ يەردە ئاللاھنى كۆرۈش نېمىتىگە ئېرىشىدۇ. ئەسكىلەر، شەيتان ۋە ئەگەشكۈچىلىرى جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىپ جازالاندۇرۇلىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئاخىرەت چۈشەنچىسىدە ئىنسان ئادىل ھېساپقا تارتىلغاندىن كېيىن جازا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىلىدۇ. قۇرئانى-كەرىمدە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە ياخشى ئەمەلى كۆپ بولغانلارنىڭ سائادەت يۇرتى بولغان جەننەتتە،

ئەسكى ئىشلىرى كۆپ بولغانلارنىڭ جازالاندۇرۇلىشى ئۈچۈن جەھەننەمگە تاشلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. (مۇئمىنۇن سۈرىسى 102-103 ئايەت) ھىندۇئىزم بىلەن بۇددىزمدىكى جازا ۋە مۇكاپات قارىشى، باشقا دىنلاردىن بىر ئاز پەرقلىقتۇر. بۇ دىنلاردا كىشىلەر ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىرىدا ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

### 2.3.4. ئاخىرەتكە ئىشىنىشنىڭ كۈچى

بارلىق دىنلاردا ئىنساننىڭ ئاخىرەت ھاياتىدىكى ئەھۋالى بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ياخشى ئىش قىلغان كىشىلەر ئاخىرەت ھاياتىدا ئەبەدى بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەسكى ئىش قىلغان كىشىلەر ئاخىرەت ھاياتىدا داۋاملىق ئازاپتا قالىدۇ. دىنلار ئاخىرەت ھاياتىدا ئىنسانلار ئۇچرايدىغان جازا ۋە مۇكاپاتلارنى كۆپ تەكرارلاپ، ئىنسانلارنى دۇنيا ھاياتىدا ياخشى ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

مۇئمىنلەر دۇنيا ھاياتىنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكى، ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ئەبەدى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. مۇئمىنلەر دىنىنىڭ نەسىھەت ۋە تەۋسىيىلىرى ئەتراپىدا يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئاخىرەت ئەقىدىسى دۇنيا ھاياتىدا ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئاخىرەت ئەقىدىسىنىڭ بۇ تۈرتكىلىك كۈچى بارلىق دىنلاردا مەۋجۇتتۇر. مەسىلەن: بۇددىستلار ئەبەدى سائادەت يۇرتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بارلىق ھاياتىدا دۇرۇس بولۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ زىنا، ئوغرىلىق، جىنايەت ۋە ھايۋانلارغا زىيان سالماسلىق قاتارلىق بارلىق ناچار ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

### 2.4. مەھدى، مەسىھ قارىشى

مەھدى، مەسىھ قارىشى ئاخىر زاماندا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان قۇتقۇزغۇچىلارنى تەرىپلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلاردۇر. مەھدى ئاتالغۇسى ئەرەپچە، مەسىھ ئاتالغۇسى ئىبرانىچىدىن كېلىپ چىققان. مەھدى، مەسىھ ئەقىدىسىنى كۈنىمىزدىكى ۋە ئۆتمۈشتىكى بارلىق دىنلاردا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ ئەقىدە تارىخنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە كۆپلىگەن دىنىي ۋە سىياسىي خۇسۇسىيەتلىك ھەرىكەتلەرنىڭ ئىلھام مەنبەسى بولغان. بۇ جەھەتتىن مەھدى، مەسىھ قارىشىنىڭ باشقا ئەقىدىلەر ئارىسىدىكى ئورنى پەرقلىقتۇر.

www.islamyoli.net

## 1.4.2. مەھدى، مەسىھ

مەھدى، مەسىھ ئەقىدىسى ئەڭ ئىپتىدائى دىنلاردىن تارتىپ ئەڭ تەرەققى قىلغان دىنلارغىچە بولغان پۈتكۈل دىنلارنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇتتۇر. قەدىمقى ئامېرىكا يەرلىكلىرىدىن بولغان ئازتەكلەر كەلگۈسىدىكى قۇتقۇزغۇچىغا كۇئەتزال كۇئاتىل ئىسمىنى قويغان. مايالار بۇ قۇتقۇزغۇچىنى كوكۇلكان دەپ ئاتىغان. بۇ ئىككى قەۋم بۇ قۇتقۇزغۇچىنىڭ ئاخىرقى زاماندا كېلىدىغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىنى دۈشمەنلىرىدىن قۇتقۇزۇپ ئىلاھىي ئادالەتنى تۇرغۇزىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.

كۇنىمىزدە تارىخى جەھەتتە ئەڭ قەدىمىي بولغان ھىندۇئىزمدا ئاخىر زاماندا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىلىدىغان قۇتقۇزغۇچى ھۆكۈمدارغا كالكى دېيىلىدۇ. ھىندى ئەقىدىسىدە كالكى دۇنيادا ئادالەتسىزلىك يامرىغان ۋاقىتتا كېلىدۇ ۋە دۇنيانى ئەخلاقسىزلىقلاردىن تازىلايدۇ. يەنە باشقا ھىندى مەنبەلىك بىر دىن بولغان بۇددىزمدىمۇ ئاخىر زاماندا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىلىدىغان قۇتقۇزغۇچى مائىترەيا دېيىلىدۇ. مائىترەيا بۇددا تاماملىيالمىغان دىننى تاماملاپ ئالەمگە رەھمەت بولىدۇ. مائىترەيا ئەقىدىسى بۇددىزم كەڭ تارقالغان دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە تەسىرى كۈچلۈك بولغان بىر ئەقىدىدۇر.

ئىران دىنلىرىدىن زەردۇشتلىكتە ئاخىر زاماندا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىلىدىغان قۇتقۇزغۇچى سائۇشيانەتتۇر. زەردۇشتلىكنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى زەردۇشتنىڭ نەسلىدىن كەلگەن سائۇشيانت دۇنيانىڭ بەلگىلەنگەن ئۆمرى تۈگىگەندىن كېيىن كېلىپ، مىڭ يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن ناچار ئىشلارنى تۈگىتىپ، تەڭرى ئاھۇرا مازدانى ھۆكۈمران قىلىدۇ.

يەھۇدىلىكتە كېلىشى ئۈمىت قىلىنىۋاتقان مەسىھ يەھۇدىلارنىڭ قارىشىچە ھەزرىتى داۋۇدنىڭ نەسلىدىن كېلىدۇ. مەسىھ كەلگەن ۋاقىتتا، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىلارنى ۋەدە قىلىنغان زېمىنغا توپلاپ، ئۇ يەردە ئىلاھىي بىر ئىمپېراتورلۇقنى قۇرىدۇ. يەھۇدىلار ئۇنىڭ دەۋرىدە بەختلىك ھاياتتا ياشايدۇ. خرىستىئانلىقنىڭ قارىشىچە يەھۇدىلار كۈتۈۋاتقان بۇ مەسىھ ھەزرىتى ئىسادۇر. ھەزرىتى ئىسا تەڭرىنىڭ ئالەمشۇمۇل قۇتۇلۇش پىلانىغا ئاساسەن كرېستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، كېيىن ئاسمانغا ئۆرلىگەن. ئۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قايتىدىن زېمىنغا چۈشۈپ تەڭرى پادىشاھلىقىنى قۇرىدۇ. بۇ يەردە ئىساغا ئىشەنگەنلەر ئەبەدى بەختلىك ھاياتتا ياشايدۇ.

ئىسلام ئاساسلىرىدا مەھدى، مەسىھ ئەقىدىسى بولماسلىق بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۇ ئەقىدىمۇ كەڭ تارقالغان. بولۇپمۇ شىئەلەردە مەھدى ئەقىدىسى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. شىئەلەر 12-ئىمام بولغان مەھدىنىڭ ئۆلمەي يوشۇرۇنغانلىقىنى ۋە بىر كۈنى ئۆزىنى ئاشكارلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا ئۆتۈپ ئۇلارنى باشقۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئىسانىڭ مەسىھ بولۇپ، دۇنياغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

### 2.4.2. مەھدى، مەسىھ ئەقىدىسىنىڭ مەنبەلىرى

خرىستىئانلىقنىڭ ئاساسىنى قۇتقۇزغۇچى مەھدى ئەقىدىسى تەشكىل قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەقىدىنىڭ يىلتىزى ۋە تەرەققىياتى غەرپلىك تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن قىزغىن تەتقىق قىلىنغان.
بەزى ئالىملار بۇ ئەقىدىنىڭ قەدىمقى مەدەنىيەتلەردىن يەھۇدىلىك ۋاستىسى ئارقىلىق خرىستىئانلىققا ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مەھدى-مەسىھ ئەقىدىسى تۇنجى قېتىم سۇمەرلەردە بارلىققا كېلىپ بابىللىقلار بىلەن مىسىرلىقلاردا تەرەققى قىلىپ، بۇ ئىككى يولدىن دۇنياغا تارقالغان.
كۆپ سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان يەنە بىر پىكىر شۇكى، مەھدى -مەسىھ ئەقىدىسى ھەر دىنىنىڭ ئۆز ئىچىدە تارىخىي، پسىخولوگىيەلىك ۋە جەمىيەتشۇناسلىق ئەھۋالىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئەقىدىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا دىنلارنىڭ ئۆز-ئارا تەسىرلىرى ئاساسلىق سەۋەب ئەمەس. مەسىلەن: «مۇسۇلمانلاردىكى مەھدى ئەقىدىسى تۆت خەلىپە دەۋرىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىچكى ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. بۇ قاراش تېخىمۇ ئىلمىيلىققا ئىگە. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مەھدى- مەسىھ ئەقىدىسىنىڭ شەكىللىنىپ تەرەققى قىلىشىدا دىنلار ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىمۇ يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ.

### 2.5. 3. مەھدى- مەسىھ ئەقىدىسىنىڭ دىنلاردىكى ئورنى

مەھدى-مەسىھ ئەقىدىسى بەزى دىنلاردا دىنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەھۇدىلىك ۋە خرىستىئانلىق بۇ دىنلارنىڭ ئىچىدە باشتا كېلىدۇ. يەھۇدىلىكتىكى بۇ ئەقىدە 13 ماددىلىق ئىمان ئاساسلىرىنىڭ ئىچىدە باردۇر. يەھۇدىلار ھەركۈنكى ئەتتىگەنلىك ئىبادىتىدە «كېچىككەن بولسىمۇ مەسىھنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» جۈملىسىنى ئىمان ئىقرارى دەپ تەكرارلايدۇ.
يەھۇدىلىكتىكى مەسىھ ئەقىدىسى يەھۇدىلار ئىچىدە بولۇپمۇ ئورتودوكس يەھۇدىلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. ئورتودوكس يەھۇدىلىرىنىڭ قارىشىچە، يەھۇدىلىكنىڭ ئورگان ۋە ئىبادەتلىرىنىڭ قايتىدىن ئىجرا قىلىنىدىغان ھالەتكە كېلىشى مەسىھنىڭ كېلىشىگە باغلىقتۇر.
ھەتتا بەزى دىنىي گۇرۇپلارنىڭ قارىشىچە، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ مەسىھكە

مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ خىل قاراشتىكى يەھۇدىلار مەسىھ كېلىشتىن بۇرۇن قورۇلغان بۇگۈنكى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ.

يەھۇدىلىككە ئوخشاش خرىستىئانلىقمۇ مەسىھ خاراكتېرلىق بىر دىندۇر. ھاۋارىلەرنىڭ ئەقىدە سىستېمىسىدا ئىسا مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىمانىنىڭ بىر ئاساسىدۇر. بۇ سەۋەپتىن بارلىق خرىستىئان مەزھەپلىرى ئىسا مەسىھنىڭ ئاخىر زاماندا يەر يۈزىگە چۈشۈدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. پروتەستان مەزھىبىدە بۇ ئەقىدە تېخىمۇ كۈچلۈكتۇر. پروتەستان خرىستىئانلار ئىسا مەسىھنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشى مۇمكىنلىككە ئىشىنىپ، ھاياتىنى بۇ قاراشقا ئاساسەن پىلانلايدۇ. كاتولىك مەزھىبىگە تەۋە بولغان خرىستىئانلار بۇ ۋەقەنىڭ يېقىن بىر زاماندا يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندىلىك تۇرمۇشىنى بۇ چۈشەنچىگە قاراپ پىلانلاشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىسلامنىڭ مەھدى ۋە مەسىھ ئەقىدىسىگە بولغان قارىشى قانداق؟

مەھدى- مەسىھ ئەقىدىسى ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىسى ئەمەس. قۇرئانى- كەرىمدە ھەزرىتى ئىسا ھەققىدە «مەريەم ئوغلى ئىسا» دەپ زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ ئايەتنىڭ خرىستىئانلىقتىكى مەسىھ ئەقىدىسى بىلەن بىر ئالاقىسى يوقتۇر. چۈنكى قۇرئانى-كەرىمنىڭ بايان قىلىشىچە، ھەزرىتى ئىسا ئاللاھ پەيغەمبەر دەپ تاللىغان بىر ئىنساندۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەردىن چىقىش قىلىپ، ھەزرىتى ئىسانىڭ ئاخىر زاماندا يەر يۈزىگە چۈشۈدىغانلىق ئەقىدىسى مۇسۇلمانلار ئارىسىغىمۇ تارقالغان. لېكىن بۇ ئەقىدە خرىستىئانلىقتىكىگە ئوخشاش، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلمايدۇ.

ھەزرىتى ئىسانىڭ يەر يۈزىگە چۈشىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراش پەقەتلا ئاخىر زامانغا مۇناسىۋەتلىك ئەقىدىلەردىن بىرىسىدۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مەھدى ئەقىدىسى شىئەلىكنىڭ مۇھىم ئەقىدىلىرىدىن بىرسىنى تەشكىل قىلىدۇ. شىئەلەر يۇقاپ كەتكەن 12-ئىمامنىڭ بىر كۈنى تەكرار قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ھىندۇئىزم ۋە بۇددىزم قاتارلىق كۆنىمىزدىكى بۈيۈك دىنلاردىمۇ مەھدى- مەسىھ ئەقىدىسى بولۇش بىلەن بىرلىكتە بۇ ئەقىدە يەھۇدىلىك ۋە خرىستىئانلىقتىكىگە ئوخشاش دىنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلمايدۇ.

### 2.6. مۇقەددەس كىتاپ ئەقىدىسى

ئىپتىدائى قەبىلە دىنلىرى دەپ ئاتىلىدىغان ئەنئەنىۋى دىنلاردىن باشقا بارلىق دىنلارنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرى بار. بۇ جەھەتتىن مۇقەددەس كىتاپلار دىنلارنىڭ ئاساسىنى ۋە ھەرتۈرلۈك دىنىي چۈشەنچە، ھۆكۈملەرنىڭ چىقىش نوقتىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.
كۆپ قىسىم دىنلاردا تەڭرى سۆزى دەپ قارىلىدىغان مۇقەددەس كىتاپلار ئىشەنگۈچىلەرنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. ئىنسانلار تەڭرى سۆزى دەپ قوبۇل قىلغان بۇ كىتاپلارغا ئىشىنىپ ئۇلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدۇ.
مۇقەددەس كىتاپ ئەقىدىسى دىنلاردا پەرقلىق شەكىللەردە مەۋجۇتتۇر. يەھۇدىلىككە ئوخشاش بەزى دىن مەنسۇپلىرى پەقەت ئۆزىنىڭلا مۇقەددەس كىتاۋىغا ئىشىنىدۇ. خرىستىئانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرى بىلەن بىرگە يەھۇدىلارنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرىغىمۇ ئىشىنىپ تەستىقلايدۇ. مۇسۇلمانلار ھەر ئىككىلا كىتاپلارنىڭ ئەسلىدىكى نۇسخىسىغا ئىشىنىدۇ. كۈنىمىزدە يەھۇدىلار ۋە خرىستىئانلارنىڭ قوللىرىدىكى كىتاپلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

## 2.5.1. مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ تۈرلىرى ۋە مەنبەسى

دىنلارنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرىنى بىرىنچى دەرىجىدىكى مۇقەددەس كىتاپلار ۋە ئىككىنچى دەرىجىدىكى مۇقەددەس كىتاپلار دەپ ئىككىگە ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچى دەرىجىدىكى مۇقەددەس كىتاپلار پۈتۈنلەي تەڭرى سۆزى دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ خىل كىتاپلار دىنلارنىڭ ئاساسى بولغان ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇقەددەس كىتاپلار بىرىنچى دەرىجىدىكى مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ئىزاھاتى دەرىجىسىدىدۇر. بۇ خىل كىتاپلارمۇ قىسمەن ھالدا ئالاھقا تايىنىدۇ. بۇ سەۋەپتىن بۇ كىتاپلارمۇ دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئىزاھلاش ۋە ئىجرا قىلىشتا ئاساسى مەنبە بولالايدۇ.

### 2.5.1.1. يەھۇدىلىكنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرى

يەھۇدىلىكنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرى يېزىقچە ۋە ئېغىزچە دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. يېزىقچە مۇقەددەس كىتاپلىرى تۈركچە «كونا ئەھدە» (كىلىشىم) دەپ بىلىنىدىغان «تاناھ» ئىسمى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. «تاناھ» «تورا» (تەۋرات)، «نەۋئىم» (پەيغەمبەرلەر) ۋە «كەتۇۋىم» (كىتاپلار) قاتارلىقلاردىن تەركىپ تاپقان. بۇلاردىن «تورا» ھەزرىتى مۇساغا بېرىلگەن دەپ قارىلىدۇ. «تورا» دۇنيانىڭ يارىتىلىشىدىن باشلاپ ھەزرىتى مۇسانىڭ ئۆلۈمىگىچە بولغان

ۋەقەلەر ۋە تەڭرىنىڭ ھەزرىتى مۇساغا ئەۋەتكەن دىنىي قانۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تاناھ»نىڭ باشقا ئىككى بابى بولغان «نەۋئىم»، «كەتۇئىم» بولسا، بەنى ئىسرائىلنىڭ ھەزرىتى مۇسادىن كېيىنكى تارىخلىرى بىلەن باشقا ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىگە ئەۋەتىلگەن ۋەھيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئېغىزچە مۇقەددەس كىتاپلار يېزىقچە مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ تەپسىرىدۇر. بۇلار: «مىشنا» ۋە «تالمۇت»تىن ئىبارەت. «مىشنا» ۋە «تالمۇد» «ئېغىزچە تورا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئېغىزچە دېيىلىشىنىڭ سەۋەبى ئىسلام مەنبەلىرىدە ھەدىسكە ئوخشاش دەسلەپكى دەۋرلەردە يېزىپ قالدۇرۇلماي، شىپاھى دەپ نەقىل قىلىنغانلىقىدۇر. كېيىن يۇقۇلۇپ كېتىشتىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرغان.

ئورتودوكس مەزھىبىگە باغلىق يەھۇدىلار بۇ كىتاپلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلىنغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. باشقا يەھۇدى مەزھەپلىرى بولسا بۇ كىتاپلارنىڭ ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ئاتىلىرى تەرىپىدىن تارىخنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا يېزىلغان دەپ قارايدۇ.

### 2.5.1.2. خرىستىئانلىقنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرى

خرىستىئانلىقنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرى «كونا ئەھدە» ۋە «يېڭى ئەھدە» دېيىلىدىغان ئىككى قىسىمدىن تەركىپ تاپقان. بۇ كىتاپلار «كىتابى مۇقەددەس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «كونا ئەھدە» يەھۇدىلارنىڭ يېزىقچە مۇقەددەس كىتاۋى بولغان «تاناھ»تۇر. خرىستىئانلار «تاناھ»نى مۇقەددەس كىتاپ دەپ ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ.

خرىستىئانلىقنىڭ ئەسلى مۇقەددەس كىتاۋى «يېڭى ئەھدە» تۆت ئىنجىل، «رەسۇللەرنىڭ ئىشلىرى»، ھاۋارىلارغا ئائىت بولغان 21 مەكتۇپ ۋە ۋەھيى بابى قاتارلىق 27 كىتاپتىن تەركىپ تاپىدۇ. بۇ كىتاپلارنىڭ كۆپ قىسمى ھەزرىتى ئىسادىن 30 يىل كېيىنكى دەۋرىدىن باشلاپ ئۇزۇن بىر ۋاقىتتا يېزىلغان. «يېڭى ئەھدە» ئىچىدىكى تۆت ئىنجىل: ماتتا، ماركس، لوكا ۋە يۇھەننا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلاردىن ئالدىنقى ئۈچ ئىنجىل ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن بىر بىرىگە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن «سىنوپتىك ئىنجىللەر» دەپ ئاتالغان.

خرىستىئانلىقتا تەڭرى سۆزىنىڭ جىسىمغا ئورالغان شەكلى بولغان ھەزرىتى ئىسانىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ئىلگىرى تۈنجى خرىستىئان جامائىتى تەرىپىدىن يادقا ئېلىنىپ، كېيىنكى نەسىللەرگىچە ئېغىزچە بايان قىلىپ بېرىلگەن. كېيىن بۇلار يېزىلىشقا باشلىغان. نەتىجىدە، مۇقەددەس روھنىڭ رەھبەرلىكىدە خرىستىئان جامائىتى تۆت ئىنجىل بىلەن بىرگە كۆپلىگەن كىتاپلار ئىچىدىن 27 كىتاپنى تاللىغان. بۇلارنى تەڭرى ۋەھيىسى بىلەن يېزىلغان مۇقەددەس

www.islamyoli.net

كىتابلار دەپ قوبۇل قىلغان. بۇلارنىڭ سىرتىدا قالغان يۈزگە يېقىن ئىنجىل ۋە مەكتۇپلارنى سەھىھ ئەمەس دەپ قوبۇل قىلمىغان.

كۇنىمىزدە مەزمۇنى بىر-بىرىگە ئوخشمايدىغان تۆت خىل ئىنجىل باردۇر. بۇ ئىنجىللارنىڭ ھەممىسىنى سەھىھ- (توغرا) دەپ قارىغان خرىستىئانلار مەزمۇندىكى ئوخشىماسلىقلارنى نورمال دەپ قاراۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئىنجىل ھەزرىتى ئىساغا ۋەھيى قىلىنمىغان. ھەزرىتى ئىسا بىۋاستە ئۆزى تەڭرىنىڭ بەدەنلەشكەن سۆزى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئايرىم بىر كىتاپ بېرىلمىگەن. كۇنىمىزدىكى مەۋجۇت ئىنجىللار مۇقەددەس روھنىڭ نازارىتىدە باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان. ھەر بىر ئىنجىلنىڭ يازغۇچىسى ئۆزىنىڭ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى يازغان. بۇ سەۋەپتىن ئىنجىللار ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىشى تەبىئى ئەھۋالدۇر.

### 3.1.6.2. ئىسلامنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرى

ئىسلامىيەتنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرى دېيىلگەن ۋاقىتتا قۇلىمىزغا قۇرئان چىقىدۇ. قۇرئانى-كەرىم ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى مەنبەسىدۇر. ئىسلامنىڭ ئىبادەت ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرى قۇرئاننى ئاساس قىلىدۇ.

قۇرئانى-كەرىم ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا 20 يىلدىن كۆپ بىر ۋاقىتتا ۋەھيى قىلىنغان بولۇپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن ئىلاھىي كىتاپلارنى تەستىقلاپ، ئۇنى تاماملىغان ئاخىرقى ئىلاھىي كىتاپتۇر. (بەقەرە سۇرىسى 97-ئايەت)

ئۇ تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدا مەۋجۇت بولغان دىنىي ئاساسلار، نەسىھەتلەر ۋە ئىنسانلار ئىزدەۋاتقان مەسىلىلەرنى چۈشىنىشلىك بىر شەكىلدە ئىپادىلىگەن. يەنە ئىنسانلار ئۇچرىغان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئاللاھ قۇرئانى- كەرىم بىلەن ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن بۇيرۇقلارنى تاماملاپ، ھەممە ئادەمنىڭ قۇرئانى- كەرىمگە ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ سەۋەپتىن قۇرئانى-كەرىم زامان ۋە ماكان ئايرىماي پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن بىر كىتاپتۇر.

ئىسلام دىنىدا قۇرئانى-كەرىمدىن كېيىن ھەدىسلەرمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنى تىپما قىلغان بۇ ھەدىسلەر قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئىزاھلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىدا مۇسۇلمانلارغا يول كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ھەدىسلەر قۇرئانى-كەرىمدىن كېيىن مۇراجىئەت قىلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم مەنبەدۇر. «كۇتۇبى سىتتە» دەپ ئاتىلىدىغان ئالتە ھەدىس كىتاۋى باردۇر. سەنەت ۋە ئىبارە تەنقىدىگە تەۋە بولغان ھەدىسلەر مۇتەۋاتىر، ئاھاد، سەھىھ، ھاسەن ۋە زايىپ دېگەن تۇرلەرگە ئايرىلىدۇ.

www.islamyoli.net

### 2.6.1.4. ھىندۇئىزمنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى

ھىندۇئىزمنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى ۋە ئەقىدە سىستېمىسى بولمىسىمۇ، ئەمما بىر نەچچە مۇقەددەس نوملىرى باردۇر. ھىندۇئىزمنىڭ مۇقەددەس نوملىرى خېلى مولدۇر. بۇ مۇقەددەس نوملار «سىرۇتى» (ئاڭلىنىدىغان) ۋە «سىمرىتى» (خاتىرلىنىدىغان) دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ.

سىروتى نوملار «رىشى» دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددەس ئىلىملەرگە ۋەھيى قىلىنغان. تۇنجى مۇقەددەس تېكىستلارنى تەشكىل قىلىدىغان تۆت «ۋەدا» بۇ قىسىمغا كىرىدۇ. «ۋەدالار» ھىندى ئەقىدىسىنىڭ ئاساسى مەنبەلىرىدۇر. «ۋەدا» بىلەن بىرگە بىراھمانلار، ئارانياكالار ۋە ئۇپانشادلارمۇ «سىرۇتى نوملار» تەركىۋىگە كىرىدۇ.

سىمرىتى نوملار «ۋەدالار» ھەققىدە قىلىنغان ئىزاھات ۋە داستانلاردىن بارلىققا كەلگەن. بۇ نوملار نەسىلدىن-نەسىلگە تارقىلىپ يۇرۇپ ئاخىرىدا يېزىپ توپلانغان. «رامايانا» ۋە «ماھاپىھاراتا» داستانلىرى بىلەن «مانۇ قانۇنلىرى»، «سۇترالار» ۋە «پۇرانالار» بۇ كاتېگورىيىگە كىرىدۇ. «ماھاپىھاراتا» ۋە «رامايانا» داستانلىرى كۆپلىگەن ھىندى ئاممىسى ئەھمىيەت بېرىدىغان مۇقەددەس نوملاردۇر. ھىندىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەخلاقى پرىنسىپ ۋە غايىلىرىنى بۇ كىتابلاردىن چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ «ماھاپىھاراتا»نىڭ بىر قىسمى بولغان «باگاۋات گىتا» ھىندىلار ئارىسىدا مەشھۇردۇر. بۇ داستاندا خۇلاسە ئۇچۇرلار بېرىلگەن. مىليونغا يېقىن ھىندى بۇ كىتابنى ئۇقۇيدۇ. يېزا-كەنت، شەھەرلەردە مەلۇم بىر يەرلەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ بۇ داستاننى تىڭشايدۇ.

### 2.6.2. مۇقەددەس كىتابلارنىڭ دىنلاردىكى ئورنى ۋە ئىمتىيازى

مۇقەددەس كىتابلارنىڭ دىنلاردىكى ئورنى ۋە ئىمتىيازى دىنلارغا قاراپ ھەرخىل بولىدۇ. بىرىنچى دەرىجىدىكى مۇقەددەس كىتابلار كۆپلىگەن دىنلار ۋە ئىبادەتلەردە دۇئا كىتاۋى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. يەھۇدىلارنىڭ «تاناھ»ى، خرىستىئانلارنىڭ «كىتابى مۇقەددەس»ى، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئانى-كەرىمى بۇنىڭغا مىسال بۇلالايدۇ. دىنىي ئاساسلارنىڭ ئىزاھلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىدا ئادەتتە تەپسىر تۈرىدىكى مۇقەددەس كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئاساسەن ھەممە ئادەم بىرىنچى دەرىجىدىكى مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇپ ئىزاھلىيالمايدۇ.

يەھۇدى ئەنئەنىسىدە يېزىقچە مۇقەددەس «تاناھ»نى ئوقۇپ ئىزاھلاش ھەممە ئادەم قىلالايدىغان ئىش ئەمەس. بۇ مۇپەسسىرلەرگە خاس ئىشتۇر. بۇ سەۋەپتىن تارىختا ئىبغىزچە

مۇقەددەس ئىبارىلەر ھىساپلانغان «تالمۇد» ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، دىنىي قائىدىلەرنى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلغانلارنىڭ «تالمۇد»قا مۇراجىئەت قىلىشى تەۋسىيە قىلىنغان. بۇ سەۋەپتىن «تالمۇد»نىڭ ئىمتىيازىنى ئېتىراپ قىلغان. يەھۇدىلار دىنىي ناس مەنبەسى سۈپىتىدە «تالمۇد»قا مۇراجىئەت قىلىدۇ. «تالمۇد»نىڭ ئىمتىيازىنى قوبۇل قىلمىغانلار كۆپۈرلۈق قىلغان بولىدۇ. كۆنىمىزدىكى ئورتودوكس يەھۇدىلارمۇ بۇ پىكىردىدۇر. باشقا يەھۇدى مەزھەپلىرىگە مەنسۇپ بولغانلار بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلمايدۇ.

«كىتابى مۇقەددەس»نىڭ خرىستىئانلىقتىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتى خرىستىئان مەزھەپلىرىگە قاراپ ھەرخىل بولغان. كاتولىك مەزھىبىگە تەۋە بولغانلار «كىتابى مۇقەددەس»نى تەك ھۆكۈم قىلغۇچى دەپ قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار چىركاۋ ئاتىلىرى دەپ نام بەرگەن دىن ئالىملىرىنىڭ ئىزاھاتلىرىنىمۇ ئاساس قىلىدۇ. «كىتابى مۇقەددەس»نى بۇ ئىزاھاتلارغا قاراپ چۈشىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن كاتولىك مەزھىبىدە دىنىي ئەنئەنە «كىتابى مۇقەددەس»تىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھەتتا بۇ سەۋەپتىن مەشھۇر چىركاۋ ئاتىلىرىدىن ئازىز ئائۇگوستىنوس: «ئەگەر چىركاۋ تەستىق قىلمىغان بولسا ئىنجىلغا ئىشەنمەيتتىم» دېگەن. بۇنىڭغا قارشى پروتەستان مەزھىبىدە پەقەتلا «كىتابى مۇقەددەس» ئاساس قىلىنىدۇ. چىركاۋ ئاتىلىرىنىڭ ئىزاھاتىغا ۋە چىركاۋ ئادەتلىرىگە ئېتىبار قىلىنمايدۇ.

ئىسلام دىنىدا قۇرئانى-كەرىم ئاساسى مەنبەدۇر. ئىسلامنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى قۇرئانى-كەرىمگە تايىنىدۇ. لېكىن ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى سەۋەبىدىن بۇ ئاساسلارنى چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاش ھەر ۋاقىت ئاسان بولمايدۇ. ھەدىسلەر بۇ ئاساسلارنىڭ ئىزاھلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىدا مۇسۇلمانلارغا يول كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ھەدىسلەر ئىسلام دىنىدا ئىككىنچى ئاساسى مەنبەنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ يېنىدا قۇرئانى-كەرىمنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن تەپسىر ۋە ئۇسۇلى فىقىھ ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىدىنمۇ پايدىلىنىدۇ.

ھىندىلاردا دىنىي ئەقىدىنىڭ مەنبەسىنى «سىرۇتى» دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددەس نوملاردىن تەركىپ تاپقان بولسىمۇ، خەلق ئارىسىدا «سىمرىتى» تېكىستلىرى كەڭ تارقالغان. بولۇپمۇ داستان ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان «ماھاپھاراتا» ۋە «رامايانا» ئىسىملىك كىتاپلار ھىندىلار تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان.

## 5. بۆلۈم. دىنلاردا ئىبادەت ۋە ئىبادەت يەرلىرى

### 1. دىنلاردا ئىبادەت

www.islamyoli.net

دىنلارنىڭ مەۋجۇتلۇق سەۋەبى ئىنسانلارنى نجاتلىققا ئېرىشتۈرۈشتۇر. ھەر بىر دىن ئىنسانلارنى ئەبەدى ھاياتتا نجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان پىرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. دىنلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ پەرقلىققا ئىگە قىلىدىغىنىمۇ بۇ پىرىنسىپلاردۇر. دىنلار ئوتتۇرىغا قويغان پىرىنسىپلارنىڭ ئىككى تەرىپى بار: بۇلار ئەقىدە ۋە ئەمەلدۇر. دىنلار ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ نجاتلىققا ئېرىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قىسىم ئەقىدە ۋە ئىبادەت پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەنسۇپلىرىغا نجاتلىقنىڭ بۇ پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقىنى سۆزلىگەن.

دىنلار ئىبادەت ۋە ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەر بىر دىن ئەقىدە شەكلىگە قاراپ پەرقلىق ئىبادەت شەكىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن ئەخلاقى پرىنسىپلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەر قانداق بىر ئوخشىماسلىق يوقتۇر.

دىنلارنىڭ ئاساسى ئەمەللىرىدىن بىرى بولغان ئىبادەت پەرقلىق ئۇسۇللاردا چۈشەندۈرۈلىدۇ. بىر خىل چۈشەندۈرۈشتە ئىبادەت بەندىنىڭ ئۆزى ئىشەنگەن ۋە باغلانغان مۇقەددەس مەۋجۇدات ئالدىدا قۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەنىۋى مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشىشىدىن ئىبارەت دەپ ئېيتىلسا، باشقا بىر تەبىردە ئىبادەت شەخس تەڭرىنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەت، ياراتقۇچى بىلەن ئالاقە باغلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىر بۇرۇلۇش دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

كۈنىمىزدە يەر شارىدا كۆپلىگەن دىن مەۋجۇتتۇر. بۇ دىنلاردىكى ئىبادەتلەر شەكىل جەھەتتىن ھەرخىل بولسىمۇ، ئەمما خۇسۇسىيەت، مەقسەت ۋە مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىندۇر. ناماز، روزا، سەدىقە، ھەج، ۋە قۇربانلىق قىلىش پۈتكۈل ساماۋى دىنلاردا مەۋجۇت بولغان ئىبادەتلەردۇر. بۇ سەۋەپتىن دىنلاردىكى ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش بىر مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى ھەج سۈرىسى 67-ئايىتىدە ئاللاھ: «ھەر ئۈممەتكە بىر ئىبادەت شەكلى كۆرسەتتۇق» دېگەن. باشقا ئايەتلەردىمۇ تارىختا مەۋجۇت بولغان بارلىق مىللەتلەرگە پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن ۋەھيى ئەۋەتىلگەنلىكى، روزا، ناماز ۋە زاكات قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ بۇ پەيغەمبەرلەرگە شۇنداقلا ئۈممىتىگە پەرز قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. (بەقەرە سۈرىسى 83، 125، 183؛ ھەج سۈرىسى 26؛ ئىبراھىم سۈرىسى 40؛ مەريەم سۈرىسى 58؛ مائىدە سۈرىسى 12)

### 1.1. دۇئا ۋە ناماز

ناماز ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتلىرىدىن بىرىسىدۇر. بۇ ئىبادەت قۇرئانى-كەرىمدە «سالات»كەلىمىسى بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. ئەرەپچە بىر سۆز بولغان سالات: دۇئا قىلىش،

يالۋۇرۇش، ياخشى ئارزۇ-ئىستەكتە بولۇش قاتارلىق مەنالارغا ئىگە. قۇرئانى-كەرىمدە مۇشرىكلارنىڭ قوللىرىنى سىلكىپ ۋە ئىسقىرتىپ كەبىدە قىلغان ئىبادەتلىرىمۇ سالات سۆزىنى ئىپادە قىلىدۇ (ئەنفال سۈرىسى 35). بۇ جەھەتتىن سالات سۆزىنىڭ مەنىسىدىن يولغا چىقىپ، ئىسلام دىنىدىكى ناماز ئىبادىتىنىڭ يېنىدا باشقا دىنلاردىكى ئوخشاش ئىبادەتلەرنىمۇ ناماز دەپ ئىپادە قىلالايمىز. ئىسلام دىنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتلىرىدىن بىرسى بولغان ناماز تەكبىر بىلەن باشلاپ، سالام بىلەن ئاخىرلىشىدىغان مەلۇم ھەرىكەت ۋە دۇئالاردىن تەركىپ تاپقان ئىبادەتنى كۆرسىتىدۇ. نامازنىڭ كۆپلىگەن تۈرلىرى باردۇر. كۈنلۈك بەش ۋاقىت ناماز بىلەن ھەپتىلىك جۈمە نامىزى پەرز بولغان نامازلاردۇر. بارلىق نامازلار بىر قىسىم خۇسۇسي ھەرىكەت ۋە دۇئالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاللاھ نامازنى تەئدىل-ئەركان بىلەن ئوقۇشقا ئەمر قىلغان. بۇ خىل ھالەتتە ئۇقۇلغان نامازنىڭ ئىنسان ھاياتىنى ئەخلاقسىزلىقلاردىن يىراق تۇتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. قۇرئانى-كەرىم بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن نامازنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەرگە، ھەزرىتى مەريەم، ھەزرىتى ئىساغا زاكات بىلەن بىرلىكتە ئەمرى قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بەش ۋاقىت ناماز پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتىگەن ۋە خۇپتەن دەپ كۈندە ئىككى ۋاخ ناماز ئۇقۇغانلىقى مەلۇمدۇر. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا شام نامىزىدىن باشقا بارلىق ۋاقىتلاردا ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇلغان پەرز نامازلار ھىجرەتتىن تەخمىنەن بىر يىل كېيىن تۆت رەكئەتكە چىقارتىلغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە سۈننەتلەرمۇ قوشۇمچە قىلىنغان. ناماز كۈنىمىزگىچە بۇ شەكىلدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

دۇئانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىبادەت گەرچە ھەرخىل شەكىللەردە بولسىمۇ، ئەمما كۈنىمىزدە كۆپلىگەن دىنلاردا ئۇچرىتىش مۇمكىندۇر. كۈنىمىزدە يەھۇدىلار ھەر كۈنى ئەتىگەن، ئەسىر ۋە ئاخشامدىن ئىبارەت ئۈچ ۋاقىت ناماز ئۇقۇيدۇ. نامازدىن ئىلگىرى پاكىزلىنىش ئۈچۈن قوللىرىنى يۇيىدۇ، ناماز جەريانىدا «سىددۇر» دەپ ئاتىلىدىغان دۇئا كىتاۋىدىن مەلۇم ئابزاسلارنى ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ. نامازدا ئەسلى ئوقۇلىدىغان ئابزاس «ئامىدا» دەپ ئاتىلىدىغان ۋە ئۆرە تۇرۇپ قىلىنىدىغان دۇئادۇر. «ئامىدا»دا يەھۇدىلار مۇسۇلمانلارنىڭ نامازدىكى رۇكۇغا ئوخشايدىغان ھەرىكەتلىرىنى قىلىدۇ. ئوڭ قولى بىلەن مەيدىسىگە ئاستا ئۇرۇپ، قىلغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نامازلار سىناگوگ دەپ ئاتىلىدىغان يەرلەردە جامائەت بولۇپ ئۇقۇلۇش بىلەن بىرگە شەخسي ئوقۇلسىمۇ بولىدۇ. نامازنى يىغىلىپ ئوقۇش ئۈچۈن جامائەتتە 13 ياشتىن چوڭ ئەڭ ئاز ئون ئەر كىشى بولىشى لازىم. نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇغان ۋاقىتتا بېشىغا كىپا دەپ ئاتىلىدىغان دوپپا ياكى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە كىيىدۇ.

يەھۇدىلار نامازدا بىر قىسىم نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ. بۇلار دۇئا كىتاۋى «سىددۇر»، «تەفىلىن» ۋە «تاللىت»تۇر. تەفىلىن ئىچىدە تەۋراتنىڭ بەزى جۈملىلىرى يېزىلغان ئىككى قۇتا ۋە بىر تېرە تاسمىدىن ئىبارەتتۇر. شەنبە كۈنىدىن باشقا كۈنلەردە ئەتتىگەنلىك نامازلىرىدا ئەرلەر بۇ ئىككى قۇتىنى قارا تاسما بىلەن قائىدىسى بويىچە پىشانىسىگە ۋە سول بىلىكىگە باغلايدۇ. «تاللىت» ئەتراپىدا پۈپۈكى بار، ئۈستىدە تەۋراتتىن پارچىلار يېزىلغان بىر شارپىدۇر. پەقەتلا ئەرلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغان بۇ نىپىز رەخت (شارپا) ناماز جەريانىدا دولىسىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ. بۇلارنىڭ سىرتىدا روش، هاشانا (يېڭى يىل) ۋە يوم كىپپۇر(تەۋبە كۈنى) قاتارلىق مۇھىم كۈنلەردە ئىشلىتىلىدىغان خۇسۇسىي بىر ئەسۋاپمۇ باردۇر. بۇ ئەسۋاپ شوپار[1]دۇر. شۇپار مۈڭگۈزدىن ياسىلىدىغان نەپەسلىك بىر چالغۇدۇر.

يەھۇدىلارنىڭ كۈنلۈك ئۈچ ۋاقىت نامازلىرىدىن باشقا ھەپتىلىك ۋە يىللىق بايرام (ھېيت) نامازلىرىمۇ باردۇر. ھەپتىلىك ناماز شابات نامىزىدۇر. شابات نامىزى ۋە بايرام نامازلىرى جامائەت بىلەن سىناگوگلاردا ئوقۇلىدۇ.

خرىستىئانلىقنىڭ ئالدىنقى ئۈچ ئەسىرلىك دەۋرىدە مەلۇم بىر ناماز يوق ئىدى. بۇ سەۋەپتىن 4-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا قەدەر كۈندىلىك قىلىدىغان ئىبادەت ھۆكمى بولمىغان. بۇ دەۋرگىچە ئىنسانلار ئۆز ئالدىغا ياكى ئائىلە ئىچىدە كۈنلۈك دۇئالارنى قىلىش بىلەن كۇپايىلەنگەن. ئىلگىرى بۇ دۇئالاردا يەھۇدىلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى «كونا ئەھدە»نىڭ «مەزمۇرلار» قىسمىدىن پارچىلار ئوقۇلاتتى. «يېڭى ئەھدە» بارلىققا كەلگەندىن كېيىن دۇئالاردا «يېڭى ئەھدە»دىن پارچىلار ئوقۇلۇشقا باشلىغان. كۈندىلىك ناماز ئىبادەتلىرى ئادەتتە چىركاۋدا ۋە پاپازنىڭ نازارىتىدە قىلىنىدۇ. ئىبادەتلەردە «يېڭى ئەھدە»دىن ۋە «كونا ئەھدە»دىن بولۇپمۇ «مەزمۇرلار» قىسمىدىن پارچە ۋە ئىلاھىيلار (دىنىي ناخشا) ئوقۇلىدۇ.

خرىستىئانلىقتا ھەپتىلىك ناماز ئىبادىتى يەكشەنبە كۈنى قىلىنىدۇ. ھەپتىلىك يەكشەنبە نامىزى جامائەت بىلەن ئۇقۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن يەكشەنبە كۈنى چىركاۋغا بېرىش ناھايىتى مۇھىمدۇر. چۈنكى بۇ كۈندە خرىستىئانلىقتا ئەڭ مۇھىم ئىبادەت ھېساپلىنىدىغان ئەۋخارىستىيا مۇراسىمى ئۆتكۈزىلىدۇ. ئىسانىڭ ھاۋارىلىرى بىلەن تاماقنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ مۇراسىمدا مۇقەددەس كىتاپتىن پارچىلار ئوقۇلۇپ، ئىلاھىيلار(دىنىي ناخشىلار) ئېيتىلىدۇ ۋە ۋەز- نەسىھەت بىلەن دۇئا قىلىنىدۇ.

خرىستىئانلىقتا يىللىق بايرام نامازلىرىمۇ باردۇر. بۇ بايراملارنىڭ بىر قىسمى مۇقىم كۈنلەردە، يەنە بىر قىسمى ھەر يىلى ھەرخىل زامانلاردا تەبرىكلىنىدۇ. خرىستىئانلىقتىكى ناماز ئىبادىتىنىڭ قىلىنىش شەكلى، ۋاقتى مەزھەپلەرگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ.

---

[1]. شوپار ئۇيغۇرلاردىكى نەيگە ئوخشايدىغان بىر چالغۇ.

ھىندۇئىزمدىن كېلىپ چىققان بۇددىزمدا ناماز ئىبادىتى بۇ دىنىنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى بۇددانىڭ ھەيكەللىرىگە چوقۇنۇش شەكلىدە قىلىنىدۇ. بۇددىستلار بىر كۈنىنىڭ ھەرخىل ۋاقىتلىرىدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھەيكەل ئالدىدا ناماز ئوقۇيدۇ. نامازنىڭ مەلۇم قائىدىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، شەخس ئۆز ئالدىغا خالىغان شەكىلدە، خالىغان ۋاقىتتا ئىبادەت قىلىدۇ. نامازنى باشلايدىغان ئادەم بۇددا ھەيكىلىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ئىككى ئالقىنىنى بىر بىرىگە جۈپلەپ، يۈزىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇتۇپ، نامازنى بۇدداغا ھۆرمەت سۆزى بىلەن باشلايدۇ. «بۇددا، دىھامما ۋە ساڭھاياغا ئىلتىجا قىلىمەن» سۆزى بىلەن بەزى مۇقەددەس نوملارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ نامازنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ كەينىدىن بەش چەكلىمىنى خاتىرلىتىدىغان سۆزلەر تەكرارلىنىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسى شەكلىدە ناماز سەجدە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بەزى چاغلاردا جامائەت بىلەن ئىبادەت قىلىنىغان ۋاقىتلاردا ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق بىر دۇمباق ئاۋازى بىلەن راھىپ بۇددا ھەيكىلىگە گۈل ۋە گۈرۈچ تەقدىم قىلىدۇ. كۈندىلىك ئىبادىتىنى قىلماقچى بولغان ھىندى سەھەردە تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ھىندۇئىزمدىكى ئىبادەتنىڭ باشلىنىش سۆزى بولغان «ئوم» سۆزى بىلەن تەڭرىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىدۇ. چېچىنى بېشىنىڭ ئۈستىدە يىغىپ، پۇتى ۋە بېلىنىڭ ئۈستى قىسمى يالىڭاچ ھالدا شەرق تەرەپكە قاراپ، بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ نەپسىنى كونترول ئاستىدا تۇتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا گاياترى ئىلاھىيسى(ناخشىسى) ۋە مۇقەددەس كىتاپ «ۋەدالار»دىن دۇئالار ئوقۇپ، تەڭرى بۇتقا سۇ سېپىپ، ئۇنىڭغا ھەرخىل قۇربانلىق تەقدىم قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىبادەتنى بىر ئاز قىسقارتىپ ئاخشام ۋاقتىدىمۇ تەكرارلايدۇ.

ھىندى دىنلىرىدىن ھىندۇئىزم ۋە بۇددىزمدىكى ناماز ئىبادىتى مۇشرىكلارنىڭ قۇرئانى-كەرىمدە بايان قىلىنىغان ناماز ئىبادىتىگە ئوخشايدۇ. ھىندۇئىزمغا باغلانغان ھىندىلار ناماز ئىبادىتىنى ئۆزى ئىشەنگەن تەڭرىلەرنىڭ بۇتلىرى ئۈچۈن قىلىدۇ. ھەر ئادەم ئۆز تەڭرىسىنىڭ بۇتىغا ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ھىندۇئىزمدە ۋاقتى ۋە شەكلى تەرتىپلىك بولغان بىر ناماز ئىبادىتى يوقتۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتلىرىدىن بىرسى بولغان نامازنى باشقا دىنلاردىكى ناماز ئىبادىتى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئوتتۇرىدا كۆپ پەرق بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. باشقا دىنلارنىڭ ھەر قانداق بىرسىدە ئىسلامدىكى نامازنىڭ تەرتىپى ۋە ئىنتىزامى يوقتۇر. يەھۇدىلىك ۋە خرىستىئانلىقتىن باشقا دىنلاردا جامائەت بىلەن ناماز ئۇقۇش ھۆكمى يوقتۇر. ھىندۇئىزم ۋە بۇددىزم قاتارلىق دىنلاردا ناماز بۇتلار ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ. خرىستىئانلىقنىڭ نامىزىدا ھەزرىتى ئىسا ئۇلۇغلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرستىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

## 1.2. روزا (رامىزان)

روزا جىسمانى ئارزۇ ۋە ئىستەكلەرنى ئاجىزلىتىپ، مەنىۋى دۇنيانى كۈچلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان، مەلۇم ۋاقىتلاردا يېمەك-ئىچمەك ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت قاتارلىق نەپسانىي ئىستەك ۋە شەھۋانىي ئارزۇلارنى تىزگىنلەيدىغان بىر ئىبادەتتۇر. روزا يېمەك-ئىچمەكتىن پۈتۈنلەي يىراق تۇرۇش شەكلىدە ئىپادە قىلىنىش بىلەن بىرلىكتە پەقەت بەزى يېمەك-ئىچمەكلەردىن يىراق تۇرۇش شەكلىدىمۇ ئىپادە قىلىنىدۇ.

قۇرئانى-كەرىمنىڭ بايان قىلىشىچە روزا، ناماز ۋە زاكاتقا ئوخشاش بارلىق مىللەتلەرگە پەرز قىلىنغان بىر ئىبادەتتۇر. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە: **«ئى مۇئمىنلەر! روزا سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە پەرز قىلىنغىنىغا ئوخشاش سىلەرگىمۇ مەلۇم كۈنلەردە پەرز قىلىندى»** (بەقەرە سۈرىسى 83- ئايەت) دېيىلگەن.

روزا ئىبادىتى بارلىق مىللەتلەرگە پەرز قىلىنغان بىر ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، كۈنىمىزدە ئىسلامدىن باشلاپ كۆپ قىسىم دىنلاردىمۇ باردۇر. بۇ دىنلارنىڭ بەزىلىرىدە روزا بارلىق يېمەك-ئىچمەكلەردىن، جىنسىي ئالاقىدىن يىراق تۇرۇش دەپ ئېيتىلغان.

ئىسلامدا دىنىي بۇيرۇقلارنى ئورۇنلاشقا مەسئۇل بولغان ھەر مۇسۇلمان بىر ئايلىق رامىزان روزىسى تۇتىشى لازىم. رامىزان روزىسى ئىسلامنىڭ بەش شەرتىدىن بىرسىدۇر. رامىزان روزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىككى يىل كېيىن ۋە قىبلىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىدىن كېيىن شەئبان ئېيىنىڭ 10-كۈنى پەرز قىلىنغان. ئىسلامدا رامىزان روزىسىدىن باشقا ئۈچ ئايلار روزىسى، دۈشەنبە، پەيشەنبە روزىسى قاتارلىق ھەپتىنىڭ مەلۇم كۈنلىرىدە تۇتۇلىدىغان روزىلار، مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10-كۈنىدە تۇتۇلىدىغان ئاشۇرا روزىسى، قازا ۋە كەپپارەت روزىسى قاتارلىق روزىلارمۇ بار. لېكىن بۇ روزىلارنى ھەممە ئادەمنىڭ تۇتۇشى شەرت ئەمەس، بۇلارنىڭ بەزىلىرى كىشىنىڭ ئۆز ئارزۇسىغا باغلىقتۇر. كاپپارەت ۋە قازا روزىلىرىنى پەقەت مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرلا تۇتۇشقا مەجبۇردۇر.

ئىسلام دىنىدىكى روزا تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ قۇياشنىڭ كىرىپ كېتىشىگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە يېمەك-ئىچمەك ۋە جىنسىيي مۇناسىۋەتتىن يىراق تۇرۇش شەكلىدە بولىدۇ. روزا تۇتقان ئادەم روزىدار بولغان ۋاقىت ئىچىدە گۇناھ ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشىدۇ. يوقسۇل ۋە ياردەمگە مۇھتاج كىشىلەرگە ياردەم بېرىدۇ.

يەھۇدىلىكتە روزا چۈشەنچىسى قانداق؟

www.islamyoli.net

يەھۇدىلىكتە گۇناھلارغا كەففارەت بولۇش ياكى ئۆتمۈشتىكى ئەسكىلىكلەرنى ئەسلەش ۋە يىغا-زارە قىلىش مەقسىدى بىلەن پۈتۈن كۈن روزا تۇتىلىدۇ. بۇلاردىن بىرسى تىشرى ئېيىنىڭ 10-كۈنىدە تۇتۇلىدىغان روزا كاپپارەت روزىسى، يەنى يوم كىپۇر[2] (كەپپارەت كۈنى) دەپمۇ ئاتىلىدىغان بۇ روزا بىر كۈن ئىلگىرى قۇياشنىڭ پېتىشى بىلەن باشلايدۇ ۋە 24 سائەت داۋام قىلىدۇ. بۇ ۋاقىت ئىچىدە يېمەك-ئىچمەكلەردىن ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن يىراق تۇرىلىدۇ. قۇددۇستىكى سۇلايمان مابەدىنىڭ ئىككى قېتىم يىقىلىشىنى ئەسلەپ، ئاب ئېيىنىڭ 9-كۈنى تۇتىلىدىغان ۋە تەشا-بەئاۋ روزىسى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ روزىدا يوم كىپور روزىسىنىڭ قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى روزىنىڭ سىرتىدىكى روزىلار تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ كۈن پاتقۇچە داۋام قىلىدۇ.

خرىستىئانلىقتا روزا چۈشەنچىسى پەرىقلىقتۇر. ئادەتتە تىرىلىش كۈنى بايرىمىدىن ئىلگىرىكى 40 كۈنلۈك لەنت دەۋرى روزا ۋاقتى دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما بۇ كۈنلەردە تۇتۇلغان روزا يېمەك- ئىچمەكتىن پۈتۈنلەي يىراق تۇرۇش شەكلىدە ئەمەس. خرىستىئانلار بۇ كۈنلەردە پەقەت بىر ۋاخ تاماق يەپ روزا تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كاتولىك مەزھىبىگە باغلىق بولغان خرىستىئانلار جۈمە كۈنى، شەرق چىركاۋلىرىغا يەنى ئورتودوكس مەزھىبىگە باغلىق بولغانلار چارشەنبە ھەم جۈمە كۈنلىرى گۆش يېمەيدۇ. 40 كۈنلۈك روزا مەجبۇر ئەمەس. مەجبۇرى روزا بۇ كۈنلەر ئىچىدىن پەقەت بىر كۈندۇر. بەزى گۇرۇپپىلاردىن باشقا پروتەستان مەزھىبىگە باغلىق بولغانلار روزىنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە روزا تۇتمايدۇ.

ھىندۇئىزم ۋە بۇددىزمغا ئوخشاش كۈنىمىزدىكى مەۋجۇت بولغان باشقا دىنلاردىمۇ بەزى يېمەك-ئىچمەكلەردىن يىراق تۇرۇش شەكلىدە پەرھىز ئالاھىدىلىكىدە روزا تۇتۇشلار باردۇر.

## 1.3. ھەج

ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ساقلايدىغان يوللاردىن بىرسى ۋە ئەڭ مۇھىم بولغان ئىباەتلەردىن بىرسى ھەج ئىبادىتىدۇر. بۇ ئىبادەتنىڭ ئىزلىرىنى بارلىق دىنلاردا ۋە دىنىي سىستېمىلاردىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ھەج بارلىق دىنلاردا تارىختىن كۈنىمىزگىچە ھەرخىل يوللار بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن مۇھىم ئىبادەتلەردىن بىرسىدۇر.

مەلۇم يەرلەر باشقا يەرلەرگە قارىغاندا مۇقەددەسلىنىپ، بۇ يەرلەرنى بىر قېتىم بولسىمۇ زىيارەت قىلىش ئارزۇسىدا بولغان ئىنسانلاردىكى بۇ خىل ھىسسىياتنى بەزى دىن ئالىملىرى ئىپتىدائى مايىللىق دەپ قارىغان.

---

[2]. يوم كىپور روزىسى: مۇھەررەم روزىسى بولۇپ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىنمۇ تۇتىلىۋاتىدۇ.

ئەملىيەتتە بۇ خىل ئىبادەت باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاش ئىلاھىي مەنبەنى ئاساس قىلىدۇ. ھىندىستانلىق مەشھۇر مۇسۇلمان ئالىمى شاھ ۋەلىيۇللاھ دەھلەۋى ئىسلامدىكى ھەج ئىبادىتىنى چۈشەندۈرگەندە «بۇ ئىبادەت بارلىق دىنلاردا ئەسلىدە مەۋجۇت» ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن. دەھلەۋىنىڭ بۇ سۆزى يۇقىرىدىكى چۈشەنچىنى تەستىقلايدۇ.

## 1.3.1. ھەج مەركەزلىرى

كۈنىمىزدە مەۋجۇت بولغان دىنلارنىڭ كۆپ قىسمىدا (خرىستىئانلىق ئالاھىدە بىر ئەھۋال) ئەگەشكۈچىلىرى مۇقەددەس ھەج يېرى دەپ قوبۇل قىلغان مۇقەددەسلىگىنى مۇقەددەس كىتاپلارغا تاياندۇرىدىغان بىر ھەج مەركىزى باردۇر. كۆپ قىسىم ھىندىلارنىڭ دىنى بولغان ھىندۇئىزمدا بەنارەس(ۋاراناسى)، بۇددىزمدا بۇدھى گايا، ياپۇنلارنىڭ مىللى دىنى شىنتۇئىزمدا ئىسە، يەھۇدىلىكتە قۇددۇس، خرىستىئانلىقتا قۇددۇس ۋە رىم، ئىسلامدا مەككە قاتارلىق يەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەج مەركەزلىرىدۇر. ھەر دىندار ئۆمرىدە بىر قېتىم بۇ يەرلەرگە ھەجگە بېرىشنى، ھەتتا بۇ يەرلەردە ۋاپات بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئىنسانلار بۇ ھەج يەرلىرىنى ئۆزلىرى تاللىمىغان. بۇ يەرلەرنى ئىلھام ياكى ۋەھيى يولى بىلەن بايقىغان. دىنلارنىڭ كۆپ قىسمىدا مەركىزىي ھەج يەرلىرى ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. مۇقەددەس كىتاپلاردا بۇ يەرلەرنىڭ باشقا يەرلەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى بايان قىلىنىپ، بۇ يەرلەرگە ھەجگە بېرىش تەۋسىيە قىلىنغان. ھەج يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئەتراپىنى، چېگرىلىرىنى باشقا يەرلەردىن ئايرىش ئۈچۈن تاش، تام، ياغاچ ۋە ئوخشاش تىپتىكى مۇقەددەس ئىشارەتلەر (بەلگىلەر) قويۇلغان. بۇ ئىشارەتلەر ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ماكان مۇقەددەس ھېساپلانغان.

## 1.3.2. ھەج قىلىش ئۇسۇللىرى

ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىش ئۇسۇلى ھەرخىل بولىدۇ. يەھۇدىلىكتە ھەج ئىبادىتى باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاش، تارىختا كۆپلىگەن ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. يەھۇدىلار ناھايىتى كۆپ ۋاقىت كۆچمەن ھاياتتا ياشىغانلىقى، بەزى ۋاقىتلاردا ھەزرىتى مۇسا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئاڭلىماي، بۇتپەرەس ئادەتلەرگە كۆڭلىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسلامدىن ئىلگىرىكى مۇشرىك ئەرەپلەرگە ئوخشاش ھەجنىڭ ئەسلى شەكلىنى بۇزغان. يەھۇدىلار تەۋراتتا يىلدا ئۈچ قېتىم، فىسەھ، سوككوت ۋە شاۋۇئوت بايراملىرىدا قىلىشقا ئەمرى قىلىنغان ھەجگە ھەمىشە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن. پەقەت مىلادىدىن

ئىلگىرىكى 587-يىلىدا قۇددۇسنىڭ بابىللىقلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى بىلەن، ھەزرىتى سۇلايمان بىنا قىلغان مابەت (يەھۇدىلار بۇنىڭغا بەت ھەمىكداش دەيدۇ) يىقىلغاندىن كېيىن، مىللى بىرلىكنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن ھەج ماۋسۇمىدا قۇددۇسقا بېرىشقا ئەھمىيەت بەرگەن.

مىلادىدىن كېيىنكى 70-يىلىدا ھەزرىتى سۇلايمان بىنا قىلغان مابەدنىڭ رىملىقلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يىقىلىشىدىن باشلاپ، ھەج سىمۋوللۇق بىر ھالغا كەلگەن. مابەدنىڭ يىقىلىشىنى باھانە قىلغان يەھۇدىلار تەۋراتنىڭ بىر نەچچە ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتىن توختاتقان. بۇ ھۆكۈملەر ئىچىدە ھەجگە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرمۇ بار ئىدى. مەسىھ كېلىپ يەھۇدى پادىشاھلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن بۇ ھۆكۈملەر قايتىدىن ئىجرا قىلىنىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ. ھازىرغىچە مەسىھ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، كۆنىمىزدە يەھۇدىلار سىمۋوللۇق شەكىلدە ھەج قىلماقتا. لېكىن بۇ ھەج مەجبۇرى بولماي، ئارزۇغا باغلىق بولىدۇ. قۇددۇستىكى يىغلاش تېمى (ئىبرانىچىدە «كوتەل») يەھۇدى ھاجىلارنىڭ ئىبادەت يېرىدۇر. ھاجىلار بۇ تامنىڭ ئالدىدا تەۋراتتىن ۋە دۇئا كىتاۋىدىن پارچىلار ئوقۇپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يىغلايدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا تەپەككۇرغا غەرق بولىدۇ. يىغلاش تېمىنىڭ يېرىقلىرىغا ئارزۇ-تەلەپلەر يېزىلغان قەغەز پارچىلىرىنى تىقىپ قويىدۇ.

خرىستىئانلىقتىكى ھەجدە بولسا، ھەزرىتى ئىسا ئەقىدە ۋە ئىبادەت ئاساسلىرى بىلەن بەزى دىنىي مەسىلىلەردە تەۋراتنىڭ پرىنسىپلىرىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغان. بىر ئىبادەت بولغان ھەجمۇ بۇنىڭغا تەۋە. بۇ جەھەتتە ئىنجىلدا ھەج بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايرىم ھۆكۈم يوقتۇر. پەقەت مىلادىدىن كېيىنكى 49-يىلىدا ئېچىلغان تۇنجى خرىستىئان كېڭىشىدە تەۋراتنىڭ تۆت مەسىلىدىن باشقا ھەر قانداق بىر ھۆكمىنىڭ باغلىغۇچىلىكى قالمىغانلىقى قارار قىلىنغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەج ۋە قۇربان ئىبادەتلىرىنىمۇ يوققا چىقارغان. پاۋلۇس ئىزاھاتلاردا بۇ ئىبادەتلەرگە باتىنى (مەخپىي) مەنا بەرگەن. ئىنجىل يازغۇچىلىرىمۇ پاۋلۇسنىڭ نەزىرىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىنجىلدا يەھۇدىلارنىڭ ھەج يېرى قۇددۇسقا قارشى بىر سەلبى كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغان. بۇ سەۋەپتىن پاۋلۇستىن كېيىنكى نەسىل قۇددۇسقا ھەج زىيارىتى قىلىشنى تاشلىغان. پەقەت خرىستىئانلاردىكى ھەزرىتى ئىسا ياشىغان يەرلەرنى كۆرۈش ئارزۇسى بۇ ھەج زىيارىتىنى قايتىدىن جانلاندۇرغان. لېكىن بۇ زىيارەت بىر ھەج ئىبادىتى كۆرۈنۈشىدىن يىراقتۇر. خرىستىئان چېركاۋلىرى قۇددۇسنى بىر ھەج مەركىزى دەپ قارىمايدۇ ۋە خرىستىئانلارنى بۇ يەرگە ھەجگە كېلىشكە تەشۋىق قىلمايدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ خرىستىئان دۇنياسىغا تامامەن ھاكىم بولۇش ئۈچۈن قۇددۇسقا قىلىنغان ھەج زىيارەتلىرىگە ئىگە بولىدۇ. ھەتتا رىم كاتولىك چېركاۋى خرىستىئان دۇنياسىدا ھاكىمىيەت قۇرۇش غايىسى بىلەن رىم شەھرىنى ھەج مەركىزى ئېلان قىلىپ، قۇددۇسقا بارىدىغان خرىستىئان

هاجىلارنى بۇ يەرگە تارتىش ئۈچۈن ھەرخىل ماددى يارددەملەرنى قىلغان. كۆنىمىزدە خرىستىئانلارنىڭ قۇددۇس ئەتراپىدا ياكى رىمغا قىلغان ھەج زىيارەتلىرى تولۇق شەكىلدە ئىلاھىي ۋەھىيگە تايانمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن خرىستىئانلار ئارىسىدا ھەج مەسىلىسىدە بىرلىك يوقتۇر. بۇنىڭغا ئەگىشىپ خرىستىئانلار كۆنىمىزدە ئىسانىڭ تۇغۇلۇشى، كرېستتىقا مىخلىنىشى، قايتىدىن تىرىلىشىنى خاتىرلەپ قۇددۇس ۋە بەتلەھەمگە ھەج زىيارىتى قىلىدۇ. ئىسانىڭ ھاياتىنىڭ ئۈچ باسقۇچىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن كۆنلەر خرىستىئان ھەججىنىڭ ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. قۇددۇس ۋە بەتلەھەم (ئىسانىڭ تۇغۇلغان يېرى)دىكى ھەج، كۆپ ھاللاردا ئەرمەنى، قىبتى، يۇنان، روس، سۇرىيە، ئەتوپىيا ۋە باشقا شەرق خرىستىئانلىرى ئۈچۈن ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاشتۇر. ھاجىلار گۇناھلاردىن پاكلىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىئوردانىيە دەرياسىدا سۇغا چۆمۈلىدۇ. كېيىن رەت تەرتىۋى بىلەن ئىسا ياشىغان مۇھىم يەرلەرگە زىيارەتكە بارىدۇ. بۇ يەرلەردە ئىنجىلدىن پارچىلار ئوقۇپ، تەۋبە قىلىپ ئۆلۈمنى ئويلايدۇ. ئادەتتە خرىستىئان ھاجىلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بۇ ھەج زىيارىتى جەريانىدا ۋاپات بولۇشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن خرىستىئان ھاجى نامزاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ياشانغان ۋاقىتلىرىدا ھەجگە كېتەلىرىنىمۇ بىرگە ئېلىپ بارىدۇ. شەرق خرىستىئانلىرى (ئورتودوكسلار)نىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرىگە قارشى ھالدا كاتولىك ۋە پروتەستان چىركاۋلىرىغا مەنسۇپ خرىستىئانلار بۇنداق قىلمايدۇ. كاتولىكلار ئادەتتە ھەج ئۈچۈن پاپالىق جايلاشقان ئىتالىيەدىكى رىم شەھرىگە بارىدۇ. پروتەستان قاراشتا ھەج دەيدىغان بىر ئىبادەت يوقتۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ بەش شەرتىدىن بىرسى بولغان ھەج پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىنىڭ 9-يىلىدا پەرز قىلىنغان. ئىمكانى يەتكەن ھەر مۇسۇلمان ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەجگە بېرىشى پەرزدۇر.

ھەج ئىبادىتى قۇربان ھېيت كۆنلىرىدە كەبە ۋە ئەتراپىدىكى مۇقەددەس ماكانلارنى زىيارەت قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ. ھەج سەپىرىگە چىقىشتىن ئىلگىرى قەرزى بولسا بۇنى ئادا قىلىپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىدۇ. مەككە يېقىنىدىكى مىقات دېيىلىدىغان كىرىش ئېغىزىغا كەلگەندە، تازىلىق قىلىپ، غۇسۇل ياكى تاھارەت ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئەرلەر كىيىملىرىنى چىقىرىپ، ئىھرام دېيىلىدىغان ئىككى پارچە ئاق رەختنى بەدىنىگە ئۇراپ ئىھرامغا كىرىدۇ. بېشى ئۈچۈق ۋە پۇتلىرىغا ئاياق كېيمەيدۇ. ئاياللار نورمال كىيىملىرى بىلەن ئىھرامغا كىرىدۇ. كېيىن: «ئاللاھىم، سىنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن ھەج قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن، ماڭا ئاسانلىق ئاتا قىلغىن ۋە ھەججىمنى قوبۇل قىلغىن. » دەپ ھەجگە نىيەت قىلىپ، تەلبىيە ئېيتىدۇ. ھارەم دەپ ئاتىلىدىغان چەكلەنگەن رايۇنغا كىرگەندىن كېيىن ئىھرامنىڭ چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىدۇ.

مەككىگە بارغاندا تۇنجى تاۋاپ (قۇدۇم تاۋىپى) ئۇچۇن دەرھال مەككىگە بارىدۇ. ھەجەرۇلئەسۋەدنى سالاملاپ، تاۋاپقا باشلايدۇ. تاۋاپ جەريانىدا ھەرخىل دۇئا قىلىدۇ. كەبىنىڭ ئەتراپىدا سولغا قاراپ يەتتە قېتىم ئايلىنىش شەكلى بىلەن تۇنجى تاۋاپ تاماملىنىدۇ. تاۋاپتىن كېيىن ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئالدىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. تۇنجى تاۋاپنى قىلغاندىن كېيىن تەكرار ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بىرىدۇ. كېيىن ساي قىلىش ئۇچۇن ساپا ئېگىزلىكىگە چىقىدۇ. كەبىنى كۆرگىلى بولىدىغان بۇ ئېگىزلىكنىڭ ئېگىز بىر يېرىگە چىقىپ، پايدىلىق دۇئا قىلىپ ساي باشلايدۇ. ساي ۋەزىپىسى يەتتە قېتىم ساپا بىلەن مەرۋە ئېگىزلىكى ئارىسىدا كېلىپ-كېتىپ مەرۋە ئېگىزلىكىدە تاماملىنىدۇ. ساي قىلغان ۋاقىتتا تاۋاپتىكىگە ئوخشاش ھەرخىل دۇئالار قىلىنىدۇ.

ھەجنىڭ پەرزلىرىدىن بىرسى بولغان ۋاقپە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۇچۇن ئارەپە كۇنى مەككىدىن ئاراپاتقا بارىدۇ. ئاراپاتقا بارغاندا خالىغان بىر يەردە بىر مۇددەت ساقلاپ ۋاقپە ۋەزىپىسىنى تاماملايدۇ. ۋاقپە قىلغان ۋاقىتتا يەنە دۇئا قىلىپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىدۇ. كېيىن شۇ كۇنى مۇزدەلىپىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۇنىنىڭ ئەتىگىنىدە مۇزدەلىپىدىكى ۋاقپە ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، كۇن چىقىشتىن بۇرۇن ساپاغا بارىدۇ. مىنادا شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن چاچنى ئالدۇرۇپ ئىھرامدىن چىقىدۇ. ئاياللار چېچىنىڭ ئۇچىدىن بىر ئاز كەسكەندىن كېيىن ئىھرامدىن چىقىدۇ. بۇنىڭدا بىر چەكلىمىدىن باشقا ئىھرام چەكلىمىلىرى تاماملىنىدۇ. كېيىن ھېيتنىڭ تۇنجى كۇنى ياكى2-، 3- كۇنلىرىنىڭ بىرسىدە مەككىگە بىرىپ، پەرز بولغان زىيارەت تاۋىپىنى قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەج ۋەزىپىسى تاماملانغان بولىدۇ.

ھەج ھىندى دىنلىرىدىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ھىندۇئىزمدە ھەج ئىبادىتى گۇناھلاردىن پاكلىنىپ، نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ئۇيغۇن يولى دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن ھىندى ھاجىلار مۇشەققەتلىك بىر زۇھد ۋە جاپالىق سەپەرگە چىقىپ ھەج ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. تەڭرى شىۋانىڭ مۇقەددەس شەھرى بولغان بەنارەسقا ھەجگە بارىدىغان ھىندىلار گانجى دەرياسىدا سۇغا چۇشۇپ، مۇقەددەس يەرلەرنىڭ ئەتراپىدا تاۋاپ قىلىدۇ. ئوخشاش ئۇسۇلدا بۇددىست ھاجىلارمۇ جاپالىق بىر سەپەرگە چىقىپ باشتا بۇدھى گايا دىن باشلاپ بۇددانىڭ ھاياتى ئۆتكەن يەرلەرنى زىيارەت قىلىدۇ.

مۇقەددەس يەرلەرنى زىيارەت شەكلىدىكى ھەج ئىبادىتى باشقا دىنلاردىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

### 3.3.1. ھەجنىڭ ئىجتىمائى رولى

ھەج بىر ئىبادەت بولۇش بىلەن بىرلىكتە ھەرخىل يەرلەرنى كۆرۈش، ھەرخىل ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ھەج ئىنساننى تەربىيلەيدىغان، سىياسى ۋە ئىجتىمائى مۇناسىۋەت قۇرۇشقا ئىمكان يارىتىپ بېرىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. بۇ سەۋەپتىن ھەج بارلىق دىنلاردا ئوخشاشلا سىياسى ۋە ئىجتىمائى رولىنى جارى قىلىدۇ.

دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىلار قەدىمقى دەۋرلەردە ھەج ۋاستىسى بىلەن قۇددۇستا بىر يەرگە جەم بولاتتى. قۇددۇستا قوبۇل قىلىنغان ئورتاق پىكىرلەر ھاجىلار تەرىپىدىن يەھۇدى دۇنياسىغا يەتكۈزۈلەتتى. بۇنىڭ بىلەن يەھۇدىلار ئەسىرلەردىن تارتىپ دىنىي ۋە مىللى كىملىكىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. كاتولىك چىركاۋى ۋە باشقا خرىستىئان چىركاۋلار ئىچىدە ھەجگە ئورۇن بەرمىگەنلىكىگە قارىماي، ھەجنىڭ بۇ ئالاھىدىلىگى سەۋەبىدىن ھەجنى تەشۋىق قىلغان ئىدى.

ئىسلامدا ھەجنىڭ ئىجتىمائى رولى نېمە؟

ئىسلامدا ھەجنىڭ ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇھىم رولى باردۇر. ھەممىدىن ئاۋۋال ھەج تىلى، ئىرقى، كىيىمى ۋە ئادىتى ھەرخىل بولغان مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يېقىنلىشىش پەيدا قىلىدۇ. ھەرخىل ئىرق ۋە مەزھەپكە مەنسۇپ مۇسۇلمانلار بىر-بىرلىرىنى يېقىندىن تونۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ.

بارلىق دىنلاردا ھەجنىڭ بىر قىسىم ئىجتىمائى رولى باردۇر. پەقەت ھەر قانداق بىر دىندىكى ھەج ئەنئەنىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن كەلگەن ھەرخىل ئىرق ۋە ھەرخىل ئىنسانلارنى ئوخشاش ۋاقىتتا، ئوخشاش ماكاندا توپلاپ، ئۇلار ئارىسىدا كۆڭۈل بىرلىكى قۇرۇش جەھەتتە ئىسلامدىكى ھەج ئەنئەنىسىگە ئوخشاش كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئەمەستۇر. ھەج بارلىق تەرەپلىرى بىلەن ئەڭ مۇكەممەل خوسۇسىيەتنى ئىسلامدا تاپقان.

## 1.4. سەدىقە

سەدىقە مۇھتاج ئەھۋالدىكى كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى ئويلاپ، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىنغان ياردەم، ئىئانە دېگەنلىك بولىدۇ. سەدىقە جەمىيەت ھەمكارلىقى ۋە ياردەملىشىشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك يوللىرىدىن بىرىسىدۇر. بۇ سەۋەپتىن سەدىقە دۇئا ۋە روزا تۇتۇش بىلەن بىرلىكتە بارلىق دىنلاردا ئىشەنگۈچىلەرگە قەتئىي تەۋسىيە قىلىنغان.

يەھۇدىلىكتە ھەر ئادەم كۈچى يېتىشىچە سەدىقە بېرىشكە مەسئۇلدۇر. چۈنكى تەۋراتتا «كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە ياخشى ئىشلارنى قىلغىن.» دېيىلگەن. بۇ ئەمىر باي ياكى كەمبەغەل

بولسۇن، ھەر تەبىقىدىكى شەخسلەر ئۇچۇن بۇيرۇلغان. ھەتتا ئۇزى ياردەمگە مۇھتاج بولغان ئىنسانلارمۇ سەدىقە بېرىشى كېرەك. بۇنىڭ ھېكمىتى سەدىقىنىڭ ئىنساننىڭ قەلبىنى يۇمشىتىپ، شەخسكە ئىنسانىي خىسلەتنى خاتىرلىتىشىدۇر.

سەدىقە تەۋراتتا ئەمىر قىلىنغان مۇھىم بۇيرۇقلاردىن بىرسى بولۇش سەۋەبى بىلەن بۇ ئەمىر تەۋراتتا سىستېمىلاشقان. ئۆتمۇشتە ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقان يەرلەردە بىر جامائەت ساندۇقى بار ئىدى. ھەر جۇمە كۈنى مۇھتاج كىشىلەر بۇ ساندۇقتىن يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك ئېھتىياجى ئۇچۇن پۇل ئالاتتى. بۇ پائالىيەت ھەرخىل شەكىللەردە كۈنىمىزدىمۇ داۋام قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھۆكۈمنىڭ مەقسىدى مۇھتاج ئەھۋالدىكى كىشىلەرنىڭ تىلەمچىلىك قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

خرىستىئانلىقتا سەدىقە كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيىدىغان سەممىي بىر تەۋبىدۇر. سەدىقە بەرگەن ئادەم ئۇزى، تەڭرىسى ۋە ئەتراپىدىكىلەر بىلەن تىنچلىقتا ئۆتىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن سەدىقە خرىستىئان ھاياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما سەدىقە باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۇچۇن بېرىلمەسلىكى كېرەك. ماتتا ئىنجىلىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

«سەدىقە بەرگەن ۋاقتىڭدا ئىككى يۈزلۈك ئادەملەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇش ئۇچۇن چېركاۋ ۋە كوچىلار ئالدىدا قىلغىنىدەك، كاناي چالدۇرما! توغرىسى سىلەرگە شۇنى دەيمەنكى، ئۇلار نەتىجىسىنى كۆردى. لېكىن سەدىقە بەرگەن ۋاقتىتا سول قولۇڭ ئوڭ قولۇڭنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلمىسۇن. سەدىقە مەخپىي بولسۇن. » ( ماتتا :16. 4-2 )

بولۇپمۇ كاتولىك خرىستىئانلىرىدا سەدىقە بېرىشنىڭ ئەڭ ئۇيغۇن ۋاقتى جۇمە كۈنىدۇر. چۈنكى ھەزرىتى ئىسا جۇمە كۈنى ۋاپات بولغان بولۇپ، بۇ كۈن تەۋبە قوبۇل بولىدىغان كۈندۇر. بۇ سەۋەپتىن خرىستىئانلار جۇمە كۈنى كۆپ سەدىقە بېرىپ تەۋبە قىلىشى كېرەك.

ئىسلام دىنىدا سەدىقە باشقا دىنلاردىكىگە ئوخشاش مۇھىمدۇر. ئىسلام چۈشەنچىسىدە ئىنسانلارنىڭ قولىدىكى ماللارنىڭ ھەقىقى ئىگىسى ئاللاھتۇر. بۇ سەۋەپتىن كىشى قولىدا بولغان ماللاردىن ئاللاھ رىزاسى ئۇچۇن سەدىقە بېرىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشى كېرەك.

قۇرئانى-كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە سەدىقە تەشۋىق قىلىنغان. سەدىقە بەرگۈچىلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقى ۋە بۈيۈك نېمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلاندۇرۇلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. (ئەھزاپ سۈرىسى 35- ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ھەر مۇسۇلمان ئۇچۇن سەدىقە بېرىش بىر ۋەزىپىدۇر» (بۇخارى، سەھىھ، زاكات، 30) دېگەن. ئۇنىڭ پىكرىچە بىر ئادەم بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۇچۇن ئىشلەپ پۇل تېپىپ، سەدىقە بېرىشى كېرەك. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا پايدىلىق بولغان بولىدۇ.

قۇرئانى-كەرىم ۋە ھەدىسلەردە مۇسۇلمانلار بىر تەرەپتىن سەدىقە بېرىشكە، بىر تەرەپتىن باشقىلارغا مەرتلىك بىلەن ياردەم قىلىشقا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئۆز كۈچى بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە چاقىرىلغان.

سەدىقىدىن ھاسىل بولىدىغان ساۋاپقا ئېرىشىش ئۈچۈن، سەدىقە سەدىقىگە جاۋاپ قايتۇرۇلۇشنى ساقلىماي، رىيا قىلماي بېرىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ سەدىقە ئالغان ئادەم مىننەت ئاستىدا قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى مۇنداق قىلىش بېرىلگەن سەدىقىنى بىكارغا چىقىرىدۇ. ئاللاھ قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **«ئى مۇئمىنلەر، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، مېلىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن خەجلىگەن كىشىگە ئوخشاش، بېشىغا قېقىش ۋە دىل ئازار قىلىش بىلەن سەدىقىلىرىڭلارنى بىكار قىلماڭلار»** (بەقەرە سۈرىسى 264-ئايەت)

## 1.5. قۇربانلىق قىلىش

قۇربان ئىبادىتىنىڭ تارىخى دىنىنىڭ تارىخىغا ئوخشاش ئۇزۇندۇر. ئۆتمۈشتە ئىنسانلار ئېتىقاد قىلىدىغان مۇقەددەس مەۋجۇداتلارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ھەرخىل قۇربانلار تەقدىم قىلغان. قۇربانلىق قىلىش شەكىللىرى خەلقنىڭ ئەقىدىسىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. بەزى دىنلاردا ھايۋانلارنىڭ يېنىدا ئاشلىق بىلەن زىرائەت ياكى مال قۇربانلىققا ئاتالغان. بەزى قەدىمىي مىللەتلەردە ئىنسانلار قۇربانلىق قىلىنغان. بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىگى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقلەردە ئىنساننى قۇربانلىق قىلىش ئادىتى كەڭ تارقالغان. بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا ئوتتۇرا ۋە شىمالى ئامېرىكا، ئافرىقىنىڭ بەزى يەرلىرى، مىسسوپوتامىيە ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئىنسانلارنىڭ قۇربانلىق قىلىنغانلىقىغا ئائىت يىپ ئۇچى تېپىلغان.

قۇربانلىق كونىمىزدە دىنلارنىڭ كۆپ قىسمىدا كەڭ تارقالغان بىر ئىبادەتتۇر. قۇددۇستىكى مابەتنىڭ يىقىلىشىدىن ئىلگىرى، يەھۇدىلىكتە قۇربانلىق ئىبادەتنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ ئىبادەت ھايۋاننى كۆيدۈرۈپ قۇربانلىق قىلىش ۋە ھەرخىل نەرسىلەردىن تەقدىم قىلىنغان قۇربانلىق دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان. ھايۋاننى كۆيدۈرۈپ قۇربانلىق قىلىش، مابەتنىڭ تاش سۇپىسىدا قۇربانلىق قىلىندىغان ھايۋاننى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق قىلىنغان. تەۋراتتا ئىپادە قىلىنىشچە، قۇربانلىق گۆشتىن چىققان ئىسسىق ھورلاردىن تەڭرى ياھوۋا خۇرسەن بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا داۋاملىق ھايۋان كۆيدۈرۈش قۇربانى تەقدىم قىلىنغان. مابەت مىلادىدىن كېيىنكى 70-يىلىدا رىملىقلار تەرىپىدىن چېقىپ تاشلانغاندىن

كېيىن قۇربانلىق ئىشلىرى توختىتىلغان. كۈنىمىزدە يەھۇدىلار گۇناھلىرىدىن پاكلىنىش ئۈچۈن خوراز ياكى توخۇ قۇربانلىق قىلىدۇ ۋە بۇ قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ.

خرىستىئانلىقتىكى قۇربانلىق چۈشەنچىسى قەدىمقى خەلقلەردىكى ئىنساننى قۇربانلىق قىلىشقا ئوخشايدۇ. خرىستىئانلىقتا ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن ھەزرىتى ئىسا قۇربانلىق قىلىنغان. بۇ سەۋەپتىن خرىستىئانلارنىڭ قۇربانلىق قىلىشىغا كېرەك قالمىغان. بازار كۈنلىرى ۋە تىرىلىش كۈنى بايرىمىدا ئۆتكۈزىلىدىغان نان-شاراپ مۇراسىمى قۇربانلىققا ھېساپ بولىدۇ. خرىستىئانلار بۇ مۇراسىمدا ھەر قېتىم ھەزرىتى ئىسانى تەڭرىگە قۇربانلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەڭرىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن بولۇپ، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلدۇرىدۇ.

ھىندۇئىزمدا قۇربانلىق ئىبادەتنىڭ ئۆزىدۇر. قۇربان تەقدىم قىلىش، ھىندىئىزىمدە كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر پارچىسىدۇر. چۈنكى قۇربانلىق ئىنساننىڭ تەڭرى بىلەن ياخشى ئۆتۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ھىندى ئەقىدىسىدە، ئىنسانلار قۇربانلىق قىلمىغان ۋاقىتلىرىدا تەڭرىلەر يامغۇر ياغدۇرمايدۇ، ئېتىزلىقتا بىر نەرسە ئۈنمەيدۇ. ئەگەر ئىنسانلار ئۇزۇن ۋاقىت قۇربانلىق قىلىشنى توختاتسا، ئۇ ۋاقىتتا تەڭرىلەر ئۆلۈپ كېتىدۇ. چۈنكى قۇربان ئۆلارنىڭ ھايات مەنبەسىدۇر. ئوتتا كۆيدۈرلۈپ تەقدىم قىلىنغان قۇربانلاردىن چىققان ئىسسىق ھورلار ئۆلارنىڭ كۈچىنى يېڭىلاپ كۈپەيتىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ھىندىلار تەڭرىلارغا قۇربانلىق تەقدىم قىلىپ، ئۆلارنى ئۆزلىرىگە قاراتقانلىقىغا (بېقىندى قىلغانلىقىغا) ئىشىنىدۇ.

ھىندى دىنلىرىدىن بۇددىزمدىمۇ بۇددىستلار بۇددانىڭ ھەيكەللىرىگە گۈل، ئىسرىقدان قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن راھىپلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىدىغان يېمەك-ئىچمەكلەرنى سۇنۇپ، بۇددانىڭ ئۆزىنى نىرۋاناغا يەتكۈزۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىسلامنىڭ قۇربانلىق چۈشەنچىسى بىلەن باشقا دىنلارنى سېلىشتۇرۇش.

ئىسلامدا قۇربانلىقنىڭ مەلۇم ئۇسۇلى، شەرتى، ۋاقتى، مەقسىدى باردۇر. ئىسلامدا قۇربانلىق مەلۇم خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان بىر ھايۋاننى ئىبادەت مەقسىدى بىلەن مەلۇم بىر ۋاقىتتا بوغۇزلاش دېگەنلىك بولىدۇ. قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى قۇربان ھېيتنىڭ ئالدىنقى ئۈچ كۈنى ئىچىدە بولىدۇ .

قۇربانلىق جانابى ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە بەندىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان رەھمەت قەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. بەلگىلەنگەن ئۆلچەملەرگە ئاساسەن باي دەپ قارالغان مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربانلىق قىلىشى بىر دىنىي ۋەزىپىدۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قۇربانلىق ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجگە ئوخشاش مەجبۇرى ئىبادەتلەر ئەمەس.

ئىسلامدا قۇربانلىق قىلىدىغان كىشىلەر ئەقلى-ھۇشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن، ئەركىن، مۇقىم (سەپەردە بولمىغان) ۋە قۇربانلىق قىلالايدىغان دەرىجىدە باي بۇلغان بولىشى كېرەك.

ئىسلامدا قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋانلاردا بەزى شەرتلەر تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ شەرتلەر: قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋان تۆگە، كالا، ئۆچكە، قوي قاتارلىقلاردىن بولىشى كېرەك. توخۇ ۋە خورازغا ئوخشاش كاتەك ھايۋانلىرى بولسا بولمايدۇ. تۆگە ئەڭ ئاز بەش ياش، مۇزاي ئىككى ياش، قوي ۋە ئۆچكە بولسا بىر ياشتقا توشقان كېرەك. يەنە بۇ ھايۋانلار ساغلام بولىشى لازىم. قوي ۋە ئۆچكىنى پەقەت بىر ئائىلە، مۇزاي ۋە تۆگىنى ئالتە ياكى يەتتە ئائىلە ئورتاقلىشىپ قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ.

ئىسلام دىنىدا قۇربانلىق ماددىي ياكى مەنىۋى ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنىڭ مىلىغا ئېھتىياجى يوقتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **«ئەلۋەتتە قۇربانلىقنىڭ گۆشى، قېنى ئاللاھقا يېتىپ بارمايدۇ. سىلەردىن ئۇنىڭغا يېتىپ بارىدىغىنى پەقەت سىلەردىكى تەقۋالىقتۇر.»** (ھەج سۈرىسى 37-ئايەت) بۇ ئايەتتە ئىپادە قىلىنغىنىغا ئوخشاش قۇربانلىق قىلغان ئادەمنىڭ پەقەت ئىبادىتىلا ئاللاھقا يېتىپ بارىدۇ.

## 1.6. مۇقەددەس كۈن، كېچە ۋە بايراملار

دىنلاردا كۈندىلىك ۋە ھەپتىلىك ئىبادەتلەر بىلەن بىرگە يىللىق ئىبادەتلەرمۇ باردۇر. يىللىق ئىبادەتلەر مۇقەددەس كۈن، كېچە ۋە بايراملاردا قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ۋاقتى بەزى دىنلاردا قەمەرىيە كالىندارىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. شۇڭا يىلنىڭ مەلۇم بىر ئېيىدا مۇقىم تۇرماي، يىلنىڭ پۈتۈن پەسىللىرىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ.

ئىسلامدىكى مۇقەددەس كۈن، كېچە، ھېيت بايراملار بۇنىڭ ئۇچۇق مىسالىدۇر. بەزى دىنلاردا بۇلارنىڭ ۋاقتى ھەم قەمەرىيە ھەم شەمسىيە كالىندارىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. بۇ دىنلاردىكى مۇقەددەس كۈن، كېچە، بايراملار ھەر يىلى ئوخشاش بىر كۈندە كەلمىسىمۇ، مەلۇم بىر پەسىلنىڭ سىرتىغا چىقالمايدۇ. مەسىلەن: يەھۇدىلىكتە ئەھۋال مۇشۇنداقتۇر. بىر قىسىم دىنلاردا بەزى بايراملار قەمەرىيە كالىندارىغا، بەزىلىرى شەمسىيە كالىندارىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ.

مۇقەددەس كۈن، كېچە، بايراملار دىن ئىجاد قىلغۇچىلارنىڭ ياكى دىنىي جەھەتتىن مۇقەددەس دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ مۇھىم قىسىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. دىنلاردا بۇ كىشىلەرنىڭ تۇغۇلىشى، ئۆلۈمى ۋە ھاياتلىرىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىنى تەشكىل قىلىدىغان ۋەقەلەر مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن. ھەر يىلى بۇ ۋەقەلەر يىل خاتىرىسىدە

www.islamyoli.net

مەخسۇس ئىبادەت ۋە دىنىي مۇراسىملار بىلەن تەبرىكلىنىدۇ. ئىنسانلار يىل خاتىرىسىنى تەبرىكلىگەندە بۇ ۋەقەلەرنى مەنىۋى شەكىلدە ياشاپ روھى لەززەت ئالىدۇ.

### 1.6.1. مۇقەددەس كۈن ۋە كېچىلەر

مۇقەددەس كۈن ۋە كېچىلەر كۆپ ھاللاردا پەيغەمبەرلەر، دىن ئىجاد قىلغۇچىلار ۋە دىنىي جەھەتتىن مۇقەددەس ھېساپلانغان كىشىلەرنىڭ ھاياتلىرىنىڭ مۇھىم ۋەقەلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بېكىتىلگەن ۋاقىتلاردۇر. ئىنسانلار بۇ كۈن ۋە كېچىدە ھەرخىل ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلاردا بارائەت كېچىلىرى تەۋبە ۋە ئەپۇ قىلىنىش كۈنى دەپ قوبۇل قىلىنغان بولسا، يەھۇدىلىكتە روش ھاشانا ۋە يوم كىپور كۈنلىرى دەپ قوبۇل قىلىنغان. روش ھاشانا ۋە يوم كىپور كۈنلىرى يەھۇدىلىكتە ئەڭ مۇقەددەس كۈنلەر ھېساپلىنىدۇ.

روش ھاشانا يەھۇدى كالىندارىدا ئىيۇل، ئاۋغۇست ئېيىغا توغرا كېلىدىغان بىر ۋاقىتتا ئىككى كۈن تەبرىكلىنىدۇ. يەھۇدى ئەقىدىسىدە روش ھاشانا كائىناتنىڭ ۋە ئىنساننىڭ تەقدىرىنى يېڭىدىن بەلگىلەشنى ئىپادە قىلىدۇ. يەھۇدىلار بۇ ئىككى كۈننى ئىبادەت ۋە تەۋبە بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. يوم كىپور روشا ھاشانىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ داۋام قىلىدىغان ئون كۈنلۈك تەۋبە ۋاقتىنىڭ ئاخىرىدىكى كەففارەت كۈنىدۇر. يەھۇدى ئەقىدىسىدە، ئىنساننىڭ روش ھاشانادا پىلان قىلىنغان بىر يىللىق تەقدىرى يوم كىپوردا ئاخىرقى شەكلىنى ئېلىپ مۆھۈرلىنىدۇ. بۇ سەۋەپتىن يوم كىپور يەھۇدىلىكتە كۆپ ئەھمىيەتلىك بىر كۈندۇر. ئۇ كۈندە يەھۇدىلار ھېچقانداق ئىش قىلمايدۇ. پەقەتلا ئىبادەت ۋە تەۋبە بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

خرىستىئانلىقتا مۇقەددەس كۈن ۋە كېچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھەزرىتى ئىسا بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. خرىستىئانلار ھەزرىتى ئىسانىڭ ھاياتىنىڭ مۇھىم قىسىملىرىنى ھەرخىل ئىبادەتلەر بىلەن خاتىرلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مەريەم ۋە ئۇلۇغلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇقەددەس كۈن ۋە كېچىلەرمۇ بار. ھىندى دىنلىرىدىن بۇددىزمدىمۇ بۇددانىڭ توغۇلۇشى، ھەقىقەتنى تېپىشى ۋە نىرۋاناغا يېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇقەددەس كۈنلەر باردۇر. بۇددىستلار بۇ كۈنلەردە بۇدداغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ ھەيكىلىگە ھەدىيە تەقدىم قىلىدۇ.

### 1.6.2. بايرام ( ھېيت)لار

بايراملار ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىنسانلار ھاياتىدىكى مۇھىم ئىجابى ۋەقەلەرنى خۇشاللىنارلىق ۋەقە دەپ قارايدۇ. كۆپ قىسىم بايراملار خەلق تەرىپىدىن

كوللىكتىپ شەكىلدە تەبرىكلىنىدۇ. دىنىي بايراملارنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئورنى تېخىمۇ ئۆزگىچە. دىنىي جامائەتلەر دىنلىرىدىكى مۇھىم ھەقىقەتلەرنى ياكى ۋەقەلەرنى بىۋاستە ياشاش ئۈچۈن بايرام قىلىدۇ. بۇ بايراملاردا ئۆزلىرىنى باشقا ۋاقىتلارغا قارىغاندا دىنلىرىغا تېخىمۇ مەھكەم باغلانغاندەك ھىس قىلىدۇ.

ئىسلامدا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق تەبرىكلەيدىغان ئىككى بايرىمى (ھېيتى) باردۇر. بۇلار رامىزان ۋە قۇربان ھېيتلىرىدۇر. رامىزان ئېيىدا روزا تۇتقان مۇسۇلمانلار بۇ ئىبادەتنى تاماملىغانلىقىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن ھېيت قىلىدۇ. جامائەت بىلەن ھېيت نامىزى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆز-ئارا ھېيتلىشىدۇ.

روزا ھېيتتىن تەخمىنەن ئىككى ئاي ئون كۈن ئۆتكەندە قۇربان ھېيت تەبرىكلىنىدۇ. قۇربان ھېيت تۆت كۈن داۋام قىلىدۇ. ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتتىگەندە جامائەت بىلەن ھېيت نامىزى ئوقۇلىدۇ. نامازدىن كېيىن ھېيتلىشىلىدۇ. كېيىن قۇربانلىق قىلالايدىغان كىشىلەر ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتى بىلەن قۇربانلىق قىلىدۇ. قۇربانلىق گۆشىنىڭ بىر قىسمىنى يوقسۇللارغا تارقىتىپ بېرىدۇ.

ئىسلامدا ھېيتلار جەمئىيەتتىكى ھەمكارلىق ۋە ئورتاقلىقنىڭ بىر سەۋەبىدۇر. مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ قالغانلار ھېيتتا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلايدۇ. مۇھتاج بولغانلارنىڭ ئېھتىياجى ھەل قىلىنىدۇ. ھەممە كىشى خۇشال بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ھېيتنىڭ مۇسۇلمان خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا بۈيۈك ئەھمىيىتى بار.

يەھۇدىلىكتە مۇقەددەس كىتاپ تەۋراتتا ئەمىر قىلىنغان ئۈچ بايرام باردۇر. بۇلار فىسىخ، سوككوت ۋە شاۋۇئوت بايراملىرىدۇر.

فىسىخ: يەھۇدىلارنىڭ مىسىردىن چىققانلىقىنى خاتىرلەپ تەبرىكلەيدىغان بىر بايرامدۇر. مارت ۋە ئاپرىل ئايلىرى ئارىسىدا سەككىز كۈن داۋاملىشىدۇ. بۇ بايرامنىڭ ئالاھىدىلىگى بايرام جەريانىدا بولدۇرغان (ئېچىتقان) خېمىرلىق تاماق يېمەيدۇ.

شاۋۇئوت: تەۋراتنىڭ تەگرى تەرىپىدىن يەھۇدىلارغا بېرىلگەنلىكىنى خاتىرلەپ تەبرىكلىنىدىغان بايرامدۇر. ھەپتىلىك بايرام دەپمۇ ئاتىلىدىغان شاۋۇئوت ئىيۇن، ئىيۇل ئايلىرىدا تەبرىكلىنىدۇ. سوككوت: يەھۇدىلار مىسىردىن چىققاندىن كېيىن 40 يىل چۆلدە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى خاتىرلەپ تەبرىكلىنىدىغان بايرامدۇر. بۇ بايرام سەككىز كۈندۇر. بۇ بايرام ئويۇن-تاماشىا كۆپ بولىدىغان بايرامدۇر. يەھۇدىلار سوككوت بايرىمىدا ئۆيلىرىنىڭ باغچىسىغا بىر چېدىر تىكىپ ئۇنى ياغاچ تاللىرى بىلەن زىننەتلەپ، مىللى ئويۇنلار ئوينايدۇ.

فىسىخ، شاۋۇئوت ۋە سوككوت يەھۇدىلىكتە يەنە ھەج بايرىمىدۇر. دىنىي ھۆكۈملەرگە ئاساسەن يەھۇدىلار ھەر يىلى بۇ بايراملاردا قۇددۇسقا ھەجگە بېرىشقا مەجبۇردۇر. سۇلايمان

www.islamyoli.net

مابەدى يىقىلغانلىقى ئۈچۈن كۈنىمىزدە ھەج ئىبادىتى سىمۋوللۇق شەكىلدە قىلىنىدۇ. يەھۇدىلىكتە بۇ ئۈچ بايرامدىن باشقا بايراملارمۇ باردۇر.

خرىستىيالىقتا ھەزرىتى ئىسانىڭ تۇغۇلىشى، ئۆلۈمى. تىرىلىشى، ئاسمانغا ئۆرلىشى قاتارلىق ۋەقەلەرنى خاتىرلەش ئۈچۈن ئىككى مۇھىم بايرام بار. بۇلار: روژدېستۋو ۋە تىرىلىش كۈنى بايرىمىدۇر.

روژدېستۋو: تەڭرىنىڭ ئوغلى دەپ قوبۇل قىلىنغان ھەزرىتى ئىسانىڭ دۇنياغا كېلىشىنى خاتىرلەش ئۈچۈن تەبرىكلىنىدۇ. بۇ بايرامنىڭ ۋاقتى ھەققىدە خرىستىئانلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. كاتولىك ۋە پروتەستانلار روژدېستۋونى 25-دېكابىردا، ئورتودوكسلار بولسا 6-يانۋاردا تەبرىكلەيدۇ.

روژدېستۋودا خرىستىئانلار مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ. ئۆيمۇ-ئۆي بېرىپ ھۆكمەت (دىنىي ناخشىلار) ئوقۇپ ئۆز-ئارا ھەدىيە بېرىشىدۇ. يەنە بۇ بايرامدا دوختۇرخانا ۋە يېتىم باللار زىيارەت قىلىنىدۇ. روژدېستۋو دەرىخى ۋە روژدېستۋو بوۋاي روژدېستۋو تەبرىكلەشلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر. روژدېستۋودا خرىستىئانلار ئۆيلىرىنى روژدېستۋو دەرىخى بىلەن زىننەتلەيدۇ.

تىرىلىش كۈنى: ھەزرىتى ئىسانىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشىنى خاتىرلەپ تەبرىكلىنىدىغان بىر بايرامدۇر. بۇ بايرامدىن ئىلگىرى 40 كۈنلۈك بىر تەۋبە ۋە پەرھىز ۋاقتى باردۇر. بۇ 40 كۈنلۈك ۋاقىتنىڭ ئاخىرقى جۈمە كۈنى ھەزرىتى ئىسانىڭ كرېستقا مىخلانغانلىق كۈنى دەپ خاتىرلىنىدۇ. بۇ كۈننى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. جۈمەدىن ئىككى كۈن كېيىنكى دۈشەنبە كۈنى تىرىلىش كۈنى بايرىمى يەنى ھەزرىتى ئىسانىڭ تىرىلىش كۈنى دەپ تەبرىكلىنىدۇ. باھاردا تەبرىكلىنىدىغان تىرىلىش كۈنى بايرىمىنىڭ تارىخى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئېنىق ۋاقتى چېركاۋ مەسئۇللىرى تەرىپىدىن ھەر يىلى يېڭىدىن بېكىتىلىدۇ.

ھىندۇئىزمدا تەبرىكلىنىدىغان كۆپلىگەن بايراملار بار. بۇلارنىڭ تەبرىكلىنىش شەكلى ۋە ۋاقتى ماكاندىن ماكانغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. بۇددىزمدا بارلىق بۇددىستلار كەڭ-كۆلەمدە تەبرىكلەيدىغان ۋەساك بايرىمى باردۇر. ۋەساك بايرىمى بۇددانىڭ تۇغۇلىشى، ھەقىقەتكە ئېرىششى ۋە نىرۋاناغا يېتىپ بارغانلىقىنى خاتىرلەپ، ماي ئېيىنىڭ تولۇنئاي كۈنىدە تەبرىكلىنىدۇ. بۇ بايرامدا ئەر- ئايال بارلىق بۇددىستلار بۇتخانىلاردا ۋە مۇقەددەس يەرلەردە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىبادەت قىلىدۇ. يەنە يول، مابەت ۋە ئۆيلەرنى زىننەتلەيدۇ.

### 2. دىنلاردا ئىبادەت يەرلىرى

ئىبادەت دېگەن ۋاقىتمىزدا بىر يەرگە جەم بولۇپ قىلىنىدىغان ئىبادەت يەرلىرى ئەقلىمىزگە كېلىدۇ. ھەممە دىنلاردا بىر يەردە ئىبادەت قىلىش ئېھتىياجى سەۋەبىدىن ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئىبادەت يەرلىرى بىنا قىلىنغان. بۇ ئىبادەت يەرلىرى دىنلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە مەدەنىي ئادەتلىرىگە قاراپ شەكىل ئالغان. ئىبادەت يەرلىرىگە ئىبادەت قىلىنىدىغان يەر دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدىغان مابەت دېگەن ئىسىم قويۇلغان.

قۇرئانى-كەرىمدە يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئىبادەت يېرى مەككىدىكى كەبەدۇر. ئىسلامنىڭ قەلبى بولغان كەبە مۇسۇلمانلارنىڭمۇ تۇنجى ئىبادەت يېرىدۇر. ئىسلام مەككىنىڭ سىرتىغا يېيىلغان ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان يەرلىرگە ئىبادەت يەرلىرى بىنا قىلغان. بۇ ئىبادەت يەرلىرگە سەجدە قىلىنىدىغان يەر مەناسىدىكى مەسجىد ئىسمى بېرىلگەن. مەسجىدلەرنىڭ چوڭى جامى دېيىلگەن. كۈنىمىزدە ھەر ئىككىلىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت يەرلىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ قوللىنىلماقتا.

مەسجىد ۋە جامەلەرنىڭ مەلۇم روللىرىغا قاراپ ئىسىملەندۈرۈلگەن بەزى يەرلىرى باردۇر. بۇلار مېھراپ، مۇنبەر ۋە تەبلىغ ئورنىدۇر. ناماز ئوقۇغان ۋاقىتتا ئىمامنىڭ تۇرىدىغان يېرى مېھراپ، خۇتبە ئوقۇلىدىغان يەر مۇنبەر، تەبلىغ قىلىدىغان يەر تەبلىغ ئورنى دېيىلىدۇ. بەزى جامەلەردە مۇئەززىن يېرى، جامائەتكە ۋاقىتدا يېتىشەلمىگەنلەرگە ئاخىرقى جامائەت ئورنى، سۇلتانلار سالغان جامەلەرگە سۇلتانلارنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن ئايرىلغان ھۇنكار (پادىشاھ) ئورنى سېلىنغان. ئەزان مۇنارلىرى بىلەن تاھارەت ئالىدىغان فونتانلىق كۆل (شادىرۋان) جامەلەرنى تاماملىغان يەرلەردۇر.

مەسچىت ۋە جامەلەر ئالالاھقا ئىبادەت قىلىدىغان يەرلەر بولغانلىقى ئۈچۈن مۇقەددەستۇر. بۇ يەرلەردە رەسىم ۋە ھەيكەل يوقتۇر. چۈنكى ئىسلام مەدەنىيىتىدە رەسىم ۋە ھەيكەللەر مەۋجۇت بولغان يەرلەردە ئىبادەت قىلىش ياخشى ئەمەستۇر.

يەھۇدىلىكتە ئىبادەت يېرى مابەت مەركەزلىرىدۇر. بۇ مابەت بولسا تۇنجى قېتىم پادىشاھ سۇلايمان (ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام) تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان قۇددۇستىكى سۇلايمان مابەدى (بەت ھامىكداش) دۇر. مىلادى 70-يىلىدا بۇ مابەت تامامەن يىقىلغانلىقى ئۈچۈن تەۋراتتا ئەمىر قىلىنغان ئىبادەتلەرنىڭ بىر قىسمى توختىتىپ قويۇلغان. كۈنىمىزدە كۈندىلىك ئىبادەتلەر مابەدنى تەمسىل قىلىدىغان سىناگوگ دەپ ئاتىلىدىغان ئىبادەت يەرلىرىدە ياكى ھەرقانداق بىر يەردە قىلىنماقتا.

سىناگوگ يەھۇدىلىكتە كوللىكتىپ ئىبادەت قىلىنىدىغان يەردۇر. كوللىكتىپ ئىبادەت قىلىش بالاغەتكە يەتكەن (ئەڭ كىچىگى 13 ياش) ئەڭ ئاز ئون كىشى بىلەن قىلىنىدۇ. ئىبادەتكە ھاھام ياكى جامائەتتىن بىرسى رەھبەرلىك قىلىدۇ. سىناگوگلارنىڭ مەلۇم بىر

بىناكارلىق ئالاھىدىلىكى يوقتۇر. رايونلارغا ئاساسەن شەكلى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. لېكىن بارلىق سىناگوگلاردا ئۈچ نەرسە مۇتلەق باردۇر: بۇلار ئارۇن-ھاكۇدەش (مۇقەددەس ئىشكاپ)، نەر-ھاتامىد (داۋاملىق يېنىپ تۇرىدىغان لامپا) ۋە تەۋادۇر. ئارۇن- -ھاكۇدەش ئىچىدە قول يازما تەۋرات تومارلىرى بولغان بىر ئىشكاپتۇر. بۇ بىر جەھەتتىن سىناگوگىدىكى مېھراپنى ئىپادىلەيدۇ. نەر-ھاتامىد بولسا يېنىپ تۇرىدىغان بىر لامپىدۇر. تەۋا بولسا ئارۇن-ھاكۇدەشنىڭ ئۇدۇلىدا يەر ئالغان بىر يەردۇر. ئىبادەت جەريانىدا ئارۇن-ھاكۇدەشتىن چىقىرىلغان تەۋرات تۇمارى ھاھام تەرىپىدىن بۇ يەردە ئوقۇلىدۇ.

سىناگوگلارنىڭ جاملەرغا ئوخشاش بىر مۇقەددەسلىكى باردۇر. سىناگوگلارغا رەسىم ۋە ھەيكەل قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەر بار يەردە ئىبادەت قىلىش چەكلەنگەن. سىناگوگقا ئۇيغۇن كىيىم كىيىپ ۋە باشنى يۆگەپ كىرىلىدۇ. بېشى ئۈچۈق كىرىش تەڭرىگە ھۆرمەتسىزلىك ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەھۇدى ئەرلەر «كىپا» دەپ ئاتىلىدىغان دوپپىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە كىيىۋالىدۇ. ئاياللارمۇ باشلىرىنى يۆگەيدۇ.

خرىستىئانلىقنىڭ باشلانغۇچىدا بىر ئىبادەت يېرى يوق ئىدى. زۇلۇم سەۋەبى بىلەن تۇنجى خرىستىئانلار ئىبادەتلىرىنى مەخپى يەرلەردە قىلاتتى. 4-ئەسىردە خرىستىئانلىق رىملىقلار تەرىپىدىن ئەركىن قۇيۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئىبادەت يەرلىرى بىنا قىلىنىشقا باشلىدى. ئىبادەت يەرلىرىنىڭ بۈيۈك ۋە كۆركەم بولغانلىرى كاتەدرال، كىچىك ۋە ئاددى بولغانلىرى چىركاۋ دېيىلىدۇ.

چىركاۋ ۋە كاتەدرالنىڭ كۆپلىگەن ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار. بۇ ئىبادەت يەرلىرىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى شەرق تەرەپتە بولىدۇ. دەرۋازىنىڭ دەل ئۇدۇلىدا ۋاپتىز (سۇغا چۆمۈلدۈرۈش)، گۇناھ ئېتراپى ۋە نىكاھ مۇراسىملىرى قىلىنىدىغان مېھراپ باردۇر. راھىپ سۆز قىلىدىغان تەبلىغ ئورنىمۇ بۇ يەردىدۇر. مېھراپ ۋە تاملار ھەزرىتى ئىسا ۋە ئۇلۇغلارنىڭ رەسىم ۋە ھەيكەللىرى بىلەن بىزەلگەن. كاتولىك مەزھىبىگە ئائىت چىركاۋلارنىڭ كىرىش تەرىپىدە مۇقەددەس سۇ توشقۇزۇلغان بىر قاچا بولىدۇ. يەنە مېھراپنىڭ ئىكى تەرىپىدە مۇزىكا ئەترىتى ئۈچۈن ئايرىلغان يەرلەر باردۇر. خرىستىئان ئىبادەت يەرلىرىدە ئاياللار، ئەرلەر ۋە باللار بىرلىكتە ئولتۇرىدۇ. ئىبادەت يەرلىرىدە بېشنى يۆگەش مەجبۇرىيىتى يوق.

ھىندۇئىزمدا جامائەت بىلەن ئىبادەت قىلىش ئەنئەنىسى بولمىسىمۇ، ئەمما ئىبادەت يەرلىرىنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار. مابەتلەرنىڭ سېلىنىدىغان يېرى يۇلتۇزلارنىڭ ئەھۋالى ۋە مانترا دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددەس نوملارغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. بېكىتىش ئىشىنى براھمان دەپ ئاتىلىدىغان راھىپلار قىلىدۇ. راھىپ دۇنيانى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنىلىدىغان مۇقەددەس يىلاننىڭ بېشىغا تەڭ كەلگۈدەك تۇنجى قوزۇقنى يەرگە قاقىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مابەتنىڭ سېلىنىشى تاماملىنىدۇ.

www.islamyoli.net

شەھەر بۇتخانىلىرى كۆپلىگەن ھوجرا، ھويلا، تۆۋرۈكلۈك زال، يۇيۇنۇش كۆلچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى بۇتخانىلاردا ماناستىر، مەكتەپ ھەتتا دۇختۇرخانىلارمۇ بار. بۇ جەھەتتىن شەھەر مابەتلىرى كۆللىيەگە (ھەممە نەرسە تەل بولغان يەرگە) ئوخشايدۇ.

بۇددىزمدا ئىبادەت يەرلىرى بۇت ئۆيى مەنسىنى ئىپادىلەپ پاگودا دېيىلىدۇ. پاگودالاردا بۇددانىڭ ھەيكەللىرى باردۇر.

6. بۆلۈم. دىنلاردا ئەخلاق ئاساسلىرى

1. توغرىلىق

توغرىلىق بىر كىشىنىڭ سۆز، چۈشەنچە ۋە ھەرىكەتلىرىدە توغرا ۋە دۇرۇس بولىشى دېگەنلىكتۇر. باشقا بىر ئىپادە بىلەن ئېيتقاندا، توغرىلىق شەخسىنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزىنىڭ ئوخشاش بولغانلىقىدۇر. توغرىلىققا بارلىق دىنلاردا ئەھمىيەت بېرىلگەن. مەسىلەن يەھۇدىلىكتە: «باشقىسىنىڭ مېلىنى ئوغرىلاش، ھىلە قىلىش، يالغان ئېيتىش ۋە يالغان يەرگە قەسەم قىلىش قاتارلىق توغرا بولۇشقا توسالغۇ بولىدىغان بارلىق ناچار قىلمىشلار چەكلەنگەن.» يەھۇدىلىكنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى تەۋراتتا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئوغرىلىق قىلماڭلار، ھىيلىگەرلىك قىلماڭلار ۋە سەۋەپسىز يالغان ئېيتماڭلار، مېنىڭ ئىسمىم بىلەن يالغان يەرگە قەسەم قىلماڭلار.» (لەۋىللەر 19: 12-11)

ئىنجىلدا ھەزرىتى ئىسا توغرىلىق ھەققىدە ئىنسانلارغا داۋاملىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ: «ئەڭ كىچىك ئىشلاردا توغرا بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغانلار بۈيۈك ئىشلاردىمۇ توغرا بولالايدۇ. كىچىك ئىشلاردىمۇ توغرا بولالمىغانلار، ھەرقانداق بىر ۋاقىتتا توغرا بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ» دېگەن. (لوكا 16 : 10)

ھىندۇئىزمدا توغرىلىق كىشىنىڭ قارماسىغا (ئەمەللىرىگە) تەسىر قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئەخلاقى پرىنسىپلاردىن بىرسىدۇر. توغرىلىق كىشىنىڭ قارماسىنى تۈزىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەم قايتا-قايتا دۇنياغا كېلىش ئازاۋىدىن قۇتۇلغان بولىدۇ. كۇنىمىزدە دۇنيانىڭ بۈيۈك دىنلىرىدىن بىرسى بولغان بۇددىزمدا توغرىلىق ئاساسى پرىنسىپ قىلىنىدۇ. بۇددىزمدا دۇنيانىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ نىرۋاناغا يېتىپ بېرىشنىڭ يولى توغرىلىقتىن ئۆتىدۇ. ئىنسانلار نىرۋاناغا يېتىپ بېرىپ، ھۇزۇر ۋە بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چۈشەنچىسى، نىيىتى، قارارى، سۆزى، ھەرىكىتى، كەسپى، قىسقىسى ھاياتىنىڭ ھەر باسقۇچىدا توغرا بولىشى كېرەك.

www.islamyoli.net

ئىنسانلارغا پايدىلىق بولۇش سەۋەبى بىلەن توغرىلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئەمىرلىرى ئارىسىدا يەر ئالغان. قۇرئانى-كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلغان بىر ئايەتتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **«(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) ئاللاھنىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»** (ھۇد سۈرىسى 112-ئايەت) قۇرئانى-كەرىمدە توغرا بولۇشنىڭ يوللىرى كۆرسىتىلگەن. قۇرئانى-كەرىمدىكى نەسىھەتلەرگە ئاساسەن توغرا بولۇش ئۈچۈن، توغرا بولغانلار بىلەن بىرگە بولۇش ۋە توغرا ئىنسانلار بىلەن دوست بولۇش لازىمدۇر. (تەۋبە سۈرىسى 119- ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە توغرىلىقنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئەھمىيىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىز، توغرىلىق ياخشىلىققا، ياخشىلىق جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ. كىشى توغرا سۆزلەپ ئادەتلەنسە، ئاللاھ نەزىرىدە توغرا ئىنسان دەپ يېزىلىدۇ. يەنە شۈبھىسىز، يالغان ئەسكىلىككە، ئەسكىلىك جەھەننەمگە ئېلىپ بېرىدۇ. كىشى يالغان ئېيتىۋېرىپ، ئاللاھ نەزىرىدە يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ.» (رىيازۇسسالىھىن تەرجىمىسى، 86-1)

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، توغرىلىق ئىسلامنىڭ ۋە باشقا بارلىق دىنلارنىڭ ئىنساندا بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرسىدۇر. ھەتتا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بارلىق دىنلارنىڭ ئاساسى مەقسىدى توغرا، دۇرۇس ۋە ئىشەنچلىك ئىنسانلار يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ سەۋەپتىن تارىخ بويىچە بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە دىنىي رەھبەرلەر ئىنسانلارنىڭ توغرا بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن غەيرەت قىلغان.

### 2. پاكىزلىق

دىنلارنىڭ ئەمىر ۋە چەكلىمىلىرى تەتقىق قىلىنغان ۋاقىتتا ھەممىسىدە شەخس ۋە جەمىيەتكە بولغان پايدىسىغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە دىنلار شەخس ۋە جەمىيەتكە نىسبەتەن پايدىلىق بولغان پاكىزلىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ.

دىنلاردا پاكىزلىق ماددى ۋە مەنىۋى دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ. بەزى دىنلاردا مەنىۋى پاكىزلىققا، بەزى دىنلاردا ھەر ئىككىلىسىگە ئوخشاش مىقداردا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

يەھۇدىلىك ماددى ۋە مەنىۋى پاكىزلىك ئۈستىدە ئالاھىدە توختالغان. يەھۇدىلىكنىڭ قارىشىچە، «ئىنسان ئاللاھنى خوش قىلىشى ئۈچۈن يۇيۇنىشى، پاكىزلىنىشى ۋە ھەر تۈرلۈك خىيال، ھەرىكەتلەردىن پاكىزلىنىشى كېرەك.» (ئىشايا 17-16 :1)

خرىستىئانلىقتا پاكىزلىق چۈشەنچىسى مەنىۋىيەتنى ئاساس قىلىدۇ. ھەزرىتى ئىسا تاشقى پاكىزلىققا قارىغاندا ئىنساننىڭ ئىچكى پاكىزلىقى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ توختالغان. تاشقى

www.islamyoli.net

پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىپ  ئىچكى پاكىزلىققا سەل قارىغانلارنى ھەزرىتى ئىسا مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان: «قەلبىڭىز بارلىق ناچار خىياللاردىن پاكىزلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھەرىكەتلىرىڭىز بىلەن ماگا چوقۇنۇڭ.» بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بۇ دىنلاردا سىرتقى پاكىزلىقمۇ سەل قارالمىغان. ھىندۇئىزمنىڭ كۆپلىگەن كىتاپلىرىدا مۇنچىغا چۈشۈش ئۇسۇلى، ۋاقتى ۋە پايدىلىرى ھەققىدە تەپسىلى توختالغان مەزمۇنلار بار.

ئىسلام دىنى پاكىزلىققا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەن. ئىسلامنىڭ پاكىزلىققا بەرگەن ئەھمىيىتى سەۋەبىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى كەلگەن ئايەتلەردە پاكىزلىق تىلغا ئېلىنغان. جانابى ئاللاھ بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: **«ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر! پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا! كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول.»** (مۇددەسسىر سۈرىسى 5-1-ئايەتلەر) بۇنىڭغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلارغا كىيىملىرىنى پاكىز تۇتۇشقا، جىسمانى پاكىزلىققا دىققەت قىلىپ، ناچار ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش بىلەن مەنىۋى پاكىزلىقمۇ ئەمىر قىلىنغان.» (نىسا سۈرىسى 36-ئايەت)

ئىسلامدا پاكىزلىق دېيىلگەن ۋاقىتتا ئىنساننىڭ بەدەن، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم—كېچەك، تۇرۇۋاتقان مۇھىت ۋە ئەتراپىنىڭ پاكىز تۇتىلىشى، قەلبىنىڭ ھارام دەپ قارالغان ناچار پىكىرلەردىن پاكىزلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.  بۇ سەۋەپتىن مۇسۇلمانلار كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىبادەتلىرىدە پاكىزە بولىشى كېرەك.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، دىنلاردا ئىنساننىڭ جىسمانىي جەھەتتە پاكىزە بولىشى مەنىۋى جەھەتتە پاكىزە بولىشى بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن ھەقىقى پاكىزلىق مەيدانغا كېلىدىغانلىقى سۆزلەنمەكتە. شۇڭا ئىنسانلار كىيىم-كېچەكلىرىنى، بەدىنىنى ۋە مۇھىتىنى پاكىزە تۇتقاندەك قەلبىنىمۇ پاكىزە تۇتىشى كېرەك. چۈنكى ھەممە جەھەتتە پاكىزە بولغان ئىنسان ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ھەممە نەرسىنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرىدىغان، يامانلىق ئويلىمايدىغان، نازاكەتلىك ۋە بەختلىك بىر ئىنساندۇر. مۇشۇنداق ئىنسانلاردىن تەركىپ تاپقان جەمئىيەتتە ئىتتىپاقلىق، ھۇزۇر-ھالاۋەت ۋە بەخت-سائادەت بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداقتا دىنىنىڭ مەقسىدىمۇ ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ.

### 3. ياخشىلىق ۋە ياردەملىشىش

ياخشىلىق ۋە ياردەملىشىش ئىنساننىڭ قەلبىگە سۆيگۈ ۋە مېھرى-شەپقەت تۇيغۇلىرىنى يەرلەشتۈرىدىغان، ئىجتىمائى ھەمكارلىشىشنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان

www.islamyoli.net

پەزىلەتلەردۇر. گۈزەل ئەخلاق يېتىشتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان دىنلار ياخشىلىق قىلىش ۋە ياردەملىشىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ سەۋەپتىن دېيىشكە بولىدۇكى، ياخشىلىق قىلىش ۋە ياردەم قىلىش بارلىق دىنلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرسىدۇر.

يەھۇدىلىكنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى تەۋراتتا ھەر شەخس كۈچىنىڭ يېتىشىچە خەير-ساخاۋەت قىلىشقا ئەمىر قىلىنغان. يەھۇدى ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ ھۆكۈم باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن ھەممىگە ئورتاقتۇر. ھەممە ئادەم كۈچى يەتكەن نىسبەتتە ياردەم قىلىشى كېرەك. يەنە تەۋراتنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار يۇمشاق خۇيلۇق بولىشى ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشى، پېقىر-يۇقسۇل ۋە ياردەمگە مۇھتاج كىشىلەرگە ياردىمىنى ئايىماسلىقى كېرەك.

خرىستىئانلىقنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى ئىنجىلدا ياخشىلىق ۋە ياردەملىشىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە كۆپ توختالغان. ھەزرىتى ئىسا ئەبەدى بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى ۋە ياردەمگە مۇھتاجلارغا ياردەم بېرىشنى نەسىھەت قىلغان. ئۇ ياخشىلىق قىلغان ۋاقىتتا جاۋاپ قايتۇرۇلۇشىنى ئويلىماي قىلىشنىلا بۇيرۇپ، پەقەتلا ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى قاتتىق تەنقىد قىلغان.

ھىندۇئىزم ۋە بۇددىزمدا ياخشىلىق ۋە ياردەملىشىش شەخسنىڭ ئەبەدى بەختنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ يولى دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇددىزمنىڭ قۇرغۇچىسى بۇددا ئىنسان ئەبەدىي بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن، باشقىلارغا زىيان سالماسلىقنىڭ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى، ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ياخشىلىق قىلىش ۋە ئىنسانلارغا ياردەم قىلىشقا ئالدىراش ئىسلام دىنى ئەمىر قىلغان مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرسىدۇر. جانابى ئاللاھ قۇرئانى-كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئانا، ئورۇق-تۇققان، يېتىم،-يوقسۇل، يېقىن خوشنا، يىراق خوشنا، ياندىكى ھەمراھ (ساۋاقداش، سەپەرداش)، يولۇچى، مۇساپىر ۋە قول ئاستىڭلاردىكى كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنى بىلەرمەن چاغلايدىغان ماختانچاق ۋە مۇتەكەببىرلەرنى ياقتۇرمايدۇ.»** (نىسا سۈرىسى 36-ئايەت)

ئىنسانلارنىڭ غورورىغا تەگمەي، ئۇلارنى خىجىل قىلماي قىلىنغان ياخشىلىق ئىسلامدا گۈزەللىكلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىن قېرىنداشىغا بىلدۈرمەستىن ياردەم قىلغان ئادەمگە ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياردەم قىلىدۇ.» دېگەن. (بەيھاقى، «جامىئۇس سەغىر»، «شابۇل ئىمان»)

ئىسلام ۋە باشقا دىنلاردا ياخشىلىق قىلىشنىڭ بىر نەچچە يولى باردۇر. ياخشىلىق قىلىش ۋە ياردەمپەرۋەر بولۇش ئۈچۈن مۇتلەق باي بولۇش شەرت ئەمەس. يوقسۇلغا پۇل بېرىش بىر ياخشىلىق بولغىنىدەك، يولۇچىغا يول كۆرسىتىپ بېرىشمۇ بىر ياخشىلىقتۇر. ياشانغانلار،

www.islamyoli.net

يېتىملەر ۋە كېسەللەرنى يوقلاشمۇ بىر ياخشىلىقتۇر. ئىنسانلارغا قارشى ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە كۈلۈمسىرەشمۇ بىر ياخشىلىقتۇر. ھەتتا كىشى ئۆز قەلبىدە ئىنسانلارنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى ئويلاپ ئىچ ئاغرىتىشمۇ بىر ياخشىلىقتۇر. چۈنكى مەلۇم بىر ئۇسۇلدا ياردەم قىلىش ئىمكانى بولمىغان ۋاقىتلاردا كىشىنىڭ خىيالىدا ياخشىلىق قىلىشنى ئويلىشى ئۇ شەخسنىڭ ئەخلاقى جەھەتتىن گۈزەللىشىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. بۇلار ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈك بەخت-سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

قۇرئانى-كەرىمدە ياخشىلىقلار مۇتلەق نەتىجىسىنى كۆرىدۇ دېيىلگەن. ئاللاھ قىلىنغان بارلىق ياخشىلىق ۋە ياردەملەرنىڭ جاۋابىنى قايتۇرىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **«ئەر-ئايال مۆمىنلەردىن ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە كىرىدۇ.»** (نىسا سۈرىسى، 8-7- ئايەت)

### 4. چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش

چوڭلار ياش، بىلىم ۋە تەجرىبە جەھەتتە ئۈستۈن بولغان ئىنسانلاردۇر. بۇ سەۋەپتىن چوڭلار كىچىكلەردىن ھۆرمەت تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: تويلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەرلەردە ئۆزلىرىگە يەر بېرىلىشىنى، سۆزلىرىنىڭ تىڭشىلىشىنى، ئۆزلىرىگە قارىتا ھۆرمەتسىزلىك قىلىنماسلىقىنى ئۈمىت قىلىدۇ. ھەر ئادەمنىڭ ياشانغاندىن كېيىن كىچىكلەردىن ھۆرمەت تەلەپ قىلىشى تەبىئى ئەھۋالدۇر. چۈنكى ئىسلام ۋە باشقا بارلىق دىنلاردا چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش ئەمىر قىلىنغان.

چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش ئالدى بىلەن ئائىلە چوڭلىرىدىن يەنى ئاتا-ئانىدىن باشلىنىدۇ. ئائىلىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئانا ۋە دادا شەخسنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. بۇ سەۋەپتىن، دىنلار ئاتا-ئانىغا ھۆرمەت قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان. ھەزرىتى مۇساغا ئەۋەتىلگەن ئون ئەمىردىن بىرسىدە: «ئانا ۋە داداڭغا ھۆرمەت قىل» (چىقىش. 12- 130) دېيىلگەن. بىر ئادەم ھەزرىتى ئىسادىن مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەتنى قانداق قولغا كەلتۈرىمەن دەپ سورىغان ۋاقىتتا، ئاتا-ئانىغا ھۆرمەت قىلىشقا بۇيرىغان.

قۇرئانى-كەرىمدە ئاتا-ئانىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش گۇناھ ھېساپلىنىدۇ. قۇرئانى-كەرىمدە بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئايەتلەر بار. بۇ ئايەتلەردىن بىرسىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **«رابىڭ پەقەت ئۆزىگە قۇللۇق قىلىشىڭلارنى، ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭلارنى ئەمىر قىلدى. ئۇلاردىن بىرسى ياكى ئىككىسى سېنىڭ يېنىڭدا ياشىنىپ قالسا ئۇلارغا «ئوھ!» دېمىگىن، ئۇلارغا ئازار بەرمە، ئىككىلىسىگە گۈزەل سۆزلەر سۆزلە.»** (ئىسرا سۈرىسى، 23-ئايەت)

چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش پەقەت ئائىلە چوڭلىرىغىلا خاس ئەمەس. ئىسلام دىنىي ۋە باشقا دىنلاردا ئائىلىسىدىن بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بارلىق چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. مەسىلەن: تەۋراتتا: «ئاق چاچلىق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئورنىڭدىن تۇر! چوڭلارغا ھۆرمەت قىل ۋە ئاللاھتىن قورققىن.» لەۋىيلەر. (19 :32) دېيىلگەن. خرىستىئانلارنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرىدا ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلمىغانلار بىزدىن ئەمەستۇر.» (تىرمىزى: «بىرر») دەپ بۇيرۇپ، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن.

.

5. باشقىلارغا زىيان سالماسلىق

بىر جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان شەخسلەرنىڭ بىر قىسىم ھەقلىرى باردۇر. بۇلارنىڭ بېشىدا ھايات، تەپەككۇر، ئەقىدە، مال-مۈلۈك ساھىبى بولۇش، ئىپپىتىنى قوغداش، ئەركىنلىكىنى قوغداش قاتارلىق ھەقلىرىنى ساناپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇ ھەقلەرنىڭ مۇداپىئە قىلىنىشى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرسىنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش بىلەن مۇمكىندۇر. كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىنغان جەمئىيەتتە خاتىرجەملىك ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتىنى ئاساسى ئۆلچەم قىلىدىغان دىنلار باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلماسلىقنى دىندارلىقنىڭ ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسى ئۆلچىمى قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىگە قىلىنىشنى خالىمىغان بىر نەرسىنى باشقىلار ئۈچۈنمۇ خالىماسلىق كۆپلىگەن دىنلاردا تەۋسىيە قىلىنغان. بۇ تەۋسىيەنى ھىندۇئىزم، بۇددىزم، جاينىزم، كۇڭزىچىلىق، يەھۇدىلىك، خرىستىئانلىق ۋە ئىسلامدا پەرقلىق شەكىلدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئارزۇ قىلغان نەرسىنى باشقىلار ئۈچۈنمۇ ئارزۇ قىلمىغۇچە ھەقىقى مۇئمىن بولالمايدۇ.» ( بۇخارى، سەھىھ، ئىمان) دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىگە ئاساسەن بىر مۇئمىن ئۆزىگە زىيان سېلىنىشنى خالىمىغانغا ئوخشاش باشقىلارغىمۇ زىيان سېلىشنى خالىماسلىقى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر ھەدىسىدە مۇسۇلماننى باشقىلارغا قولى ۋە تىلى بىلەن زىيان سالمىغان ئادەم دەپ ئىزاھلىغان.

نەتىجىدە، ئىسلامدىن باشلاپ بارلىق دىنلاردا باشقىلارغا زىيان سالىدىغان ھەرىكەتلەر چەكلەنگەن. باشقىلارنىڭ جېنى، مېلى ۋە ئىپپىتىگە زىيان سېلىش ئەڭ چوڭ ئەخلاقسىزلىق ھېساپلىنىپ، بۇ خاتالىقلارنى قىلغانلار ئىنسانىيەت ئۈچۈن زىياندىش دەپ قارالغان.

6. قان تۆكمەسلىك

ئىسلام ۋە باشقا دىنلار چەكلىگەن ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن بىرسى ئادەم ئۆلتۈرۈشتۇر. ئۆلتۈرۈش ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىدىن باشلاپلا ئىگە بولغان ھەقلىرىدىن بىرسى بولغان ياشاش ھەققىنى يوق قىلىش دېگەنلىكتۇر. بىر ئىنساننى سەۋەپسىز ھالدا قەستەن ئۆلتۈرۈش ئىنسانلىق جىنايىتىدۇر. دىنىي جەھەتتە بولسا ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن بىرسىدۇر. بۇ سەۋەپتىن بارلىق دىنلاردا جىنايەت قىلىش چەكلەنگەن.

يەھۇدىلىكنىڭ ئون ئاساسىدىن بىرسى جىنايەت ئۆتكۈزمەسلىكتۇر. يەھۇدىلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى تەۋراتتا بۇ ھەقتە: «ئۆلتۈرمەيسەن» (چىقىش 14: 20) ئەمرى باردۇر. بۇ ئەمر بىلەن ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم قىممىتى بولغان ياشاش ھەققى قوغدىلىپ، ئىنسانىي ھاياتنىڭ مۇقەددەسلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇ ئەمر بىلەن يەنە جەمىيەتنىڭ تىنچ ۋە ئامانلىقىنىڭ ساقلىنىشى مەقسەت قىلىنغان.

خرىستىئانلىقنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى ئىنجىلدا جىنايەت ئىشلەش مەڭگۈلۈك بەخت ئالدىدىكى تۇسالغۇ دەپ قارالغان. بۇ سەۋەپتىن ھەزرىتى ئىسا مەڭگۈلۈك بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلارنىڭ بېشىدا جىنايەت ئۆتكۈزمەسلىكنى ئېيتقان.

ھىندى دىنلىرىدىمۇ جىنايەت ئىشلەش ئىنساننىڭ ئەبەدى بەخت-سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى تۇسالغۇلاردىن بىرسى دەپ قارالغان. مەسىلەن: بۇددىزمدا ئىنسان دۇنيانىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بەش چەكلىمىدىن بىرسى بولغان جىنايەت سادىر قىلىشتىن يىراق تۇرۇشقا ئەمىر قىلىنغان.

ئىسلام دىنى ئىنسان مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ قەدىرلىكى ۋە ئەڭ ئۇستۇنى. ئىنسان ھاياتىنىڭ قوغدىلىشى بولسا، دىنىنىڭ ئاساسىي نىشانى دەپ ھېساپلايدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىسلامدا ئىنسان جېنىغا قەست قىلىش ئەڭ ئېغىر گۇناھ دەپ قارالغان. قۇرئانى-كەرىمدە بۇ ھەقتە: **«كىم يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا قارشى چىقماي (ھەقسىز يەرگە) قان تۆكسە، پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. ھەركىم بىر جاننى قۇتقۇزسا، پۈتۈن ئىنسانلارنى قۇتقۇزغاندەك بولىدۇ.»** (مائىدە سۈرىسى، 32- ئايەت) دېيىلگەن.

## 5.2. ئوغرىلىق قىلماسلىق

دىنلارنىڭ ئالەمشۇمۇل تەۋسىيىلىرىدىن بىرسى ئوغرىلىق قىلماسلىقتۇر. بۇ تەۋسىيە ئەڭ مۇھىم ئەخلاقى ۋە دىنىي تەربىيىلەردىن بىرسىدۇر. دەسلەپكى دەۋرلەردىن باشلاپ بۇ تەربىيە (ئەمىر) داۋاملىق ئىنسانىيەتنىڭ كۈنتەرتىۋىدە بولغان.

ئوغرىلىق شەخس ۋە جەمىيەت ئۈچۈن زىيىنى چوڭ بولغان بىر ئەخلاقسىزلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنىدىن باشلاپ بارلىق دىنلاردا چەكلەنگەن. مەسىلەن: يەھۇدىلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئون ئەمىرنىڭ بىرسى «ئوغرىلىق قىلمايسەن» دېگەن ئەمىردۇر. (چىقىش، 51:20) بۇ ئەمىر بىلەن ئوغرىلىق قەتئى چەكلىنىپ، شەخسنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قوغداش مەقسەت قىلىنغان. ئوچۇق-ئاشكارا ئوغرىلىق قىلىش بىلەن بىرگە ھىلە ۋە ئالدامچىلىق بىلەن باشقىلارنىڭ مېلىنى ئىگەللىۋېلىشمۇ ئوغرىلىق تۈرلىرى قاتارىدا چەكلەنگەن.

خرىستىئانلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى ئىنجىلدا ھەزرىتى ئىيسا ئوغرىلىقتىن يىراق تۇرۇشنى خرىستىئانلىقنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسى قائىدىلىرىدىن بىرسى دەپ كۆرسەتكەن.

ھىندى دىنلىرىدا ئوغرىلىق كىشىنىڭ شەخسىيىتىنى كىرلىتىشكە سەۋەپ بولىدىغان ئەخلاقسىزلىق دەپ ھېساپلانغان. بۇ سەۋەپتىن ھەققەتكە يېتىشنى ئارزۇ قىلغان كىشىلەر جىنايەت سادىر قىلىشتەك ئەخلاقسىز ھەرىكەت ۋە ئوغرىلىقتىن يىراق تورۇشى كېرەك.

ئىسلام دىنىدىمۇ ئوغرىلىق قىلىش ھارام قىلىنغان ۋە ئەڭ بۈيۈك گۇناھلاردىن سانالغان. چۈنكى ئوغرىلىق باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىشكە سەۋەپ بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىش بولسا، ئاللاھ تەرىپىدىن كەچۈرۈم قىلىنماي مۇتلەق جازاسى بېرىلىدىغان گۇناھلاردۇر.

ئىسلامدا ھەممە ئادەم ئىشلەپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن تاپقان ھالال نەرسىلەرنى يېيىشى كېرەك. ئۆز ئەمگىكى بىلەن تاپقان پۇل ھالالدۇر. بۇ سەۋەپتىن كىشى ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ھالال يولدىن قامدىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ مېلىنى قانچىلىك مۇھىم دەپ بىلسە، باشقىلارنىڭ مېلىنىمۇ شۇنداق مۇھىم دەپ بىلىشى كېرەك.

نەتىجىدە ئوغرىلىق ئىسلام ۋە باشقا دىنلار چەكلىگەن ئەخلاقسىزلىقتىن بىرسىدۇر. چۈنكى ئوغرىلىق ئىنسان شەرىپىگە توغرا كەلمەيدىغان، شەخس ۋە جەمىيەتكە زىيان سالىدىغان ناچار بىر قىلمىشتۇر. ئوغرىلىق باشقىلارنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقتۇر. بۇ سەۋەپتىن ئوغرىلىق دىن ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگىنىدەك قانۇنلارغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

.

www.islamyoli.net

### 5.3. زىنا قىلماسلىق

زىنا ئوتتۇرىسىدا نىكاھ بولمىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتتۇر. زىنا مەلۇم شەخسنىڭ ئىپپىتى، شەرىپى، ئائىلىسى ۋە ئىنسان نەسلىنى تەھدىت قىلىدىغان زىيانلىق بىر ئىشتۇر. بۇ سەۋەپتىن زىنا بارلىق دىنلار ۋە قانۇن-تۈزۈملەردە چەكلىنىپ، بۇ خىل ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يەھۇدىلىكنىڭ ئاساسى ئەمىرلىرىدىن بىرسى «زىنا قىلماسلىق» (چىقىش 14: 20) ئەمرىدۇر. بۇ ئەمىر ئاساسىدا يەھۇدىلىك زىنا ھېساپلىنىدىغان جىنايەتلەرنى كۆرسىتىپ، بۇ جىنايەتلەرگە ھەرخىل جازالار بەرگەن. يەھۇدىلىكتە ئۆيلىنىشتىن ئىلگىرى قىلىنغان بارلىق جىنسىي مۇناسىۋەتلەر زىنا دائىرىسىگە كىرىدۇ.

خرىستىئانلىق يەھۇدىلىكنىڭ «زىنا قىلمايسەن» دېگەن پرىنسىپىنى ئەينەن قوبۇل قىلغان. ھەزرىتى ئىسا بۇ ئەمرنى ئىنسانلارغا قايتىدىن خاتىرلىتىپ ئۇنى چوڭقۇر بىر مەناغا ئىگە قىلغان. ھەزرىتى ئىسانىڭ ئىنجىلدىكى سۆزلىرىدە بىر ئايالغا يامان نىيەت بىلەن قاراشمۇ زىنا ھېساپلىنىدۇ. بۇ سەۋەپتىن شەخسنى زىناغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەر تۈرلۈك ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇش كېرەك. (ماتتا 30-5:27)

ھىندى دىنلىرىدىن بۇددىزمدا زىنا ئىنسان يىراق تۇرۇشقا تېگىشلىك بەش چەكلىمىدىن بىرسىدۇر. بۇ دۇنيانىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ نىرۋاناغا يېتىشنى خالىغان ئادەم زىنانىڭ ھەر تۈرلۈكىدىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. ھەتتا بىر ئايالغا يامان نىيەت بىلەن قاراشتىنمۇ ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. بۇددىزمنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى بۇددا كىشىنى زىناغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەر تۈرلۈك ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشنى بۇيرىغان[3].

ئىسلام دىنىدا شەرەپ ۋە ئىپپەتنى قوغداش مۇسۇلمان ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرسىدۇر. قۇرئانى-كەرىمدە «**زىناغا يېقىنلاشما! چۈنكى ئۇ بىر ھاياسىز ۋە ئەخلاقسىز ھەرىكەتتۇر**» (ئىسرا سۈرىسى 32-ئايەت) دېيىلگەن. بۇ ئارقىلىق زىنانىڭ ئوچۇق بىر ئەخلاقسىزلىق ۋە يولدىن چىققانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئىنساننى زىناغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەرىكەتلەر ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن.

زىنا جەمىيەتنىڭ بۇزۇلىشى، ئائىلىنىڭ پارچىلىنىشى، دوستلۇق، ئۇرۇق-تۇققانلىق قاتارلىق مەنىۋى رىشتىنىڭ ئۈزۈلىشى، جەمىيەتنىڭ ئەخلاق قارىشىنىڭ يۇقۇلىشىغا سەۋەپ بولىدىغان بىر ھەرىكەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى بۇ ھەرىكەتنى قاتتىق چەكلىگەن.

---

3. پائۇل كاروس: «بۇدانىڭ تەۋسىيەلىرى»، تەرجىمان: تىئومان ئوچگون، رم نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1984. 176-بەت.

مازدەكىزم ۋە ساتانىزمغا ئوخشاش بۇزۇق دىنىي ھەرىكەتلەردىن باشقا بارلىق دىنلار ۋە دىنىي ئېقىملار زىنادىن يىراق تۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ.

5.4. يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىش

دىنلار ئىنسانلارنى چەكلىگەن ئەخلاقسىز ھەرىكەتلەردىن بىرسى يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، يالغانچىلىق باشقىلارنى ئالداش مەقسىدى بىلەن بىلىپ تۇرۇپ ھەقىقەتكە خىلاپ سۆزلەرنى سۆزلەشتۇر. بۇ سەۋەپتىن يالغان ئېيتىش بارلىق دىنلاردا چەكلەنگەن.

گۇۋاھلىق بېرىش بىر ئىنسان كۆرگەن، ھەققىدە مەلۇماتى بولغان بىر ۋەقە ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىش دېگەنلىكتۇر. گۇۋاھلىق بېرىش توغرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئادالەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جەمىيەتنىڭ تىنچ ۋە ئامانلىقىنى ساقلاشتا شاھىتلىك قىلىش، ئىسلام دىنىدا مۇھىم بىر ۋەزىپە ھېساپلىنىدۇ. قۇرئانى-كەرىمدە ھەرقانداق بىر ۋەقە ھەققىدە خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشتىن يىراق تۇرۇشى ياخشى ئەمەسلىگىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاللاھ بۇھەقتە: «چاقىرغان ۋاقىتتا گۇۋاھچىلار كەلمەي تۇرۇۋالمىسۇن» (بەقەرە سۈرىسى، 282- ئايەت) دېگەن.

يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىش يالغان ئېيتقاندىن قاتتىق ئەخلاقسىزلىقتۇر. چۈنكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ئادالەتنىڭ ھۆكۈم سۈرىشىگە توسالغۇ بولىدۇ. بۇ بەزى ئىنسانلارنىڭ زۇلۇمغا ئۇچراپ زىيان تارتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ سەۋەپتىن يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ئاقىۋەتتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان پالاكەتلەرنىڭ كېلىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنى قەتئى چەكلىگەن. ئاللاھ قۇرئانى-كەرىمدە بۇنى چەكلەپ، ئىنسانلار ھەققىدىمۇ توغرا گۇۋاھلىق بېرىشنى ئەمىر قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **«ئى مۇئمىنلەر، ئاللاھ ئۈچۈن ھەقنى سۆزلەيدىغان، ئادالەت بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىشىلەردىن بولۇڭلار، بىر خەلققە بولغان نەپرىتىڭلار سىلەرنى ئادىل مۇئامىلە قىلىشتىن يىراق قىلمىسۇن.»** (مائىدە سۈرىسى،27-ئايەت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدىمۇ يالغان يەرگە قەسەم قىلىپ گۇۋاھلىق بېرىشنى چوڭ گۇناھلاردىن ھېساپلىغان.

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش باشقا دىنلاردىمۇ چەكلەنگەن. مەسىلەن: يەھۇدىلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك تۆت ئەمىردىن بىرسىدە: «خوشناڭغا قارشى يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيسەن» (چىقىش 16: 20 ) دېيىلگەن. بۇ ئەمىر خرىستىئانلار تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغان. ھەزرىتى

ئىسا ئىنجىلدا قانداق ياخشى ئىشلارنى قىلىش كېرەك دەپ سورىغان بىرسىگە: «يالغان گۇۋاھلىق بەرمە» (ماتتا، 18: 19) دەپ جاۋاپ بەرگەن.

7. بولۇم. دىنىي رەڭدارلىق، دىئالوگ ۋە مىسسىئونېرلىك

1. دىنىي رەڭدارلىق

دىنىي رەڭدارلىق ھەرخىل دىنلاردىكى ئىنسانلارنىڭ مەسىلە چىقارماي بىرلىكتە ياشىشى دېگەنلىكتۇر. بۇنداق بىر مۇھىتتا ھەممە ئادەم بىر-بىرىنىڭ دىنىي ئەقىدىسى، ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەم باشقا بىرسىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ئادەتلىرىنى تەنقىد قىلمايدۇ، ھاقارەت قىلمايدۇ. ھەممە ئادەم «سېنىڭ دىنىڭ ساڭا، مېنىڭ دىنىم ماڭا» پىكرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇ خىل قاراش دىنىي رەڭدارلىقنىڭ جەمىيەت خاراكتېرلىق ئاددى شەكلىدۇر.

دىنىي رەڭدارلىقنىڭ يەنە كالامى تەرىپىمۇ بار. دىنىي رەڭدارلىق بۇ ئالاھىدىلىگى بىلەن بارلىق دىنلارنىڭ تەڭرىگە بارىدىغان ئوخشاش يوللاردىن كەلگەنلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ چۈشەنچىگە ئاساسەن دىنلار ئوتتۇرىسىدا، بولۇپمۇ دىنىنىڭ مېغىزىدا ھەرقانداق بىر پەرق يوق. بارلىق دىنلار توغرىدۇر ۋە ھەقتۇر. دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۇلارنىڭ تەڭرى چۈشەنچىسى ۋە تەجرىبىسى ھەققىدە تەقدىم قىلغان مېتودلاردا بولىدۇ. يەھۇدىلىك، خرىستىئانلىق، ھىندۇئىزم، بۇددىزم ۋە ئىسلام قاتارلىق بارلىق دىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى بەخت-سائادەتكە يەتكۈزىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىش دېگەنلىكتۇر. بىرىنچى شەكلى بىلەن دىنىي رەڭدارلىق يەرشارىلاشقان دۇنيايىمىزدا كۈندىن-كۈنگە ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇش-جىدەل قىلماي تىنچلىق ئىچىدە بىر بىرلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش چۈشەنچىسى دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرخىل دىنلاردىكى ئىنسانلار بىر يەرگە كېلىپ، ئورتاق ھاياتنىڭ ئىمكانلىرىنى كۆرۈشۈپ مۇزاكىرە قىلىۋاتىدۇ.

ئىسلامنىڭ دىنىي رەڭدارلىققا بولغان قارىشى قانداق؟

بۇ خىل دىنىي رەڭدارلىق دەسلەپكى دەۋرلەردىن باشلاپ ئىسلامدا ئۇيغۇن كۆرۈلگەن. ئىسلام بۇ مەقسەت بىلەن ھەرخىل دىنلاردىكى ئىنسانلارنىڭ بىر يەردە ياششىنى ئەمەلگە

ئاشۇرىدىغان تۈزۈملەر ئوتتۇرىغا قويىغان. بۇ سەۋەپتىن زامانىۋى مەنىدىكى دىنىي رەھدارلىق ئىسلامغا ناتونۇش بولغان بىر نەرسە ئەمەس.

دىنىي رەھدارلىقنىڭ ئىككىنچى شەكلى غەرپتىكى بەزى خرىستىئان ئىلاھىيەتچىلەر تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنماقتا. بۇلارنىڭ سانى ناھايىتى ئازدۇر. خرىستىئانلارنىڭ كۆپ قىسمى خرىستىئانلىق بىلەن باشقا دىنلارنىڭ ئوخشاش كۆرۈلۈشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خرىستىئانلىق ئىنسانلارنى تەڭرى ۋە نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان بىردىنبىر يولدۇر.

3. دىنلار ئارا دىئالوگ

دىنلار ئارا دىئالوگ پەرقلىق دىن ۋە مەدەنىيەتلەرگە مەنسۇپ ئىنسانلارنىڭ بىر يەرگە كېلىپ، بىر-بىرىگە ئۆز پىكرىنى تاڭماي، بىر-بىرلىرىنى ئالدىماي، ھەرخىل مەسىلىلەر ھەققىدە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىپ، مەۋجۇت مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلىش يولى ئىزدەش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ خىل دىئالوگ ئىنسانىي ۋە ئەخلاقى بولۇپ، ئىنسانغا خاس بىر ھەرىكەتتۇر.

ھەرخىل دىن، مەدەنىيەت ۋە دۇنيا قاراشقا ئىگە بولغان ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشى كۈنىمىزدە تۇنجى قېتىم بولغان ۋەقە ئەمەس. تارىختا مۇسۇلمانلار، خرىستىئانلار ۋە يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بەزى ۋاقىتلاردا ياخشى مۇناسىۋەتلەر قۇرۇلغان. ھەرخىل دەۋرلەردە ۋە ماكانلاردا ئۈچ دىننىڭ مەنسۇپلىرى بىر يەرگە كېلىپ، بىر-بىرىنى ئەيىپلىمەي، دىنىي مەسىلىلەردە تالاش-تارتىش قىلغان. تارىخ كىتاپلىرىدا بۇ ھەقتە ئۆرنەكلەر بار. پەقەت بۇ خىل دىئالوگ پائالىيەتلىرى كۈنىمىزدىكىگە ئوخشاش سىستېمىلىق بىر شەكىلدە ئېلىپ بېرىلمىغان.

كۈنىمىزدە دىنلار ئارا دىئالوگ چۇشەنچىسىنى كۈنتەرتىپكە قويغانلار كاتولىك خرىستىئانلاردۇر. كاتولىكلار 1962-1965-يىللىرى ئارىسىدا ئۈچ يىل داۋاملاشقان 2- ۋاتىكان كېڭىشىدە خرىستىئانلىق سىرتىدىكى دىنلارنىڭ مەنسۇپلىرى بىلەن دىئالوگ ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغان. بۇ كېڭەشتە مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىلاردىن باشلاپ، ھىندى، بۇددىست ۋە باشقا دىنلارنىڭ مەنسۇپلىرىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى خرىستىئانلىق جەھەتتىن ماختىغان. يەنە باشقا دىن ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن يىغىلىش، ئۇلار بىلەن دىئالوگ قىلىش ھەققىدە خرىستىئانلارغا تەۋسىيەلەر قىلغان. كاتولىكلار دىنلار ئارا دىئالوگنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرخىل ئورۇنلار تەسىس قىلىپ، مۇتەخەسسىلەر يېتىشتۈرگەن. كۈنىمىزدە كاتولىك خرىستىئانلار بۇ ئورۇنلار ۋە

مۇتەخەسسىسلەر ۋاستىسى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا دىئالوگ پائالىيەتلىرىگە ئاتلىنىۋاتىدۇ. پەقەت كاتولىكلار دىنلار ئارا دىئالوگنى ئىنسانلارنى خرىستىئانلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر مېتود قىلىۋاتىدۇ. بۇ سەۋەپتىن خرىستىئانلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرىنى كۆز ئالدىدا تۇتقان باشقا دىنلارنىڭ مەنسۇپلىرى كاتولىكلارنىڭ بۇ پائالىيەتلىرىگە شۈبھە بىلەن قاراپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ مىسسىئونېرلىك ئۈچۈن قىلىنىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلماقتا. ھالبۇكى، دىنلار ئارا دىئالوگ كۈنىمىزدە ناھايىتى ئېھتىياجلىق بولغان بىر مەسىلىدۇر. پەرىقلىق دىنلار ۋە مەدەنىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ بىر يەرگە كېلىپ، بىر-بىرىنى تونۇشى ۋە ئورتاق مەسىلىلەرگە چارە تېپىش ئۈچۈن پىكىر ئالماشتۇرۇشى كۈنىمىزدە دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇش-جېدەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ سەۋەپتىن سەمىمى تۇيغۇلار بىلەن دىنلار ئارا دىئالوگ پائالىيەتلىرى داۋاملىشىشى كېرەك.

## .2 مىسسىئونېرلىك

«مىسسىئونېر» كەلىمىسى يىلتىز جەھەتتە لاتىنچە «مىسسىئو» كەلىمىسىدىن كېلىپ چىققان. بۇ سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ۋەزىپە، قانۇن، ۋەكالەت، بىر ئادەمگە بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن خۇسۇسى ۋەزىپە دېگەن مەنالارنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سەۋەپتىن مىسسىئونېر ئىمتىيازلىق، ۋەزىپىلىك، ئۆزىنى بىر ئىدىيىنىڭ تارقىلىشىغا ئاتىغان ئادەم دېگەنلىك بولىدۇ.

مىسسىئونېرلىك ئاتالغۇسى كۈنىمىزدە دىنىي ساھەدە سىستېمىلىق تارقىلىش پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئومۇمى جەھەتتە تارقىلىشچان خاراكتېرگە ئىگە بولغان بارلىق دىنلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇ ئاتالغۇ كۆپ ھاللاردا خرىستىئان كېڭەيمىچىلىگىنى ئىپادە قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى خرىستىئانلار دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى ئەڭ سىستېمىلىق بىر شەكىلدە مەخسۇس مۇتەخەسسىس تەشكىلاتلار ۋاستىسى ئارقىلىق قىلىۋاتىدۇ. خرىستىئانلاردىن باشقا كۈنىمىزدە ياھۇۋا شاھىتلىرى، ھىندىلار، بۇددىستلارمۇ تەشكىللىك ھالدا مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرىنى قىلىۋاتىدۇ.

### مىسسىئونېرلىك بىلەن تەبلىغ ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بار؟

مىسسىئونېرلىك توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن نەرسىلەرنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىدى بىلەن قىلىنىدىغان تەبلىغكە ئوخشمايدۇ. تەبلىغ ئىنسانىي ۋە ئەخلاقى مەناغا

www.islamyoli.net

ئىگە. ئىنسان ئۆزى ئىگە بولغان ئۇلۇغ ھېكمەتلەر ۋە دىنىي ھەقىقەتلەردىن باشقىلارنىڭمۇ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نورمال بىر ئىشتۇر. بۇ سەۋەپتىن ئۆزىدە ھەقىقەت، توغرىلىق بار بولغان خرىستىئانلىق، ئىسلام ۋە باشقا دىن مەنسۇپلىرىنىڭ ئۆزى ئىگە بولغان دىنىي ھەقىقەتلەرنى كۈچى يەتكەن مىقداردا باشقا ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە تىرىششى غايەت نورمال بىر ئىشتۇر. بۇ يەردىكى خاتالىق ھىلە يوللىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ بىر قىسىم ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى دىن ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇرلاشتۇر. بۇ ھەرىكەت تەبلىغنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئەمما بۇ مېتودنى كۆپ ھاللاردا مىسسىئونېرلار پائالىيەتلىرىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە. مەقسەت ۋە مېتودتا بۇ خىل پەرق بولغاچقا مىسسىئونېرلىك تەبلىغكە ئوخشاش ياخشى تەسىر قالدۇرمايۋاتىدۇ.

### 3.1. تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان مىسسىئونېر گۇرۇپپىلار

تۈركىيە ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم بىر دۆلەتتۇر. تۈركىيە تۇپراقلىرى تارىخ بۇيىچە كۆپلىگەن دىنىي ئەقىدە ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ بۆشۈگى بولغان. كۈنىمىزدە دۇنيادا نۇپۇس جەھەتتىن ئەڭ كۆپ بولغان خرىستىئانلىق تۈركىيە تۇپراقلىرىدا تەرەققى قىلغان. بۇ جەھەتتىن تۈركىيە داۋاملىق خرىستىئانلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ كەلگەن. تۈركىيەنى خرىستىئانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوسمانلىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن باشلاپ خرىستىئان گۇرۇپپىلار مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. خرىستىئان گۇرۇپپىلارنىڭ سىرتىدا تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان باشقا گۇرۇپپىلارمۇ باردۇر. بۇلار ياھۇۋا شاھىتلىرى، باھائىلەر بولۇپ، يەنە كېيىنكى ۋاقىتلاردا باشقا دىنىي ھەرىكەتلەرمۇ تۈركىيەدە تەرەپدار توپلاشقا تىرىشىۋاتىدۇ.

#### 3.1.1. خرىستىئان گۇرۇپپىلار

خرىستىئانلىق مىسسىئونېر خاراكتېرلىق بىر دىندۇر. خرىستىئانلىق بۇ خاراكتېرىنى ھەزرىتى ئىسانىڭ ئىنجىلدىكى سۆزلىرى بىلەن پاۋلۇسنىڭ مەكتۇپلىرىدىكى سۆزلەردىن ئالغان. ماتتا ئىنجىلىنىڭ 28 - بابىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان ھەزرىتى ئىسانىڭ شۇ سۆزلىرى مىسسىئونېرلىكنىڭ ئىنجىلدىكى ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ: «ھازىر سىلەر بېرىپ بارلىق مىللەتلەرنى ئوقۇغۇچۇمغا ئايلاندۇرۇڭلار! ئۇلارنى ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھقا ۋاكالىتەن ۋاپتىز (سۇغا چۆمۈلدۈرۈش) قىلىڭلار! سىلەرگە ئەمىر قىلغان نەرسىلەرنى ئىجرا

قىلىشنى ئۇلارغا ئۆگەتتىڭلار. مەن پۈتۈن كۈن بويىچە، دۇنيانىڭ ئاخىرغىچە سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن. » خرىستىئانلىق ئالەمشۇمۇل نىجاتلىق قارىشىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن خرىستىئان چېركاۋلىرى دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدە خرىستىئان جامائەت شەكىللەنگۈچە مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۆزلىرىگە دىنىي بىر ۋەزىپە دەپ بىلىدۇ.

تۈركىيەگە قارىتا تۈنجى مىسسىئونېرلىك ھەرىكەتلىرى ئوسمانلىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ئەرمەنلەر ئارىسىدا باشلىغان. خرىستىئان، كاتولىك ۋە پروتەستان گۇرۇپلار ئەرمەنلەرنى ئۆز مەزھەپلىرىگە تارتىش ئۈچۈن تۈركىيە ئەرمەنلىرى ئارىسىدا مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارغان. ئەرمەنلەر ئارىسىدا كاتولىك مىسسىئونېرلىگى 130 يىل داۋاملاشقان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەرمەنلەرنىڭ بىر قىسمى كاتولىكلىقنى قوبۇل قىلىپ، ئايرىم بىر كاتولىك چېركاۋى قۇرغان. ئوسمانلى دۆلىتى 1830-يىلىدا فىرانسىيەنىڭ ۋاستىسى بىلەن كاتولىك ئەرمەنلەرنى ئايرىم بىر جامائەت دەپ تونىغان. كېيىن ئامېرىكىلىق پروتەستان مىسسىئونېرلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن پروتەستان ئەرمەنى چېركاۋى قورۇلغان. ئوسمانلى دۆلىتى بۇ چېركاۋنى ئەنگىلىيەنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن 1847- يىلىدا رەسمىي تونىغان.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا كاتولىك ۋە پروتەستان گۇرۇپىلىرىنىڭ تۈركىيەدىكى مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرى كۈچلۈك شەكىلدە داۋاملاشقان. دىنىي ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرماسلىق (ئىلمانىلىق) ئاساسىغا قۇرۇلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تۈركىيەدىكى مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرى قىسمەن ئازايغان. لېكىن كېيىنكى يىللاردا بولۇپمۇ پروتەستان گۇرۇپلارنىڭ تۈركىيەدىكى مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرى جانلانغان. ئادۋەنتىستلەر، باپتىستلەر ۋە ئۆزىنى «مەسىھ ئىشەنگۈچىلىرى» دەپ تونۇتقان باشقا پروتەستان گۇرۇپلار تۈركىيەدىكى خرىستىئانلاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى كۈچلۈك ھالدا داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. بۇلاردىن بولۇپمۇ «مەسىھ ئىشەنگۈچىلىرى» نىڭ پائالىيەتلىرى تۈركىيەدە بەكرەك كۆزگە كۆرۈنمەكتە. بىز بۇ يەردە بۇ گۇرۇپلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

### 3.1.1.1. باپتىستلەر

باپتىستلەر 17-ئەسىردە گوللاندىيەدە بارلىققا كەلگەن بىر پروتەستان گۇرۇپىتۇر. باشقا پروتەستان گۇرۇپلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم پەرقى ۋاپتىز مەسىلىسىدۇر. باپتىستلەر خرىستىئان ساكرامەنتلەردىن ۋاپتىزنى پەقەت بالاغەتكە يەتكەنلەرگىلا ئىجرا قىلىشنى پرىنسىپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ۋاپتىز ئىنساننىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئىسا مەسىھكە ئىمان ئېيتىشنىڭ ئېنىق بىر سىمۋولىدۇر. بوۋاقلار ۋاپتىزنىڭ مەنىسىنى چۈشۈنۈپ

www.islamyoli.net

يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاپتىز ئىجرا قىلىنمايدۇ. باپتىستلەر ۋاپتىزنى بەدەننى پۈتۈنلەي سۇغا چۆمۈلدۈرۈش شەكلى بىلەن ئىجرا قىلىدۇ.
بۇ گۇرۇپ تۈنجى پروتەستان مىسسىئونېرلىگىنى باشلاتقانلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە مىسسىئونېرلىك تەشكىلاتى ۋە چىركاۋلىرى باردۇر. كۈنىمىزدە دۇنيادا تەخمىنەن سانى 40 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، ئىستانبۇلدا بىر چىركاۋى بار.

### 3.1.1.2. ئادۋەنتىستلەر

ئادۋەنتىزىم 1831-يىللىرىدا ۋىلليئام ميللەر (1742-1849) ئىسىملىك بىر دېھقان تەرىپىدىن ئامېرىكىدا قورۇلغان مەسىھچى بىر دىنىي ھەرىكەتتۇر. بۇ مەزھەپ خرىستىئانلىقتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان «ئىسانىڭ قايتىدىن دۇنياغا كېلىش چۈشەنچىسى» ئاساسىغا قورۇلغان. ئىسمىنى بۇ چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدىغان ئادۋەنتىست كەلىمىسىدىن ئالغان.
ئادۋەنتىزمدىن كېلىپ چىققان بىر نەچچە گۇرۇپ باردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدىن 7-كۈن ئادۋەنتىستلىرى مىسسىئونېرلىك جەھەتتىن مۇھىمدۇر. بۇلارغا «7-كۈن ئادۋەنتىستلىرى» دېيىلىشىنىڭ سەۋەبى بۇلار باشقا خرىستىئان گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئەكسىچە، مۇقەددەس دەم ئېلىش كۈنىنى شەنبە دەپ قوبۇل قىلغانلىقىدا.
7-كۈن ئادۋەنتىستلىرى «كىتابى مۇقەددەس»نىڭ بۇيرۇقلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ. 1884- يىلىدا ئىسانىڭ «تاللانغانلىرى»نىڭ يېزىلىشىنى باشلاتقانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. يەھۇدى مۇقەددەس كىتاپلىرىغا مەھكەم باغلانغان. مۇقەددەس دەم ئېلىش كۈنىنى يەكشەنبىنىڭ ئورنىغا شەنبە كۈنى دەپ قوبۇل قىلىپ شەنبە چەكلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ. گۆش يىمەيدۇ، قەھۋە، چاي، تاماكا، ھاراق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن يىراق تۇرىدۇ. ۋاپتىزنى سۇغا چۆكۈرۈش شەكلىدە ئىجرا قىلىدۇ. بەزى بۇيرۇقلىرىنىڭ ئوخشاپ قېلىشى بىلەن بەزى ۋاقىتلاردا ياھۇۋا شاھىتلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ.
7-كۈن ئادۋەنتىستلىرىنىڭ تۈركىيەگە قارىتا مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرىنىڭ مەقسىدى پەقەت يېگى خرىستىيانلار تېپىش ئەمەستۇر. بۇلارنىڭ قارىشىچە، تۈركلەر خرىستىئانلىقنىڭ كېڭىيىشىگە بىر توسقۇنلۇق پەيدا قىلغان. بۇ سەۋەپتىن ئىسا مەسىھنىڭ 2-قېتىم قايتا كېلىشىنى كېچىكتۈرگەن. ئىسا مەسىھنىڭ 2-قېتىم قايتا كېلىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن تۈرك توسقۇنلىقىنىڭ يوقۇتۇلىشى لازىمدۇر. بۇ سەۋەپتىن 7-كۈن ئادۋەنتىستلىرى تۈركىيەنىڭ پارچىلىنىشى ئۈچۈنمۇ ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ.

بارلىق مىسسىئونېرلارغا ئوخشاش 7-كۈن ئادۋەنتىستلىرىمۇ تۈركىيەدە قولى يېتىدىغان تۈنجى دەرەخ سۈپىتىدە خرىستىئان ئامىللارنى تاللىغان. بۇ گۇرۇپ 1958-يىلىدىن باشلاپ تۈركىيەدە ماكانلاشقان بىر چىركاۋغا ئىگە.

3.1.1.3. مەسىھ ئىشەنگۈچىلىرى

تۈركىيەدە ئۆزىنى كۆپ ھاللاردا مەسىھ ئىشەنگۈچىلىرى، بەزى ۋاقىتلاردا خوشخەۋەرچىلەر (ئىنجىلچىلار) دەپ تونۇتقان بۇ گۇرۇپ خرىستىئان دۇنياسىدا «ئەۋانجەلىك خرىستىئانلار» ئىسمى بىلەن مەشھۇردۇر. «كىتابى مۇقەددەس»نى دىندا تەك ھۆكۈم قىلغۇچى دەپ قوبۇل قىلغان بارلىق پروتەستانلار ئەۋانجەلىك (ئىنجىلچىلار) بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرلىكتە پروتەستانلار ئىچىدە بىر گۇرۇپ ئۆزىنى ئەۋانجەلىك خرىستىئانلار دەپ تونىتۋاتىدۇ. ئەۋانجەلىك خرىستىئانلار 18-ئەسىردە جوھن ۋاسلە ۋە گىئورگى ۋاتفىئەلد تەرىپىدىن ئەنگلىيەدە قۇرۇلغان. ئەۋانجەلىك خرىستىئانلار 1846- يىلىدا (Evangelical Alliance ئەۋانجەلىكال ئاللىئانس ئىسمىنى ئالغان خەلقئارالىق بىر تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلىشى ئاستىدا توپلانغان. پىرەسبىتەريان مېتودىستقا ئوخشاش مەسىھچى پروتەستان گۇرۇپلار بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا خەلقئارا ساھەدە مىسسىئونېرلىك پائالىيىتىنى قىلىۋاتىدۇ.

ئېۋانجالىكال ئاللىئانس تەشكىلاتى ئاستىدا توپلانغان بۇ گۇرۇپلار توققۇز ئاساسى پىرىنسىپتا بىرلەشكەن. بۇ توققۇز پىرىنسىپ:

1. «كىتابى مۇقەددەس» (تەۋرات ۋە ئىنجىل) ئىلاھىي ۋەھيىدۇر، دىندا تەك ھۆكۈم قىلغۇچى «كىتابى مۇقەددەس»تۇر. ئۇ خرىستىئانلار ئۈچۈن كۇپايىدۇر.
2. كىتابى مۇقەددەسنى ھەممە ئادەم ئوقۇسا بولىدۇ. ھەممە ئادەم بۇ ھەققە ئىگە.
3. ئۈچ شەخستىن بارلىققا كەلگەن تەڭرى تەكتۇر.
4. ئىنسانلىق ئەسلى (توغۇلۇشتىنلا بار بولغان) گۇناھ بىلەن كىرلەنگەن.
5. تەڭرىنىڭ ئوغلى ئىيسا ئىنسان شەكلىدە يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئۆزىنى گۇناھكارلار ئۈچۈن قۇربان قىلغان. ئۇ قۇتقۇزغۇچى، ۋاستىچى ۋە پادىشاھتۇر.
6. ئىسا مەسىھكە ئىمان گۇناھلارنىڭ يۇيۇلىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.
7. مۇقەددەس روھ گۇناھكارلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن تىرىشىدۇ.
8. روھ ئۆلمەيدۇ. ئىنسانلار بەدەن بىلەن تىرىلىدۇ، ئىنسانلارنى ئىسا مەسىھ ھېساپقا تارتىدۇ. ئۇلار ھەققىدە ئۇ ھۆكۈم بېرىدۇ.

9. خرستئان جامائىتىنىڭ تەشكىللىنىشى ئىلاھىيدۇر. تەگرى خرستئان جامائىتىنى تەشكىل قىلىپ، بىشىغا داھىلار قويغان. يەنە ئەينى شەكىلدە ۋاپتىز ۋە ئەۋخارىستىيانىڭ شەكىللىنىشىمۇ ئىلاھىيدۇر.

بارلىق ئەۋانجەلىك خرىستىئانلار بۇ پرىنسىپلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن «كىتابى مۇقەددەس» بولۇپمۇ «يېڭى ئەھدە» ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئۇلار «يېڭى ئەھدە»دە بولمىغان ھەرقانداق ئەقىدە ۋە ھۆكۈملەرنى تونىمايدۇ. كىتابى مۇقەددەسكە قىلىنغان ھەرقانداق بىر تەنقىدكە قاتتىق قارشى چىقىدۇ. كىتابى مۇقەددەسنىڭ تەگرى سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ. ئۆزلىرىدىن كىتابى مۇقەددەسكە مۇناسىۋەتلىك بىر سۇئال سورالغان ۋاقىتتا دەرھال يېنىدىكى كىتابى مۇقەددەسكە قاراپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن پەقەتلا ئىمان مۇھىمدۇر. ئىبادەت شەكىللىرىنىڭ ئارتۇق ئەھمىيىتى يوقتۇر. بۇجەھەتتە كاتولىكلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ.

ئۆزىنى ئەۋانجەلىك خرىستىئانلار دەپ ئاتىغان خرىستىئان گۇرۇپپىلار دۆلەتىمىزدە جانلىق شەكىلدە مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. خوشخەۋەر نەشرىياتى، لوتۇف نەشرىياتى، كىتابى مۇقەددەس شىركىتى قاتارلىق نەشر ئورگانلىرى ۋە ئىسمىلىرى مەخپى بولغان بىر نەچچە نەشرىيات تۇركچە كىتاپ، رىسالە نەشر قىلىپ ھەقسىز تارقىتىۋاتىدۇ. گېزىت-ژورناللاردا «كىتابى مۇقەددەس» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېلانلار بېرىۋاتىدۇ.

تۇركچە كىتاپ ۋە رىسالىلەردە كىتابى مۇقەددەسنىڭ ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىنى، قۇرئانى-كەرىم تەرىپىدىن سەھىھ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى قايتا-قايتا چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدىن بەزى ئايەتلەرنى دەلىل قىلىپمۇ كۆرسىتىۋاتىدۇ.

تۇركىيەنىڭ ھەر تەرىپىدە، كۆزدىن يىراق يەرلەردە ئۆي تۇتۇپ بۇ يەرلەردە ئىنجىل كۇرسلىرى ئېچىپ، خرىستىئانلىقتىكى سۆيگۈ ئاملى ھەققىدە نوقتىلىق توختىلىپ، ئىسا مەسىھنىڭ ئىنسانلارنى سۆيگەنلىكى ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۋاتىدۇ.

ئىسا مەسىھنىڭ بىر قۇتقۇزغۇچى تەڭرىلىقىغا ئىشەنگەنلەرنىڭ قەتئىي جەھەننەمگە بارمايدىغانلىقىنى سۆزلەۋاتىدۇ. بۇلار ھەرقانداق بىر سىياسى ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەتنى مەقسەت قىلمىغانلىقىنى، تەك مەقسىدىنىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارنى بەختلىك قىلىش ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلماقتا.

### 2.1.3. ياھوۋا شاھىتلىرى

ياھوۋا شاھىتلىرى يەھۇدىلىك ۋە خرىستىئانلىقنىڭ ئارلاشمىسىدىن شەكىللەنگەن بىر دىنىي ھەرىكەت بولۇپ، 19-ئەسىردە بارلىققا كەلگەن مەسىھچى ۋە مىسسىئونېر خاراكتېرلىق بىر دىنىي ھەرىكەتتۇر.

ياھوۋا شاھىتلىرىنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى چارلىس تازە راسسىل (1852 -1916)دۇر. چارلىس تازە راسسىل 1852-يىلى 16-فېۋرالدا ئامېرىكىنىڭ پېنسىلۋانىيە شىتاتىغا قارايدىغان پىتتىسبۇرە شەھرىدە تۇغۇلغان. راسسىل دىندار بىر ئائىلە مۇھىتىدا چوڭ بولغان. راسسىل 23 يېشىدا پەلسەپىسىنى ھەزرىتى ئىسانىڭ قايتا كېلىش ئەقىدىسى ئۈستىگە بىنا قىلغان ئادۋەنتىست خرىستىئان چىركاۋ گۇرۇپپىسى بىلەن تونۇشقان. ئۇ بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئىسانىڭ تەكرار كېلىپ دۇنيانى باشقۇرىدىغان پىكرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بۇ ۋەقەنىڭ يېقىندا يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، «يېڭى ئەھدە»دە ئېيتىلغان ئارماگەدون ئۇرۇشى 1914- يىلى پارتلاپ، قىيامەت قايىم بولىدۇ.

1914-يىلىدا راسسىلنىڭ بىشارەتلىرى ئەمەلگە ئاشمىغاندا بۇ قېتىم ئۇ كۆرسەتكەن ۋاقىتنىڭ قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ باشلانغۇچ يىلى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ جامائەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

1916–يىلىدا راسسىلنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا جامائەتنىڭ ئادۋۇكاتى ج. فى. راتھېرفورد چىققان. راتھېرفورد ئۇ ۋاقىتقىچە «راسسىلىستلار» دەپ ئاتالغان جامائەتنىڭ ئىسمىنى «ياھوۋا شاھىتلىرى» دەپ ئۆزگەرتكەن. ئۇ ئۆيمۇ-ئۆي بېرىپ مىسسىئونېرلىك قىلىش ئادىتىنى باشلاتقان. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئامېرىكىدىن كېيىن گېرمانىيە ياھوۋا شاھىتلىرىنىڭ مەركىزى بولغان. نەتىجىدە ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي ئۆلگەن. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ياھوۋا شاھىتلىرى كۈندىن كۈنگە كۈچلەنگەن.

ياھوۋا شاھىتلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن داھىلار ئارمەگەدون ئۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل تارىخلارنى كۆرسەتكەن. بۇ تارىخلار ئىچىدە 1975- يىلى مۇھىمدۇر. 1960-يىلى ھەرىكەتنىڭ نەشىر ئورگانلىرىدا ئارمەگەدون ئۇرۇشىنىڭ 1975-يىلى يانۋاردا پارتلايدىغانلىقى ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسەن قىيامەتنى كۈتىۋاتقان ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىشىدىن ئايرىلىپ، مال-مۈلكىنى سېتىپ، پۇلىنى جامائەتنىڭ نەشىر ئورگانى بولغان تاراسۇت راۋۇقىغا ئىئانە قىلغان. 1975-يىلىنىڭ كېلىشى بىلەن قىيامەتنىڭ قوپماسلىقى ياھوۋا شاھىتلىرىنى قاتتىق ئۈمىتسىزلەندۈرگەن. ھەرىكەتنىڭ 4-رەئىسى فرەدىرىك فرانس، بۇنىڭدىن ۋاقىت بېكىتىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى، ياھوۋا شاھىتلىرى ۋە ئارمەگەدون ئۇرۇشىنىڭ قاچان يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلىماي، ياھوۋا شاھىتلىرىغا خىزمەت قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ياھوۋا شاھىتلىرى جەننەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئەمما جەھەننەمنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئورنىغا ئەبەدى ئۆلۈم جازاسىغا ئىشىنىدۇ. كىتابى مۇقەددەستە 30 دىن كۆپ جەھەننەم كەلىمىسى بولىشىغا قارىماي، جەھەننەمنىڭ خاتا چۈشىنىشتىن كېلىپ چىققان بىر ئەقىدە ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. روھنىڭ ئۆلۈم بىلەن بىرلىكتە يوق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قىيامەتتىن كېيىن 144 مىڭ كىشى ياھوۋا شاھىتلىرى ئارىسىدىن تاللىنىپ، ئاسماندىكى جەننەتكە ئېلىپ چىقىلىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ بېشىدا ھەزرىتى ئىسا بولۇپ دۇنيانى باشقۇرىدۇ. بۇ دۇنيا تەڭرى ياھوۋانىڭ ئىنسانلارغا مىڭ يىللىق ئىككىنچى قېتىملىق سىناق پۇرستى بەرگەن دۇنيا بولىدۇ. مىڭ يىل ئىچىدە ئەركىن ئىرادىسى بىلەن ياھوۋاغا قۇللۇق قىلغانلار قۇتۇلىدۇ. باشقا ئىنسانلار ئەبەدى ئۆلۈم بىلەن جازالاندۇرىلىدۇ. بۇ ئىككىنچى ھايات دەۋرىدە مۇۋەپپىقىيەت قازانغان ئىنسانلارنىڭ جەننىتى دۇنيا بولىدۇ. باشقا بىر ئىپادە بىلەن دۇنيا جەننەتكە ئايلىنىدۇ.

ياھوۋا شاھىتلىرى قان ۋە ئورگان ئالماشتۇرۇشقا قارشى چىقىپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ تەڭرىگە قارشى قىلىنغان بىر گۇناھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ياھوۋا شاھىتلىرى ئۇرۇشقا ۋە ھەرتۈرلۈك ئىدىئولوگىيەگە قارشى تۇرىدۇ. بۇ سەۋەپتىن قورال ئىشلىتىشنى ۋە ئەسكەرگە بېرىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مىللى مارش ئېيتىش ۋە بايراققا سالام بېرىش ياھوۋا پادىشاھلىقىغا قارشى قىلىنغان بىر گۇناھتۇر.

ياھوۋا شاھىتلىرى سىستېمىلىق ۋە مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە مىسسىئونېرلىق پائالىيەتلىرى بىلەن مەشھۇردۇر. ياھوۋا شاھىتلىرى مىسسىئونېر مەكتەپلىرىدە يېتىشتۈرلىدۇ، بىر كۈننىڭ خالىغان ۋاقتىدا ئۆيمۇ-ئۆي بېرىپ چۈشەنچىلىرىنى تارقىتىشقا تىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى گۇرۇپ باشلىقلىرى تەرىپىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن پىلانلىنىپ، قايسى مىسسىئونېرنىڭ قاچان، قانچە سائەت ئىشلەيدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

ياھوۋا شاھىتلىرىنىڭ تۈركىيەدىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

ياھوۋا شاھىتلىرىنىڭ تۈركىيەگە قارىتا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەرىكەتنىڭ نەشىر ئورگىنى بولغان تاراسىۋت ژۇرنىلىنىڭ دوكلاتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، تۇنجى قېتىم 1909-يىلى باشلانغان. بۇ دەۋردە ئىزمىردا تاراسىۋت ژۇرنىلىدا ئوقۇيدىغان بىر گۇرۇپ شەكىللەنگەن. بۇنىڭ بىلەن تۈركىيە ياھوۋا شاھىتلىرىنىڭ پائالىيەت ساھەسىگە كىرگەن. تۈركىيە مۇسۇلمان سالاھىيەتتىكى بىر دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن ياھوۋا شاھىتلىرىنىڭ تۈركىيەدىكى تەرەققىياتى خرىستىئان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاستا بولغان.

www.islamyoli.net

ياھوۋا شاھىتلىرى دەسلەپتە ئەرمەنى ۋە رۇم نەسىللىك تۈركىيە پۇخرالىرى ئارىسىغا تارقالغان. كېيىنچە مۇسۇلمان تۈرك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان تۈنجى مۇئسىنى 1959-يىلىدا ئوفىتسېر بىر دادىنىڭ ئوغلى بولغان مەتە سۇئەر بىلەن بەرگەن. 1959- يىلىدا ياھوۋا شاھىتلىرى بىلەن تونۇشقان مەتە سۇئەر 1963- يىلىدا ۋاپتىز بولغان.

ياھوۋا شاھىتلىرىنىڭ 1997- يىلىغا ئائىت دوكلاتىدا ئىزمىر 1-ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىزمىردا تۆت پادىشاھلىق زالى (مابەد) باردۇر. ئىزمىردىن كېيىن ئىستانبۇل، ئەنقەرە، مەرسىن قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ بۇ خىل زاللىرى بار.

### 3.1.3. باھائىلار

باھائىلار ئىسلامدىكى شىئە مەزھىبىدىكى شەيخىلىك تەرىقىتىدىن كېلىپ چىققان ئارىلاشما (شالغۇت) دىنىي ھەرىكەت بولغان باھائىلىققا مەنسۇپتۇر.

باھائىلىكنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مىرزا ئەلى مۇھەممەت بىلەن باشلانغان. شەيخىلىك تەرىقىتىگە مەنسۇپ بولغان مىرزا مۇھەممەت، ئۆزىنىڭ شىئەلەر كۈتۈۋاتقان مەھدىگە ئېچىلىدىغان باب (ئىشىك) ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ سەۋەپتىن ئۇ قوزغان ھەرىكەتكە «بابىلىك» ئىسمى بېرىلگەن. كېيىن ئۆزىنىڭ مەھدى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، «ئەل بايان» ئىسمىدا بىر كىتاپ يازغان. بۇ كىتاپ بىلەن قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلغان. مىرزا ئەلى مۇھەممەت 1850-يىلىدا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆتكەن مىرزا ھۈسەيىن ئەلى (1817-1892) بۇ ھەرىكەتنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرغان. ئۇ مىرزا مۇھەممەت كېلىشىنى ۋەدە قىلغان شەخسىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، بابىلارنى ئۆز ئەتراپىدا توپلىنىشقا چاقىرغان. كېيىن «باھائۇللاھ» دەپ ئاتالغان مىرزا ئەلى ھۈسەيىن بىلەن بۇ ھەرىكەت باھائىلىك ئىسمىنى ئالغان. ئوسمانلى پادىشاھى سۇلتان ئابدۇلئەزىزنىڭ پەرمانى بىلەن مىرزا ھۈسەيىن ئەلى ئاققاغا سۈرگۈن قىلىنغان. مىرزا مۇھەممەت ئەلى ئورنىغا چوڭ ئوغلى ئابباس ئەپەندىنى قويۇپ 1892- يىلىدا ئۆلگەن.

ئابدۇلبابا لەقىمى بىلەن مەشھۇر بولغان ئاببىاس ئەپەندى باھائىلىكنىڭ قىسقا ۋاقىتتا مىسىر، ياۋرۇپا ۋە ئامېرىكىغا تارقىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

1921- يىلى 21-نويابىردا ھايپادا ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئورنىنى بۇيۇك نەۋرىسى شەۋكى ئەپەندىگە بەرگەن.

شەۋكى ئەپەندى 1897-يىلىدا ئاققادا توغۇلغان. بەيرۇت ۋە ئەنگلىيەدە ئوكسفورد ئونۋېرسىتېتىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1937-يىلىدا ئامېرىكىلىق باھائى بىر ئائىلىنىڭ قىزى

www.islamyoli.net

بىلەن ئۆيلەنگەن. 1957-يىلدىكى ئۆلۈمىگىچە بولغان ئارىلىقتا باھائىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرىشقان.

ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىر ۋارىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن باھائىلىك ئىسرائىلىيىنىڭ ھايپا شەھرىدە قورۇلغان «ئومۇمى ئادالەت ئۆيى» تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشقا باشلىغان. پۈتۈن دۇنيادا «ماھپىل» دەپ ئاتىلىدىغان جەمىيەتلەردە تەشكىلاتلانغان. ماھپىللەر مەركىزى ماھپىللەر ۋە مەھەللىۋى ماھپىللەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

باھائىلىك مۇستەقىل بىر دىنىي قارشى بارلىقىنى سۆزلەيدۇ. باھائىلىكتە يەھۇدىلىك، خرىستىئانلىق ۋە ئىسلامدىن تاللاپ تەشكىل قىلىنغان بىر قىسىم ئېتىقادى ۋە ئەسلى ئامىللار باردۇر. باھائىلارنىڭ قارشىچە ئاللاھقا، كىتاپلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، باپقا ۋە باھائۇللاغا ئىشىنىش ئىمان ئاساسلىرىدىن بىرسىدۇر. باھائىلىكتە ئاخىرەتكە ئىشىنىش يوقتۇر. 15 يېشىنى تاماملىغان ھەر ئادەم 70 يېشىغىچە باھائىلىكنىڭ دىنىي ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇلدۇر. بۇ دىنىي ھۆكۈملەر ناماز، روزا، ھەج، زاكات ۋە مۇقەددەس ئىبارىلەرنىڭ ئوقۇلىشىدۇر. باھائىلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى باھائۇللاھ يازغان «كىتابى ئاقدەستۇر».

بۇ دىنىي ھۆكۈملەر بىلەن بىرگە باھائىلىكنىڭ بىر قىسىم ئاساسى پرىنسىپلىرىمۇ باردۇر. بۇ پرىنسىپلار ئىنسانلارنىڭ بىرلىكى، بارلىق دىنلارنىڭ بىرلىكى، تىل ۋە نەشرىيات بىرلىكى، ئەر-ئايال باراۋەرلىكى، ھەر تۈرلۈك مۇتەئەسسىپلىكنىڭ قالدۇرۇلىشى، دىن بىلەن ئىلىم ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنىڭ ساقلىنىشى، مەجبۇرى ئومۇمى مائارىپ ۋە دۇنيا تىنچلىقىدىن ئىبارەت.

باھائىلىك 2-دۇنيا ئورۇشىدىن كېيىن دۇنياغا تېزلىكتە تارقالغان. كۈنىمىزدە دۇنيادا بەش مىليۇن ئەگەشكۈچىسى باردۇر. باھائىلار دۇنيادىكى پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش تۈركىيەدىمۇ مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا مەلۇم بولۇشىچە، ئىستانبۇلدا بىر مەركىزى ماھپىل بىلەن بىرگە 48 ۋىلايەتتە بىردىن ماھپىلى باردۇر. بۇ ماھپىللەرگە باغلىق 5.500 ئەتراپىدا باھائىنىڭ بارلىقى مەلۇمدۇر. ئەڭ كۆپ جايلاشقان ۋىلايەت بولسا سىۋاستۇر. 1990-يىلى سىۋاستا 580 نەپەر باھائىنىڭ مەۋجۇتلىقى ئېنىقلانغان.

باھائىلىك رەسمىي ئورگانلار تەرىپىدىن بىر دىن دەپ تەستىقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما تۈركىيەدىكى پائالىيەتلىرىنى ئەركىن ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. باھائىلار دىنلارنىڭ ئىتتىپاقى، ئالەمشۇمۇل قېرىنداشلىق، ئەر- ئايال باراۋەرلىكى، باھائىلىك بىلىم تەڭپۇڭلىقى، ئورۇش-جېدەلگە بولغان قارشىلىقى قاتارلىق شۇئارلىرى بىلەن تەشۋىقاتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارشىچە، باھائىلىك تۈركىيەنىڭ شەرىئەت بىلەن ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىر بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن ئىلمانى تۈزۈمىگە ئەڭ ئۇيغۇن بىر دىن ئىمىش.

www.islamyoli.net

باھائىلار دىنىي تەشۋىقاتلىرىدا ئىسلامدىنمۇ پايدىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىسلام باھائىلىك ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ھەق دىن ئىدى. باھائىلىك ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەن بىكار قىلىنغان. باھائۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكى قۇرئانى-كەرىمدە ئاللاھ تەرىپىدىن بىلدۈرۈلگەن.

### 3.1.4. باشقا دىنىي گۇرۇپپىلار

مورمۇنلار: جوسەپ سمىت تەرىپىدىن 1830–يىلىدا ئامېرىكىدا قۇرۇلغان خرىستىئان مەنبەلىك بىر دىنىي ھەرىكەتتۇر. مورمۇنلار ئۆزىنى «ئاخىرقى كۈن ئەۋلىيالىرى» دەپ ئاتايدۇ.

جوسەپ سمىت 1830 –يىلىدا «مورمۇن كىتابى» ناملىق بىر كىتاب نەشىر قىلدۇرغان. بۇ كىتاب مورمۇن ئىسمىدا بىر پەيغەمبەر تەرىپىدىن يېزىلىپ يەرگە كۆمۈلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مورونى تەرىپىدىن ئۆزىگە ئورنىنىڭ بىلدۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتقان. كېيىن ۋاپىتىزچى يەھيا تەرىپىدىن يېڭى بىر چىركاۋ قۇرۇشقا بۇيرۇلغان.

سمىت قىسقا ۋاقىتتا كۆپلەپ تەرەپدار توپلاپ، 1844-يىلى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگەن بىرىگھام يوڭ خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن جامائەتنى ئوتاھ رايونىغا يۆتكىگەن. كېيىن سالت لايك شەھرى مورمۇنلارنىڭ مەركىزى بولغان.

مورمۇنلار ئەقىدىسى ۋە پائالىيەتلىرى بىلەن باشقا خرىستىئان گۇرۇپپىلىرىدىن پەرقلىقتۇر. مورمۇنلار «تەسلىس» ۋە «كىتابى مۇقەددەس»كە ئىشىنىش بىلەن بىرلىكتە مورمۇن كىتاۋىنىڭ ئىمتىيازىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھەزرىتى ئىسانىڭ تەكرار كېلىدىغان يېرى ئامېرىكىدۇر. ۋەھيى كىتاۋىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان قۇددۇس ئامېرىكىدا قۇرۇلىدۇ. نىجاتلىقنىڭ تەك يولى مورمۇن بولۇشتۇر. مورمۇن ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلمىغانلار قۇتۇلالمايدۇ. ھەر مورمۇن مۇتلەق بىر مىسسىئونېر بولۇشى كېرەك. 18 ياشقا كىرگەن ياشلار ئەڭ ئاز ئىككى يىل دېڭىز سىرتىدىكى دۆلەتلەرگە مىسسىئونېرلىك قىلىشقا بارىدۇ. ئۇلارنىڭ تەرتىپلىك بىر ھاياتى بار. مورمۇنلار. چاي، قەھۋە، تاماكا ۋە مەس قىلغۇچى نەرسىلەر ئىچمەيدۇ. ئائىلە ۋە كوللىكتىپ ھاياتىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

مورمۇنلار تۈركىيەدىمۇ پائالىيەت قىلىۋاتىدۇ. مورمۇن كىتاۋىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنى ھەقسىز تارقىتىۋاتىدۇ.

مۇنجۇلار: مۇنجۇلۇق 1954-يىلىدا كورىيەلىك سۇن مىيۇڭ مۇن تەرىپىدىن قۇرۇلغان مىسسىئونېر خاراكتېرلىق يېڭى بىر دىنىي ھەرىكەتتۇر. خرىستىئانلىقنىڭ پىرەسبىتەريان

www.islamyoli.net

چىركاۋغا مەنسۇپ بولغان مۇن 1936-يىلىدا يەر يۈزىدە تەڭرى پادىشاھلىقىنى قۇرۇشقا ۋەزىپىلەندۈرۈلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بۇ خىل پىكرى پىرەسبىتەريان چىركاۋى تەرىپىدىن بوزۇلغان دەپ تەنقىد قىلىنىپ، چىركاۋدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان. مۇن كېيىنكى ۋاقىتلاردا تەڭرىدىن ۋەھيى كەلگەنلىكىنى، مۇسا ۋە بۇددادا ئوخشاش دىنىي داھىلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى سۆزلەشكە باشلىغان. بۇلارنىڭ ئاخىرىدا مۇنجۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى «ئىلاھىي پىرىنسىپ» ئوتتۇرىغا چىققان.

بارلىق دىنىي ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش مۇنجۇلۇقمۇ يىراق شەرق ۋە غەرپتە تەرەپدار توپلىغان. قىسقا ۋاقىتتا چوڭىيىپ تەرەققى قىلغان. مۇنجۇلۇق بارلىق دىنلارنى بىرلەشتۈرۈش پىكرى بىلەن «بىرلەشكەن چىركاۋ» ئىسمىنى ئالغان. مالىيە مەنبەسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شىركەتلىشىپ، بىر نەچچە ساھەگە قول تىققان.

مۇنجۇلارنىڭ ئەڭ دىققەت تارتىدىغان پائالىيەتلىرىدىن بىرسى كوللىكتىپ ئۆيلەندۈرۈش مۇراسىملىرىدۇر. ھەر يىلى ئۆتكۈزىلىدىغان مۇقەددەس ئۆيلىنىش مۇراسىملىرىدا 100 جۈپ قىز- يىگىتنى ئۆيلەندۈرىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ھېكمىتى پاكىز بىر ئىنسان نەسلىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتۇر.

مۇنجۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسان نەسلى ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ قىلغان ئەسلى گۇناھى بىلەن كىرلەنگەن. ئىسا ئىنسانلىقنى بۇ گۇناھدىن قۇتقۇزۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئۆيلۈنۈپ بىر ئائىلە ھاياتى قۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. مۇنچىلار پاكىز بىر ئىنسان نەسلى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇلار تەرتىپلىك ئائىلە ھاياتىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. غەيرى مۇناسىۋەتلەردە بولمايدۇ. تاماكا ۋە مەس قىلغۇچى نەرسىلەردىن يىراق تۇرىدۇ.

مۇنجۇلارنىڭ دىققەت تارتىدىغان يەنە بىر پائالىيىتى ھەر يىلى ھەرخىل دۆلەتلەردە ياشلار لاگېر پائالىيىتى ئويۇشتۇرىشىدۇر. مۇنجۇلار ھەرخىل دىنلاردىكى ياشلارنى بۇ لاگېرغا چاقىرىدۇ. تۈركىيەدىن بۇ لاگېرغا چاقىرتىلىپ قاتناشقانلارمۇ باردۇر. بۇ لاگېرنى ئورۇنلاشتۇرغانلارنىڭ مەقسىدى دىنلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلەشكەن چىركاۋ ئاستىدا توپلاشتۇر. ئەمما بۇ مەقسىتىنى ئوچۇق سۆزلىمەيدۇ.

مۇنجۇلار دۇنيادا سانى كۆپ بولماسلىق بىلەن بىرلىكتە تۈركىيەگىمۇ مىسسىئونېرلار ئەۋەتكەن. 1991-يىلى ئىستانبۇلدا «دۇنيا دىنلىرى كېڭىشى» نامى ئاستىدا بىر يىغىن ئاچقان.

(تۈگىدى)